
ISSN 1002-9044





1995 11

ISSN 1002-9044
1 1>
9 771002 904009

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

شائىر تۆمۈر داۋامەت
تۇرمۇش قايىنىمىدا




قاناس ئىلھامى



دېھقانلار شادلىقى ـ شائىر شادلىقى



قەلەمداشلار بىلەن ئۇچرىشىش



يايلاق غۇنچىلىرى ئارىسىدا

# تارىم

## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

## 45-يىل نەشرى

# 11

# 1995


باش مۇھەررىر

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.**

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


تومۇر داۋامەت ........... ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر (زىيارەت خاتىرىسى) ........................ 4

پەرھات ئىلياس ......... خىزىر تىككەن سىدە (پوۋېست) .................. 30

ھەبىبە يارمۇھەممەت ........ چوغلۇق (پوۋېست) .................. 67

ماخمۇت مۇھەممەت ........ ئىككى ھېكايە .................. 116


## شېئىرلار


ئوسمانجان ساۋۇت .......... ئويىنار يۈرەك تىنماستىن بىردەم .................. 61

ئابلىكىم خېۋىر ........... مېنىڭ يۇلتۇزۇم .................. 64

مەسۇم باسىت ............ ئىككى شېئىر .................. 66

تۇرسۇنئاي ھۈسەين ....... شېئىرلار .................. 122

ئەخمەت ۋاھىدى.......... ئاي باللادىسى (باللادا) .................. 124

تەلئەت قادىرى .......... بولسام ئاقلىق، پاكلىق ماكانى .................. 132


## ماقالىلەر


چېن خۇڭبو ........... ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرەيلى .................. 133

مەمتىمىن يۈسۈپ ......... فاشىزمغا قارشى جۇڭگو ئەدەبىياتى ھەم دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ شانلىق ئۇتۇقلىرى ۋە تارىخىي تەسىرى .................. 138

**ئۈمىد چېچەكلىرى**


ئادىل تۇنىياز ............ شېئىرلار..................... 146
ئىبراھىم نىياز .......... ھىجران غەزەللىرى..................... 148
مۇھەممەتجان سەيدۇللا ...... قەلب كىزنالىرى..................... 149
مۇساجان يۇنۇس .......... غەزەللەر..................... 150

**مۇھاكىمە ۋە تەقرىز**

كېرىمجان ئابدۇرېھىم ....... بىر سىۈژېت شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزچىللىقى توغرىسىدا..................... 152

**ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار**

قايغۇلۇق خەۋەر..................... 160


* * *

رەسسام ۋە خەتتات: **مەھەممەت ئايۇپ**

مەسئۇل كورركتور: **قېيۇم تۇرسۇن**

تۆمۈر داۋامەت

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر

## بىرىنچى بېكەت ـ قىرغىزىستاندىكى زىيارەت

16 ـ ئىيۇل سائەت توققۇزدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆمىكىمىز جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ش ئو 967 نۆۋەتچى ئايروپىلانىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن ئالمۇتاغا قاراپ ئۇچۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە بولغان دوستانە زىيارەتنى باشلىدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىزبانوۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ماشىنا بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بىشكەككە قاراپ ئاتلاندۇق.

ياز ئايلىرىنىڭ ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى. بىز چۈشكەن ماشىنىلار تۈپتۈز كەتكەن تاشيولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يول بويى ئېگىز ـ پەس كەتكەن ئېدىرلار، بىپايان يايلاقلار، تۈتاش ئۆسكەن بۇغدايلىقلار، شۇنداقلا ئورمانلار، رەتلىك سېلىنغان دېھقان ئۆيلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇردى.

ئۈچ سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، چۈش مەھەللىدە قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان چېگرىداش يەرگە يېتىپ كەلدۇق. قوشنا دۆلەت زېمىنىگە قەدەم تاشلىشىمىز بىلەنلا ساھىبخانىلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق كىشىلەر قازاقىستان ـ قىرغىزىستان چېگرىسىغا ئاتايتەن كېلىپ بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. رەڭدار مىللىي كىيىم كىيگەن قىرغىز قىزلىرى جۇڭگولۇق ئەزىز مېھمانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى، مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە نان ۋە تۇز تۇتتى.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ـ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېقىندىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت. 1990 ـ يىل 15 ـ دېكابىر مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي سوۋېتى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت خىتابنامىسى جاكارلىغان، شۇنداقلا دۆلەت نامىنى ئۆزگەرتكەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «19 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى»دىن كېيىن، قىرغىزىستان 31 ـ ئاۋغۇست مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ماقۇللاپ، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مۇستەقىل دېموكراتىك دۆلەت بولغانلىقىنى جاكارلىغان.

قىرغىزىستان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي - شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستانلارنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. شەرق ۋە شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئورتاق چېگرا 1000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

قىرغىزىستان - تاغلىق دۆلەت. ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى تەڭرىتاغ ۋە ئالاي قاتارلىق تاغلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشالغان، ھەممىلا يېردە قارلىق تاغلار ۋە مۇزلۇق چوققىلار بار. ئەڭ ئېگىز چوققا دېڭىز يۈزىدىن 7439 مېتىر ئېگىز كېلىدىغان غالىبىيەت چوققىسى بولۇپ، تاغلار ئىچىدە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قىرغىزىستاننىڭ دەريا ۋە كۆللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نارىن دەرياسى ئەڭ ئۇزۇن دەرياسى، ئىسسىق كۆل ئەڭ چوڭ كۆلى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋارايى ھەر خىل بولۇپ، كۆپ قىسىم رايوننىڭ ھاۋارايى روشەن قۇرۇقلۇق ھاۋارايىغا كىرىدىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقى، بولۇپمۇ كان بايلىقى خېلى مول. ئاساسلىق كان مەھسۇلاتلىرىدىن سىماب، سۈرمە، قوغۇشۇن، سىنك، قەلەي، مىس، ماگنىي، مانگان قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سىماب ۋە سۈرمىنىڭ زاپىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانىكەن. يېقىلغۇ ئەشيالىرىدىن كۆمۈر، مايلىق سىلانىتېس، تورف، تەبىئىي گاز ۋە نېفىت بولۇپ، كۆمۈر زاپىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. غەيرىي مېتال كانلىرىدىن ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، كالىيلىق دالا شىپاتى، گەج جۈملىدىن كان تۇزى، تالك قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇندىن باشقا، قىرغىزىستان يەنە مول سۇ مەنبەسى ۋە خىلمۇ خىل ھايۋانات، ئۆسۈملۈك مەنبەلىرىگە ئىگە ئىكەن.

قىرغىزىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسى ئاز دۆلەت بولۇپ، 1990 - يىلنىڭ بېشىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 372 مىڭغا يەتكەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي مىللىتى بولغان قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 290 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ % 52.4نى، رۇسلار 940 مىڭ بولۇپ، % 21.5نى، ئۆزبېكلەر 560 مىڭ بولۇپ، % 12.9نى ئىگىلەيدىكەن. بۇندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇرلار، ئۇكرائىنلار، نېمىسلار، تاتارلار، قازاقلار، تۇڭگانلار، تاجىكلار بار ئىكەن.

قىرغىزلار قەدىمكى مىللەت. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «جيەنكۇن»دەپ ئاتالغان قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنلا يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شۇ يەرلەر قىرغىزلار شەكىللەنگەن ماكان ئىدى. ھازىرقى قىرغىزىستان زېمىنىدىمۇ كېيىنچە ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ رايون 9 - ئەسىردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، قارا خانىيلار دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولغان. 13 - ئەسىردىن كېيىن، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى بۇ جايلارنى بويسۇندۇرغان. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەر موغۇل خانلىقىنىڭ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا، 17 - ئەسىردە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. 18 - ئەسىردە جۇڭغارلار بىلەن روسىيە زور تۈركۈمدىكى قىرغىزلارنى يېنسەي ۋادىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەڭرىتاغ رايونىغا ۋە چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىسىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەن. تارىختا بۇ كەڭ رايونلار ئۇزۇن مۇددەت يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدا، كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى تەۋەلىكىدە

بولغان. 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەڭرىتاغ رايونىنى بېسىپ ئالغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوۋېت ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلغان. 1924 - يىلى ئۆكتەبىردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك چېگرا يولغا قويۇلۇپ، قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغان، 1925 - يىلى ئۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1926 - يىلى فېۋرالدا ئاپتونوم ئوبلاست قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسىغا، 1936 - يىل 5 - دېكابىردە ئاپتونوم رېسپۇبلىكىدىن ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىغا ئۆستۈرۈلۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغان.

قىرغىزىستان - ئېلىمىزنىڭ دوست قوشنىسى. ئىككى دۆلەتنىڭ تاغ - دەريالىرى بىر - بىرىگە تۇتاش. قەدىمكى يىپەك يولى ئاللىبۇرۇنلا بىزنى بىر - بىرىمىزگە باغلىۋەتكەن. ئېلىمىزدىكى قىرغىزلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىزلار ئەسلىدە بىر مىللەت بولۇپ، تارىختا زىچ ئېتنىك مۇناسىۋىتى بولغان. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەر بىلەن قىرغىزىستاندىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى، دىنى، ئۆرپ - ئادىتى يېقىن بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت دوستانە بىللە تۇرۇش، قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىش جەريانىدا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاقە ئورناتقان. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىن، قىرغىزىستان خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى يېڭىمۇ راۋاجلانغان.

قىرغىزىستان مۇستەقىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىشكەككە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە 1992 - يىلى 5 - يانۋاردا باش ئەلچى دەرىجىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قارار قىلغان. شۇ يىلى مايدا قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئا. ئاقايېۋ ۋە زۇڭلىسى ت. چىڭگىشېۋ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى، جۇڭگو ۋە قىرغىزىستان رەھبەرلىرى تۇنجى قېتىم ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشمە ئاخبارات ئىمزالاپ، بىر - بىرىنى دوست دۆلەت ھېسابلاش، بىر - بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچ بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ ئاساسىدا مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغانلىقلىرىنى، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىشنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى، بولۇپمۇ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، ترانسپورت، مائارىپ، سەھىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، ساياھەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى بىلەن زۇڭلىسى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدىلا، ئىككى دۆلەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاننى تاۋار بىلەن تەمىنلەشتە ھۆكۈمەتتىن پۇل قەرز بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆزئارا قوغداش كېلىشىمى، جۇڭگو دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە قىرغىزىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ 1992 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە بولغان مائارىپ ھەمكارلىقى كېلىشىمى، ئىككى دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سەھىيە، مېدىتسىنا

ئىلمىي بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى، جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىلەن قىرغىزىستان دۆلەت تېلېۋىزىيە - رادىئو شىركىتىنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى توغرىسىدىكى سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى ۋە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت ھەمكارلىقى كېلىشىمى قاتارلىق سەككىز ھۆججەتنى ئىمزالىدى. بۇ ھۆججەتلەر ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو - قىرغىزىستان مۇناسىۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. جۇڭگو قىرغىزىستان خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

1993 - يىلى مايدا م. شېرىمقۇلوۋ باشچىلىقىدىكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ، ئىككى دۆلەت پارلامېنتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە تۆھپە قوشتى.

بۇ قېتىم جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قىرغىزىستاندا جاۋابەن زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، جۈملىدىن ھەر ساھەدىكى دوستلار بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش، بېشكەك، ئوش ئوبلاستى، ئىسسىق كۆل ئوبلاستىنى ئېكسكۇرسىيە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت پارلامېنتىنىڭ دوستانە - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## جۇمھۇرىيەت پايتەختى بېشكەك

1993 - يىلى 17 - ئىيۇل شۇ يەر ۋاقتى سائەت 13تە بىز قىرغىزىستان پايتەختى بېشكەك شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، دۆلەت مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

بېشكەك شەھىرى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

بېشكەك شەھىرى قىرغىزىستاننىڭ شىمالىدىكى ئالاتاۋ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چۇ دەرياسى ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، شەھەر كۆلىمى 130 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن 700 - 900 مېتىر ئېگىز ئىكەن. شەھەر ئەتراپىدا 1200 كۋادرات كېلومېتىردىن ئارتۇق ئورمانلىق بار، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىش كۆلىمى 4000 گېكتاردىن ئاشىدىكەن.

بېشكەك شەھىرىدە 80 نەچچە مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 630 مىڭ ئاھالە ياشايدىكەن، ئاساسلىقى قىرغىزلار ۋە رۇسلار بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، ئوكرائىن، تاتار، ئۆزبېك ۋە تۇڭگانلار بار ئىكەن.

بېشكەك 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن. 1870 - يىلى شېمىلچ ئۆلكىسىنىڭ توقماق ناھىيىسىگە قاراشلىق بېشكەك دېگەن كەنت بولغانىكەن. 1878 - يىلى ئۇ توقماق ناھىيىسىنىڭ ئورنىغا ناھىيە شەھىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1918- يىلى 2- ئايدا بېشكەك شەھىرىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپتۇ. 1924 - يىلى 14 - ئۆكتەبىردە قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا،

بۇ شەھەر ئوبلاست مەركىزى قىلىنىپتۇ. 1926 - يىلى 1 - فېۋرالدا قىرغىزىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قىلىنىپتۇ. شۇ يىلى 12 - مايدا شۇ يەردە تۇغۇلغان سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى م. ۋ. فرۇنزېنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شەھەرنىڭ ئىسمى فرۇنزېغا ئۆزگەرتىلىپتۇ. 1936 - يىلى 5 - دېكابىردا فرۇنزې شەھىرى قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولۇپتۇ. 1991 - يىلى 5 - فېۋرالدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى فرۇنزې شەھىرىنىڭ تارىخىي نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىپتۇ.

ئۆكتەبر ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىن، بىشكەك شەھىرىنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپتۇ. بىر قانچە بەش يىللىق پىلان قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىق، بىشكەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم بىر سانائەت شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كۆپى بۇ يەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بەزى سانائەت تارماقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ماشىنىسازلىق، ماشىنا ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەسۋاب ياساشلار يېتەكچى سانائەت ئورۇنلىرى ھېسابلىنىدىكەن. بۇنىدىن باشقا، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەك - ئىچمەك سانائىتىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىكەن. چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن ئاپتوموبىل قوراشتۇرۇش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساش زاۋۇتى، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، باسما بىرلەشمە كارخانىسى، يۇڭ رەخت بىرلەشمە زاۋۇتى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇش بولۇپ، بەزى مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگىمۇ سېتىلىدىكەن.

بىشكەك جۇمھۇرىيەتنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىكەن. تۆمۈريولى موسكۋا، تاشكەنت، چىمكەنت، بېلىقچى قاتارلىق شەھەرلەرگىچە بارىدىكەن. تاشيوللىرى ھەرقايسى ئوبلاست ۋە رايونلارنىڭ مەركەزلىرىگىچە قاتنايدىكەن. بىشكەك ئايروپورتى موسكۋا، سان پېتربۇرگ، كىيېۋ، تاشكەنت، ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدىكەن. شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ئاپتوبۇس ۋە تىراللېبۇس ئىكەن، كىرا ماشىنىلىرى ۋە خۇسۇسىي ماشىنىلارمۇ كۆپ ئىكەن.

بىشكەكنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىلىم - پەن، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانىكەن. جۇمھۇرىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپى مۇشۇ شەھەردىكەن. شەھەردە كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت سارىيى، كۇلۇب، تىياتىرخانا، كىنوخانا ۋە تەنتەربىيە سارىيى، تەنتەربىيە مەيدانى، سۇ ئۈزۈش كۆلى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئورۇنلىرى، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە دوختۇرخانا، ئامبولاتورىيە ۋە ساناتورىيىلەر بار بولۇپ، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى ھەم خادىملىرى جۇمھۇرىيەت بويىچە ياخشى ئىكەن.

بىشكەك شەھىرىدە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، بىنالار ۋە ياتاق رايونلىرى پىلانلىق، تەكشى سېلىنىپتۇ، كەڭرى مەيدانلىرىدا گۈللۈك ھەم چىملىق بار ئىكەن، كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بولۇپ، پۈتكۈل شەھەر تولىمۇ بەلەن كۆكەرتىلىپتۇ.

بىز چۈشكەن دۆلەت مېھمانخانىسى باراقسان دەرەخلەر ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، مۇھىتى خىلۋەت ئىكەن. بىز جىمجىت شەنبە كېچىسىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋەكىللەر ئۆمىكى بىشكەكتە شەھەرلىك پارلامېنت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلگىرى - ئاخىرى تارىخ مۇزېيى ۋە تەسۋىرىي سەنئەت مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. تارىخ مۇزېيىدا مول بۇيۇملار، مودېل ۋە فوتو سۈرەتلەر، رەسىملىك جەدۋەللەر ئارقىلىق قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخ نامايان قىلىنغان. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، قىرغىزىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق يولىدا ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلەش يولىدىكى كۈرەشلىرى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا قىرغىزىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۇتۇقلىرى تولۇق ماتېرىياللار بىلەن كۆرسىتىلگەنىدى. ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن، مەن مۇزېي خاتىرىسىگە: «قىرغىز خەلقى ئۇزاق تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ئىگە ئەمگەكچان مىللەت. بىز بۇ مۇزېينى ئىنتايىن زور قىزىقىش بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردىم.

تەسۋىرىي سەنئەت مۇزېيىدا قىرغىز، رۇس ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ نەچچە مىڭلىغان نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرى ساقلىنىدىكەن ھەم كۆرگەزمە قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ھازىرقى زامان قىرغىز سەنئەتكارلىرىنىڭ سىزما رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئىستېمال سەنئەت بۇيۇملىرى؛ 19-، 20 - ئەسىرلەردىكى رۇس سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ مەشھۇر رەسىملىرى؛ شۇنداقلا قازاق، ئەزەربەيجان، تۈركمەن قاتارلىق مىللەت رەسساملىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بار ئىكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئالامىدىن رايونىدىكى چوقۇرچاق ۋە ئالائاچا جىلغىلىرىنى سەيلە قىلدۇق. بۇ يەر بىزنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغ مەنزىرە رايونىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ساي سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، دەل - دەرەخلىرى بۈككىدە ئۆسكەن بۇ يەردە قىرغىز چارۋىچىلىرى بىزگە تونۇش قىمىز قۇۋار، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ئېيتىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ بەردى. ئارقىدىن، بىز تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بىر يېزا ئىگىلىك ئوقۇتۇش بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

## قىرغىزىستان رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش

19 - ئىيۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئىلگىرى - ئاخىرى قىرغىزىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، زۇڭلىسى ۋە پارلامېنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار دوستانە، ئىناق كەيپىياتتا سۆھبەتلەشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇز يېرىمدىن ئون يېرىمغىچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئى. سىرابايېۋ بىلەن بىر سائەت سۆھبەتلەشتۇق. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ جۇڭگو بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، يېمەك - ئىچمەك سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىشىشنى، بىرلىكتە كارخانا قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز ئۇنىڭغا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قۇرۇش فاڭجېنىنى ۋە ئۇتۇقلىرىنى تونۇشتۇردۇق. ئۇ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشىنىڭ قىرغىزىستان ئۈچۈنمۇ ئەينەكلىك ئەھمىيىتى بار ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى.

چۈشتىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭلىسى چىڭغىز ۋۇ بىلەن ئۇچراشتى ۋە سۆھبەتلەشتى. بىز ئۆتكەن يىلى قىرغىزىستان رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە شۇ چاغدا ئىمزالانغان كېلىشىملەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇ شۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋە كېلىشىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. قاتناش، ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

بىز مۇنۇلارنى تەكىتلىدۇق: جۇڭگو قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا جەھەتلەردىكى ھەمكارلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەرقايسى رايونلار، تارماقلارنىڭ باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا قىرغىزىستان بىلەن ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇشنى تولۇق قوللايدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۇنيادىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى بېرىش - كېلىشنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكتە. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سۈرئىتىمۇ تېزلىتىلمەكتە. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي سودىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. بىز ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنىڭ جەزمەن تەدرىجىي يېڭى بىر سەۋىيىگە يېتىشىگە ئىشىنىمىز. ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىي سودا پائالىيىتىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى كېڭەشمىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز. ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو - قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدا ئەمدىلا باشلانغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەشنى ھەمدە تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنى ھەمدە تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى تىلەيمىز. جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىداش دۆلەتلەر، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىشىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، بۇنداق يوشۇرۇن كۈچ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق كېڭەيتىلسە، ئىككىلا دۆلەت خەلقىگە پايدىلىق بولىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ باشلىقى - ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى م. شېرىمقۇلوۋنى زىيارەت قىلدۇق.

شېرىمقۇلوۋ 1990 - يىلى 12- ئايدا جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولغانىكەن. بۇنىڭ ئالدىدا ئۇ ئىلگىرى - ئاخىرى قىرغىزىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نازارەت كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋە مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارى، مەركىزىي بيۇرو ئەزاسى بولغانىكەن. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئىشچى، جەڭچى بولۇپتۇ، 1967 - يىلى قىرغىزىستان دۆلەت داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە موسكۋا داشۆسىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئۇنۋانىغا ئېرىشىپتۇ. 1970 - يىلى ئالىي مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق، كېيىن يەنە مەكتەپ رەھبەرلىكى خىزمەتلىرىنى ئىشلەپتۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ، تەشۋىقات تارماقلىرىدا مەسئۇل خىزمەت ئۆتەپتۇ. ئۇ تولىمۇ

سىپايە، ئالىم سالاپەتلىك كىشى ئىكەن. سۆھبىتىمىز ئىنتايىن سەمىمىي، دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

شېرىمقۇلوۋ جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىز تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، ئۇ جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دېدى. ئۇ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى ئاقايېۋنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئىمزالىغان كېلىشىملەرنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق ئۈچۈن ئاساس ياراتقانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ، جۇڭگو دۇنيادا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، تېزلىكتە بىشكەكتە باش ئەلچىخانا قۇرغان، دېدى. ئارقىدىن، رەئىس شېرىمقۇلوۋ ئۆزىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگونى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ، جۇڭگونىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ، جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمىز. سىياسىي ئىسلاھات بىلەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات ماسلاشتۇرۇلمىسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. شېرىمقۇلوۋ قىرغىزىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. مايدا جۇمھۇرىيەت مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن ماقۇللىنىپتۇ. 10 - مايدا دۆلەت پۇلى «سوم» تارقىتىلىپتۇ. قىرغىزىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپتۇ. شېرىمقۇلوۋ سۆزىدە قىرغىزىستان خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە نۆۋەتتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

رەئىس شېرىمقۇلوۋ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگىنى سۈپىتىدىكى ئالىي سوۋېت ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن تۇرغۇزۇش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىشتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپتۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىسلاھاتتا، پارلامېنتنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى، ئۇ، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر، تارماقلار بىلەن كېڭىشىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر خىل سىياسەت، قانۇن - پەرمانلار ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جۇڭگو - قىرغىزىستان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختالغاندا، رەئىس شېرىمقۇلوۋ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز جۇڭگو بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋەتنى ياخشى يولغا قويىمىز، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىزمۇ بىرقانچە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون (ئەركىن ئىقتىسادىي رايون) قۇردۇق، بۇنىڭ كۆپى جۇڭگو بىلەن چېگرىداش جايلاردا قۇرۇلغان. يېقىندا ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسى كېڭەيدى، لېكىن، بىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر پەقەتلا باشلىنىش ھېسابلىنىدۇكى، ئاخىرقى نەتىجە ئەمەس.

مەن سۆزۈمدە جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، زۇڭتۇڭ ئاقايېۋ ۋە رەئىس شېرىمقۇلوۋلارنىڭ

جۇڭگودىكى زىيارىتىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگو ۋە قىرغىزىستاننىڭ دوستانە، ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدىم.

مەن مۇنداق دېدىم: قىرغىزىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم بىر دۆلەت، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە، ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىز تاشقى سىياسىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەتلەرنى چوڭ ۋە كىچىك، كۈچلۈك ۋە ئاجىز، باي ۋە كەمبەغەل دەپ ئايرىماستىن، ئۇلارنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە. چوڭ ۋە كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى بولىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئەينەك قىلىپ ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش لازىم. بىز ھۆكۈمەتلەر يولغا قويغان ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرگە، خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمىز.

بىز رەئىس شېرىمقۇلوۋغا 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق. بىز بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى، ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ھەمكارلىقنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلدۇق.

مەن رەئىس شېرىمقۇلوۋغا چياۋشى ۋېيىۋەنجاڭنىڭ سالامىنى يەتكۈزدۈم ھەمدە ئۇنىڭ مۇۋاپىق ئاپقان ۋاقىتتا يەنە جۇڭگوغا شۇنداقلا شىنجاڭغا كۆرۈپ كېلىشكە بېرىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، رەئىس شېرىمقۇلوۋ كەچلىك زىياپەت بېرىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كەچلىك زىياپەتتە، مەن جاۋابەن سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئۆز نامىمدىن قىرغىزىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ سەمىمىي تەكلىپىگە ۋە كاتتا كۈتۈۋالغىنىغا چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتتىم. ئارقىدىنلا مۇنداق دېدىم: قىرغىزلار ئۇلۇغ مىللەت، ئەمگەكچان، باتۇر خەلق، قەدىمىي مەدەنىيەتكە، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەشھۇر «ماناس» ئېپوسى، گۈزەل ئىسسىق كۆل ھەممىمىزگە تونۇش. جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ تاغ - دەريالىرى بىر - بىرىگە تۇتاش بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، جۇڭگو ۋە قىرغىزىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئوڭۇشلۇق راۋاجلانماقتا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق ئۆزلۈكسىز كېڭەيمەكتە ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە. بىز قىرغىزىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، رايون مۇقىملىقىنى ساقلاشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا قول قويىمىز.

ئاندىن مۇنداق دېدىم: ئېلىمىزدە 1979 - يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان،

جۇڭگونىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى روشەن دەرىجىدە ياخشىلاندى. ھازىر جۇڭگو خەلقى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلماقتا. ئەلۋەتتە، بىز شۇنىمۇ تونۇپ يېتەلەيمىزكى، ئالغا بېسىش يولىدا يەنە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر بار، لېكىن بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا جەزمەن يېتەلىشىمىزگە قەتئىي ئىشىنىمىز.

بۈگۈنكى دۇنيا تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا، بۇ بىز ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماقتا. بۇ، تىنچ خەلقئارا مۇھىتقا مۇھتاج. بىز مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا، تىنچلىق ئاساسىدىكى تاشقى سىياسەتنى يولغا قويىمىز، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايمىز. جۇڭگو قىرغىزىستان بىلەن بىرلىكتە تىنچ، مۇقىم، ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىش يولىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشنى خالايدۇ.

كەچلىك زىياپەت باشتىن - ئاخىر قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا ئىككى سائەت داۋام قىلدى. مېھمان ۋە ساھىبخانىلار جۇڭگو - قىرغىزىستان خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن قەدەھ كۆتۈرۈشتى.

## قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز قىرغىزىستاننى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇنراق يەنى 1993 - يىلى 5 - مايدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى 12 - نۆۋەتلىك ئالىي سوۋېتىنىڭ 12 - قېتىملىق يىغىنىدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ماقۇللىنىپتۇ.

بۇ ئاساسىي قانۇندا مۇنداق بەلگىلەنگەن: قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى (قىرغىزىستان) قانۇنىي تۈزۈم ۋە دىنىدىن خالىي دۆلەت پرىنسىپىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت. دۆلەت ھوقۇقىنى قانۇن تۈرغۈزۇش ھوقۇقى، ئىجرا قىلىش ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقىغا ئايرىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى ئومۇمىي خەلق سايلاپ چىققان دۆلەت باشلىقىدۇر. زۇڭتۇڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈمىنىڭ تەۋرەنمەسلىكىگە، گراژدانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بىردەك تەڭشىلىپ فۇنكسىيىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ۋە ئۆزئارا ماسلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جۇمھۇرىيەت پارلامېنتى قانۇن تۈرغۈزۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ ھەمدە نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىدۇ.

پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ئاساسىي قانۇندىكى تەرتىپ بويىچە ئاساسىي قانۇننىڭ ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاش؛

2. قانۇن ئارقىلىق ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش، جۈملىدىن قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەت قىلىش؛

3. ماقۇللانغان قانۇن مەكتۇپلىرىنى ئېزاھلاش؛

4. ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەش؛

5. جۇمھۇرىيەتنىڭ خام چوت ھېساباتى ۋە خام چوت ھېساباتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاش؛

6. جۇمھۇرىيەتنىڭ پۇل سىستېمىسىنى بەلگىلەش؛

7. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىنى ئۆزگەرتىش؛

8. جۇمھۇرىيەتنى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈش مەسىلىسىنى قارار قىلىش؛

9. جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى سايلىمىنى بەلگىلەش؛

10. مەركىزىي سايلام كومىتېتىنى تەشكىللەش ۋە ئومۇمىي خەلق ھۆكۈمىنى يولغا قويۇش؛

11. زۇڭتۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە جۇمھۇرىيەت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە يەتتە نەپەر سودىيىنى سايلاش؛

12. زۇڭتۇڭنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە جۇمھۇرىيەت ئالىي سوت مەھكىمىسى، ئالىي كېسىم سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق ۋە سودىيىلىرىنى سايلاش؛

13. جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ شتاتىنى تەستىقلاش؛

14. جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرى، باش تەپتىش، دۆلەت بانكىسى باشلىقىنى تەيىنلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تەستىقلاش ۋەھاكازالار.

پارلامېنت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى يوشۇرۇن سايلاپ چىقىلىدۇ. پارلامېنت باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ رەئىسلىرىدىن ھەيئەت رىياسىتى تەشكىل قىلىنىدۇ. ھەيئەت رىياسىتى پارلامېنت يىغىنلىرىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ھەرقايسى دائىمىي كومىتېتلار ۋە ۋاقىتلىق كومىتېتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ قانۇنلىرى ۋە دۆلەت پائالىيەتلىرىدىكى باشقا مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. پارلامېنتتا ماقۇللانغان قانۇنلار ۋە باشقا قانۇن - پەرمانلارنى جاكارلايدۇ.

ھەرقايسى كومىتېتلار ۋە ۋاقىتلىق كومىتېتلار قانۇن تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، پارلامېنت ھوقۇقى دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىدۇ، پارلامېنتتا ماقۇللانغان قانۇن ۋە قارارلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ.

پارلامېنتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپ ئەزالىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن قارار ياكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ھۆكۈم قىلغان نەتىجىسىگە ئاساسەن، پارلامېنتنى مۇددەتتىن بۇرۇن تارقىتىۋېتىشكە بولىدۇ.

پارلامېنت ئەزالىرى، زۇڭتۇڭ، ھۆكۈمەت، ئالىي سوت مەھكىمىسى، ئالىي كېسىم سوت مەھكىمىسى قانۇن تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە، 30 مىڭدىن ئارتۇق سايلىغۇچىمۇ قانۇن تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ.

ئاساسىي قانۇن بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاساسىي قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاش بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى

قىسمىدىن كۆپ ساندىكىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

300 مىڭدىن ئارتۇق سايلىغۇچى ياكى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى مىنىستىرلىكلەر، كومىتېتلار، باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە يەرلىك مەمۇرىي دۆلەت ئورگانلىرى مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ.

قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى - دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى، ئۇ زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلىلار، مىنىستىرلار ۋە دۆلەت كومىتېتى رەئىسىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. زۇڭتۇڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. زۇڭلى پارلامېنتقا ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى تاپشۇرىدۇ. پارلامېنت ھۆكۈمەتتىن ياكى ئۇنىڭ ئايرىم ئەزاسىدىن خىزمىتىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. قىرغىزىستاندا سوت مەھكىمىسىلا ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىكەن. سوت مەھكىمىسى ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسىنى، ئالىي سوت مەھكىمىسىنى، ئالىي كېسىم سوت مەھكىمىسىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. سوت مەھكىمىسى ۋە سوتىيەلەرنىڭ ئورنى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن. سوتىيەلەر جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغىلا بويسۇنىدىكەن. جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى، ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي كېسىم سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتىيەلىرى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن پارلامېنتتا سايلاپ چىقىلىدىكەن.

قانۇن تۇرغۇزۇش، ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقلۇق ئورگان ئۆز ھوقۇقلىرىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە بولمايدىكەن.

## شىنجاڭ بىلەن قوشنا ئىسسىق كۆل ۋە ئوش ئوبلاستلىرى

20 - ئىيۇل ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۈمكىمىز ئايروپىلان بىلەن ئىسسىق كۆل ئوبلاستىنى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق.

ئىسسىق كۆل ئوبلاستى جۇمھۇرىيەتنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۆلىمى 43 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 427 مىڭ (1991 - يىل) ئىكەن. بۇ ئوبلاستتا كۆمۈر، قەلەي، ئۇران، ۋىسمۇت، ھاك تېشى قاتارلىق كان بايلىقى بار ئىكەن. سۇ مەنبەسىمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ، مەشھۇر تاغ كۆلى، ئىسسىق كۆل ۋە نەچچە مىڭلىغان چوڭ - كىچىك ئېقىن دەريالار بار ئىكەن. يەر ئاستى سۈيىمۇ كۆپ ئىكەن.

ئىسسىق كۆل ئوبلاستىنىڭ سانائىتىدە كۆمۈر قېزىش، توك بىلەن تەمىنلەش، ماشىنىسازلىق، ماشىنا - توك، كېمىسازلىق، رېمونت - ياساش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق تارماقلىرى بار ئىكەن. يېزا ئىگىلىكىدە دانلىق زىرائەت، ياڭيۇ، قوناق ئاساسىي زىرائەت قىلىنغان تېرىقچىلىق ۋە قويچىلىق ئاساس قىلىنغان چارۋىچىلىق بار ئىكەن. ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالۇچا، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدىكەن. بېلىقچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن.

ئىسسىق كۆل تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كۆل بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1607.8 مېتىر ئېگىز، كۆلىمى 6236 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ ئۇزۇن يېرى 220 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 80 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 668 مېتىر، سىغىمچانلىقى دۇنيادىكى تاغ كۆللىرى ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. كۆل ئىچىدە نۇرغۇن ئارشاڭ بولۇپ، يىل بويى مۇز قاتمىغاچقا «ئىسسىق كۆل» ئاتالغانىكەن. كۆل سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، سەل تۇزلۇق ئىكەن. كۆلدە سازان، ترۇت قاتارلىق بېلىقلار كۆپ ئىكەن. كۆل بويىدا ئارشاڭ، كان بۇلاقلىرى جىق بولغاچقا، نۇرغۇن ساناتورىيىلەر سېلىنىپتۇ. كۆل قارلىق تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى يېقىملىق مەشھۇر ساياھەت ۋە دەم ئېلىش ئورنى ئىكەن. ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىدىكى قاراقول شەھىرى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، بېلىقچى ئاساسي پورت شەھىرى، چولپانئاتا ساناتورىيە شەھىرى ئىكەن.

چۈش بولاي دېگەندە، بىز چۈشكەن ئايروپىلان چولپانئاتا ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى. ئوبلاست باشلىقى ۋە ئوبلاستلىق پارلامېنت باشلىقى ئايرودرومدا بىزنى كۈتۈۋالدى.

سائەت 14دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز «موسكۋا» ماركىلىق ساياھەت كېمىسىگە چۈشۈپ، بىپايان زۇمرەت دولقۇنلار ئىچىدە ئىككى سائەتتەك ئۈزۈپ، ئىسسىق كۆل مەنزىرىلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلدۇق.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولدى. بىز تەكلىپكە بىنائەن چولپانئاتا شەھىرىدىكى ئات بەيگىسى مەيدانىغا بېرىپ، ئات چاپتۇرۇش ۋە يورغا سېلىش مۇسابىقىسىنى «قىز قۇۋۋار» قاتارلىق ئويۇنلارنى يەنە بىر قېتىم كۆردۇق.

چۈشتىن كېيىن ئوبلاست رەھبەرلىرى ۋە ئوبلاستلىق خەلق ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق.

كەچقۇرۇن ئوشقا قاراپ ئۇچتۇق، تەخمىنەن بىر سائەت ئون مىنۇتتا ئوش ئايرودرومىغا يېتىپ باردۇق. ئوش ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خەلقى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئوش ئوبلاستى قىرغىزىستاننىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدا بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قوشنا. يەر مەيدانى 38 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 1 مىليون 322 مىڭ ئىكەن (1991 ـ يىل).

ئوش ئوبلاستىدا كان بايلىقلىرىدىن يېقىلغۇ ئەشيالىرى ۋە رەڭلىك مېتاللار بار ئىكەن. يېقىلغۇ ئەشيالىرىدىن كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز؛ رەڭلىك مېتاللىرىدىن ئاساسلىقى سۇرمە ۋە سىماب ئاندىن قالسا قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇندىن باشقا، يەنە كالىيلىق دالاشپاتى، يەرمومى ۋە گەج قاتارلىق غەيرىي مېتال كانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئوش ئوبلاستىنىڭ سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن چوڭ ـ كىچىك ئېقىن ـ دەريالىرى ھەم ئېگىز تاغلىرى، كۆللىرى ۋە مۇزلۇقلىرى بار ئىكەن. سايلىق رايونلىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىمۇ مول ئىكەن.

ئوش ئوبلاستىنىڭ سانائىتىدە كانچىلىق، يېقىلغۇ ئەشيالىرى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر كۈچى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق تارماقلار بار ئىكەن. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە دانلىق زىرائەت، پاختا ۋە تاماكا تېرىش جۈملىدىن تاغ فېرمىلىرى چارۋىچىلىقى بار ئىكەن. مەزكۇر ئوبلاستىنىڭ كۆكتاتچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانىكەن.

چارۋىچىلىقىدا قويچىلىق ئاساسىي ئورۇندا، يادىچىلىق ۋە يىلقىچىلىق 2 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇنىدىن باشقا، قۇشچىلىق، ھەسەلچىلىك، يىپەكچىلىكلەرمۇ بار ئىكەن.

ئوش شەھىرى بۇ ئوبلاستنىڭ مەركىزى بولۇپ، قىرغىزىستاننىڭ 2 - چوڭ شەھىرى سانىلىدىكەن، ئاھالىسى 200 مىڭدىن كۆپ ئىكەن. ئوش - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى، ئۇ 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولى ئۆتىدىغان جاي، شەھەر ئىچىدە قەدىمكى تارىخ ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەرگە قىرغىز ئېپوسى «ماناس» خاتىرە سارىيى سېلىنىپتۇ.

22 - ئىيۇل بىز سۇلايمان تېغىغا بېرىپ مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مۇزېي 1978 - يىلى پۈتۈپتۇ، ئۇنى سېلىشقا بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپتۇ. مۇزېي ئىككى قەۋەتلىك سۇنئىي بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات مېتىر چىقىدىكەن، تېمپېراتۇرىسى يىل بويى 14 - 15 سېلسىيە گرادۇس ئارىلىقىدا ئۆزگەرمەي تۇرىدىكەن. مۇزېيدا بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى ساپال قاچىلار، تاش پىچاق ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى قويۇلۇپتۇ. سۇلايمان تېغى كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ئىكەن. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئۇ يەردە بىر تېۋىپ بىلەن سۇلايمان ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر تۇرغانىكەن، كىشىلەر، ئۇنى ھەممە كېسەلگە شىپالىق تاپالايدۇ دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، ھەر يىلى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنىڭغا سېغىنىپ شىپالىق تىلەپ، تىنچ - ئامان قىلىشنى تىلاۋەت قىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە ئىككى قېتىم تاۋاپ قىلىپ كەلسە، بىر قېتىم مەككىگە بارغانغا تەڭ بولارمىش.

### قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادى ۋە تاشقى ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى

قىرغىزىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، نەتىجىلەر ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن قىرغىزىستان چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قالاق بىر چېكرا رايونى ئىكەن. چارۋىچىلىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارمىقى بولۇپ، ئېكىنچىلىك جەھەتتە دانلىق زىرائەت ۋە پاختا ئانچە كۆپ تېرىلمايدىكەن. سانائىتى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بىر نەچچىلا كىچىك تېپتىكى كۆمۈر كېنى بىلەن تۇز مەيدانى جۇملىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئاز ساندىكى ئىشخانىلارلا بار ئىكەن. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشى ئاستىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قانات يايدۇرۇلۇپتۇ. سانائەت جەھەتتە رەڭلىك مېتال، ئېلېكتر كۈچى، كانچىلىق، ماشىنىسازلىق، پاختا پىرىسلاش، شېكەر ياساش، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى تەدرىجىي بەرپا قىلىنىپتۇ ۋە تەرەققىي قىلىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوللېكتىپلىشىش ئاساسىدا چارۋىچىلىقى ۋە تېرىقچىلىقى راۋاجلاندۇرۇلۇپتۇ. بۇ مەزگىلدە مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىمۇ ماس ھالدا راۋاجلىنىپتۇ. خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشى رۇشەن ھالدا ئۆستۈرۈلۈپتۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپتۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي كۈچى قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ كەينىدە،

تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئوتتۇرانچى ئورۇندا تۇرغانىكەن. لېكىن پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر قالاق بولغانىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، قىرغىزىستان خەلق ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تارماقلىرىنىڭ نىسبىتىمۇ بىر - بىرىگە ماس ئەمەس، ئېغىر سانائەت، يېنىك سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى تەكشۈلۈك ئەمەس ئىكەن؛ ئېغىر سانائەت، بولۇپمۇ رەڭلىك مېتاللورگىيە سانائىتى تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەن؛ يېنىك سانائەت، بولۇپمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا ئىكەن. يېزا ئىگىلىكى ئۆز ۋەزىنى بىرى يۈكسەلمەپتۇ؛ سودا، مۇلازىمەت ئىشلىرى خېلىلا ئاجىز ئىكەن.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە تامامەن مۇستەقىل بولۇپ كېتىشى قىيىنغا توختاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدە بىر قەدەر مۇكەممەل خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى كەمچىل بولغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ۋە تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى چەتتىن ئېلىپ كىرىشكە تايىنىدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئارا بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە، مەيلى ئۇنىڭغا كېرەكلىك ماشىنا - ئۈسكۈنە قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ياكى ئۇلاردا كەمچىل بولۇۋاتقان خەلق تۇرمۇشى ئىستېمال بۇيۇملىرى بولسۇن ۋاقتىدا ھەم تولۇق تەمىن قىلىنماي، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىۋېتىپتۇ.

جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئىقتىساد ئىسلاھ مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقان، ئىقتىسادنىڭ يېڭى بىر يۈرۈش ئايلىنىش مېخانىزمى تېخى بەرپا قىلىنمىغان بولغاچقا، ئىقتىساد توختاپ قېلىش ھالىتىدىن مەنپىي ئۆسۈشكە يۈزلىنىپتۇ. ئىشلەپچىقىرىش جىددىي تۆۋەنلەپ، مالىيە ئەھۋالى ناچارلاپ، يامان خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىپ، بازار تەمىنلىشى جىددىيلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇمیۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز زىيارەتكە بارغان مەزگىلدىمۇ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئىزچىل تۈردە خېلىلا ئېغىر بولۇۋاتقانىكەن. 1993 - يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە خەلق ئىگىلىكى كىرىمى 23.3%، سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممىتى 28%، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى 12% تۆۋەنلەپتۇ؛ ئىشسىزلارنىڭ سانى سانائەت تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ 26% نى ئىگىلەيدىكەن؛ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپتۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا ئۆسۈش نىسبىتى 18.2% ئىكەن. شۇ چاغدا جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭى پۇلى «سوم»نىڭ تارقىتىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغانىكەن. بىر «سوم» تارقىتىلغان چاغدا 200 رۇبلىغا، 0.25 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ ئىكەن. بىز بارغان چاغدا ئاللىقاچان قىممىتى تۆۋەنلەپ، 150 رۇبلىغا ياكى 0.1 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولۇپ قاپتۇ. بىز ئوشتىكى ئەڭ چوڭ ئەركىن بازارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. مال باھاسى، بولۇپمۇ كىيىم - كېچەك ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى. قوي، كالا گۆشى ۋە كۆكتات باھاسى ئەرزانراق ئىكەن.

سانائەت جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن، 130 دىن ئارتۇق تارماق،

500 دىن ئارتۇق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا بار بولۇپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن%60 نى ئىگىلەيدىكەن. ئاساسىي سانائەت تارماقلىرىدىن يېقىلغۇ ئەشيالىرى، رەڭلىك مېتال، ماشىنىسازلىق ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، يېمەك - ئىچمەك سانائىتى قاتارلىقلار بار ئىكەن.

رەڭلىك مېتاللورگىيە سانائىتى جۇمھۇرىيەتتىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك سانائەت تارمىقى ھېسابلىنىدىكەن. سۈرمە، سىماب مېتاللىرىنى قېزىش ۋە تاۋلاش جەھەتتە، قىرغىزىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانىكەن. 1936 - يىلى چوڭ تىپتىكى قەدىمجاي سۈرمە كېنى ئېچىلىشقا باشلاپتۇ، 1941 - يىلى مۇشۇ كان ئاساسىدا زامانىۋى رەڭلىك مېتاللورگىيە بىرلەشمە كارخانىسى قۇرۇلۇپتۇ. 1942 - يىلى ھەيداركەن سۈرمە - سىماب كېنى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى سۈرمە - سىماب بىرلەشمە كارخانىسى قۇرۇلۇپتۇ. كېيىن يەنە سۈرمە، سىماب كانلىرىنى قازىدىغان بىر تۈركۈم كارخانىلار كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قانچە قوشۇغۇن، سىنك كانلىرىمۇ ئېچىلىپتۇ. رەڭلىك مېتال كان بايلىقى مول بولغاچقا، رەڭلىك مېتاللورگىيە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور ئىكەن.

يېقىلغۇ ئەشيالىرى ئېنېرگىيىسى سانائىتىدە كۆمۈر سانائىتى ھەممىدىن مۇھىم ھېسابلىنىدىكەن. شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغدىن ئىبارەت ئىككى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا قاباق، جەنۇبىي ئىسسىق كۆل، ئۆزدەڭ قاتارلىق كۆمۈرلۈكلەر جايلاشقانىكەن. ھازىر، كۆمۈر كانلىرىنىڭ ھەممىسىدە زامانىۋى كۆمۈر قېزىش ئۈسكۈنىلىرى قوللىنىلىپ، قېزىشتىن تارتىپ توشۇشقىچە بولغان پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ بولۇپتۇ. يېقىنقى يىللار مابەينىدە، تەبىئىي كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە يىلىغا تەخمىنەن 3 مىليون 500 مىڭ تونىنا ئىشلەپچىقىرىلىپتۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 4 مىليون توننىغا يېتىپتۇ. قىرغىزىستاننىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس ئىكەن. نېفىت ۋە گاز مەھسۇلات مىقدارى يىلسايىن تۆۋەنلەپ، ھازىرقى يىللىق نېفىت مەھسۇلاتى ئاران 100 مىڭ توننا ئەتراپىدا، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى تەخمىنەن 100 مىليون كۇب مېتر ئىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانىكەن. جۇمھۇرىيەت مول سۇ كۈچى مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىرى بىر تۈركۈم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈشتىن كېيىن قۇرۇلغان ئۈچقورغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (180 مىڭ كىلوۋاتلىق)، نارىن دەرياسى ئۈستىدە قۇرۇلغان تۆت سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (جەمئىي 2 مىليون 220 مىڭ كىلوۋاتلىق)، 1971 - يىلى قۇرۇلغان ئاتبېشى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (40 مىڭ كىلوۋاتلىق)، 1976 - يىلى قۇرۇلغان توقتوغۇل سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتلىق)، 1982 - يىلى توك بېرىشكە باشلىغان كورپەساي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى (جەمئىي 800 مىڭ كىلوۋاتلىق) قاتارلىقلار بار. چوڭ تىپتىكى ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدىن بىشكەك ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى (400 مىڭ كىلوۋاتلىق)، ئوش ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى (75 مىڭ كىلوۋاتلىق) قاتارلىقلار بار ئىكەن. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ توك بېرىش مىقدارى 14 مىليارد كىلوۋات

سائەتكە يېتىپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن تاشقىرى، قوشنا مەملىكەتلەرگىمۇ بىر قىسىم توك كۈچىنى چىقىرىدىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ ماشىنىسازلىق ۋە مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، تۈرىمۇ خېلى كۆپ ئىكەن؛ ماشىنىسازلىق سانائىتىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ماشىنا توك، ئەسۋاب، كۆرسەتكۈچ سائەت، ئاپتوموبىل، سىمسىز ئېلېكترون قاتارلىق 13 كەسىپ، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر ئىلغار چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن 40قا يېقىنى بولۇپ، بۇنىڭدا تەتقىق قىلىپ ياسالغان ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا رايونلىرىغا، بەزىلىرى شەرقىي ۋە غەربىي ياۋروپاغىمۇ ئاپىرىپ سېتىلغانىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى كىچىك كۆلەمدىن چوڭ كۆلەمگە قاراپ تەدرىجىي راۋاجلىنىپتۇ. ھازىر ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن خىش، ھاك، سېمونت، پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان تەييار ماتېرىيال، تاش پاختىلىق سېمونت تۇرۇبا، زىننەت تاختىسى، فارفور خىش، ئەينەك ۋە مەرمەر قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپ قىسىم ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ يېنىك سانائىتى پاختا پىرېسلاش، پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، ئىلمىچىلىق، تىككۈچىلىك، خۇرۇمچىلىق، موزدۇزلۇق، يۇڭ - تېرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. پاختا ۋە يۇڭ - تېرە قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ ئىكەن، چوڭقۇر پىششىقلاش ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا، خېلى بىر قىسىم خام ئەشياسى يەنىلا باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە ئاپىرىپ پىششىقلاپ ئىشلىنىدىكەن. چوڭ تىپتىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدىن بىر قانچىسى بولۇپ، بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان بىشكەك يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە كارخانىسى شۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىكەن. بۇ كارخانا 1963 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ھازىر 5000 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىكەن، يىلىغا 11 مىليون كۋادرات مېتىر يۇڭ رەخت، 10 مىڭ توننىغا يېقىن يۇڭ يىپ ئىشلەپچىقىرالايدىكەن. بۇ كارخانا جۇمھۇرىيەتنىڭ پاي تۈزۈمى سىناق ئورنى بولۇپ، % 51 پېيى دۆلەتكە، % 49نى كوللېكتىپقا مەنسۇپ ئىكەن. 4 - ئاۋغۇست بۇ كارخانىنىڭ پېيى بازارغا سېلىنىپ ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ سېتىلىدىكەن. بىز ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا، كارخانا رەھبەرلىرى ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتمەكچى بولۇپ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانا قۇرۇش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن.

22 - ئىيۇل بىز ئوشتا بىر يىپەكچىلىك زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇت 1926- قۇرۇلغان بولۇپ، 1959 - يىلى جۇڭگو بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقانىكەن. 50 - يىللاردا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ زاۋۇتقا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەندە تەقدىم قىلغان خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلى مەنزىرىسى توقۇلغان ئاسما گىلەم زاۋۇتنىڭ شان - شەرەپ ئۆيىدە تېخىچە ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. 1992 - يىلى زاۋۇت جۇڭگودىكى يەرمەنكىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇپتۇ. بۇ زاۋۇت ھازىر چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپتۇ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەرقايسى % 45 پايغا، زاۋۇت

باشلىقى ئۇرسۇننىڭ ئۆزى % 10 پايغا ئىگە ئىكەن. 5 - ئاۋغۇست دۆلەت پېيىنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئاشكارا ساتماقچى بولۇۋېتىشىپتۇ. ئۈچ تارماق زاۋۇتى بار بۇ شىركەت يىلىغا 11 مىڭ كۋادرات مېتىر يېپەك ئىشلەپچىقىرالايدىكەن. يىلىغا ئۈچ مىڭ كۋادرات مېتىر يېپەك ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ يېمەك - ئىچمەك ساناتىتى ئاشلىق، ماي، گۆش، سۈت پىششىقلاپ ئىشلەش، شېكەرچىلىك، هاراق ياساش، كۆكتاتچىلىق، مېۋە كونسېرۋاسى، تاماكا ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئادەتتىكى شەھەر - بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولكا زاۋۇتلىرى، كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە گۆش ۋە سۈت پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى بار ئىكەن. بېلوۋود، كامود قاتارلىق جايلىرىدا شېكەر زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. قىزىلقىيا، تاشكۆمۈر قاتارلىق جايلىرىدا تاماكا زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. قىرغىزىستاننىڭ يېمەك - ئىچمەك ساناتىتى ئىشلەپچىقىرىشى نورمال بولغان ئەھۋالدا ئۆز مەملىكىتىدىكى ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاساسەن چىقالايدىكەن. قوم شېكىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا رايونلارغىمۇ چىقىرىلىدىكەن. كۆك تاماكىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ سىرتىدىكى تاماكا زاۋۇتلىرىنى تەمىنلەشكە بېرىلىدىكەن.

دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاھالىنى ئاشلىق، گۆش، سۈت، كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلار بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەپلا قالماستىن، يېنىك ساناەت ۋە يېمەك - ئىچمەك ساناتىتىنىمۇ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىكەن. قىرغىزىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىدە 10 مىليون گېكتاردىن ئارتۇق يەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 300 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى، 8 مىليون گېكتاردىن ئارتۇق چارۋىچىلىق مەيدانى بار ئىكەن.

يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىككى چوڭ تارماق بولغان ئېكىنچىلىك بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى ئايرىم - ئايرىم تەخمىنەن % 45 ۋە % 55 بولۇپ، كېيىنكىسىنىڭ نىسبىتى چوڭراق ئىكەن. ئېكىنچىلىكتىكى ئاساسىي زىرائەتلەر ئىچىدە 1 - تۈردىكىلىرى ئارپا، بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىقلار بولۇپ، 1991 - يىلدىكى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 370 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپتۇ. بۇ سان تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستاننىڭكىدىن خېلى يۇقىرى ئىكەن. 2 - تۈردىكىلىرى پاختا، قىزىلچا، مايلىق زىرائەت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بولۇپ، قىزىلچا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت ئىچىدە قىزىلچا تېرىيدىغان بىردىنبىر دۆلەت ئىكەن. پاختا تېرىلغۇ مەيدانى ۋە مەھسۇلاتى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندىن خېلى تۆۋەن تۇرىدىكەن. 3 - تۈردىكىلىرى قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم ۋە كۆكتات بولۇپ، مەھسۇلاتى ۋە كىشى بېشىغا چۈشىدىغان سانى بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەن.

چارۋىچىلىقتا قويچىلىق ئاساس بولۇپ، قوي ۋە ئۆچكىنىڭ قوتاندا ساقلىنىش سانى 10 مىليوندىن كۆپ ئىكەن؛ ئاندىن قالسا پادىچىلىق بولۇپ، كالىنىڭ قوتاندا ساقلىنىش سانى 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن؛ بۇندىن سىرت، يەنە چوشقىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە قۇشچىلىق قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. گۆش، سۈت، تۇخۇم مەھسۇلاتى ۋە كىشى بېشىغا چۈشۈش سانىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچىدە

ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

بىز ئوش ئوبلاستىدا قاراسۇ سوۋخوزى بىلەن ماركس نامىدىكى كولخوزنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. قاراسۇ رايونىدا 1991 - يىلى قۇرۇلغان بىر ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانىنىمۇ زىيارەت قىلدۇق. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى 60 نەچچە ياشلارغا كىرگەن كىشى ئىكەن. سەككىز ئوغلى، ئىككى قىزى، 35 نەۋرىسى بولۇپ، ئون گېكتار يەرنى تېرىيدىكەن، 40 ئىنەك باقىدىكەن، يىلىغا 40 توننا سۈت سېتىپ بېرىدىكەن.

قىرغىزىستاندا تۆمۈريول، تاشيول، دەريا ترانسپورتى، ھاۋا ترانسپورتى ۋە تۇرۇبا ترانسپورتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتناش - ترانسپورت تورى بار ئىكەن. جۇمھۇرىيەت ئىچىدىكى تۆمۈريول ترانسپورت لىنىيىسى 372 كىلومېترلا ئىكەن؛ تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 مىڭ كىلومېتر بولۇپ بۇنىڭدىكى يۈزى قاتتىق يول 23 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىكەن. يۈك توشۇش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئاپتوموبىللارغا يۈكلەنگەنىكەن. ئىسسىق كۆلدە سۇ ئۈستى ترانسپورتى يولغا قويۇلۇپتۇ. تۆمۈريول بىلەن بىرلىشىپمۇ توشۇيدىكەن. ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى جۇمھۇرىيەت پايتەختى بىلەن ئوبلاستلارنىڭ مەركىزىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىكەن، بىشكەك بىلەن موسكۋا، پېتربۇرگ، يېڭى سىبىرىيە، باكۇ، كىيېۋ، تاشكەنت، ئالمۇتا ئارىلىقىدىمۇ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بار ئىكەن. ھازىر نېفىت تەمىناتى يېتەرسىز بولغاچقا، بەزى نۆۋەتچى ئايروپىلانلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. قىرغىزىستان بىلەن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىشكەك - نارىن - تورغات تاشيولى بار، بۇ تاشيول ئېلىمىزنىڭ تورغات ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەر ۋە ئاتۇشلارغا تۇتىشىپ كېتىدۇ.

تاشقى ئىقتىسادىي سودا جەھەتتە، قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇنقى ئاساسىي سودا قىلىش ئوبيېكتى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسىغا ئەزا دۆلەتلەر بولۇپ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەركىزىي تارمىقى ئارقىلىق بولىدىكەن. جۇمھۇرىيەت مۇستەقىللىقىدىن كېيىن، كۆپ مەنبەلىك تاشقى ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ يولغا قويۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جەھەتتىكى پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەر، ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى دۆلەتلىرى قاتارلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپتۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپتۇ. ھازىر جۇڭگو، تۈركىيە، كۇبا، چاۋشيەن، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ھۆكۈمەتلەر ئارا ئىقتىساد - سودا كېلىشىمى ئىمزالاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەر 60 نەچچىگە يېتىپتۇ.

قىرغىزىستاننىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا پاختا، يۇڭ - تېرە، كۆك تاماكا، دورا ماتېرىياللىرى، رەڭلىك مېتال، سۈرمە قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئاز ساندا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماشىنىسازلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلېكتر ماتور، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، مېتال كېسىش - قىرىش ستانوكى، كومبايىن ۋە تراكتور زاپچاسلىرى، داۋالاش ۋە فىزىكا تەجرىبە ئەسۋابلىرى قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئاساسلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن يېمەكلىكلەر، توقۇلما بۇيۇملار، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى

قاتارلىق سانائەتتىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنىلەر، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بار ئىكەن.

قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى بىلەن سېلىنغان كارخانا ۋە بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانىلارنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرغان؛ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، ئىلغار تېخنىكىنى ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق ماشىنىسازلىق قاتارلىق سانائەت تارماقلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرماقچى ۋە كېڭەيتمەكچى بولۇشۇۋېتىپتۇ. جۇمھۇرىيەتتە دۆلەت تاشقى ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تاشقى ئىقتىساد پائالىيەتلىرى پرىنسىپى قانۇنى، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى قاتارلىقلار تۈزۈلۈپ، بىر تۈركۈم ئەركىن ئىقتىساد رايونىنى قۇرۇش، سىياسەت ۋە تەدبىرلەر قوللىنىپ، تاشقى ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش قارار قىلىنىپتۇ.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىز بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن سىرت، شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگرا سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىمەكتە. شىنجاڭ قۇرۇلۇش - بىناكارلىق تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، قىرغىزىستاننىڭ مېھمانخانا ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنى سېلىشىغا ياردەملەشمەكتە، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، دېھقانلىرىنىڭ كۆكتات تېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا. قىرغىزىستان ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئېغىزىغا توك كۈچى چىقىرىپ بەرمەكتە. ئىككى دۆلەت چېگرا رايونىدىكى سودا - سېتىق پائالىيىتىمۇ كۈنسايىن جانلانماقتا.

جۇڭگو ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋە راۋاجلانغان، ئىككى دۆلەتنىڭ يەرلىك ۋە چېگرا سودىسى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، بولۇپمۇ ئىقتىسادى ۋاقتىنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان قىرغىزىستان ئۈچۈن تېخىمۇ بەك پايدىلىق. بۇنى قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئاقايېۋ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

## قىرغىزىستاننىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى

قىرغىزىستاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، سەھىيە ئىشلىرى سوۋېت دەۋرىدە خېلى راۋاج تاپقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، بۇ يەر مەدەنىيىتى قالاق، ساۋاتسىزلارغا تولغان چېگرا رايون ئىدى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئون نەچچە يىل سەرپ قىلىپ كەڭ كۆلەمدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ غايەت زور نەتىجە قازىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەجبۇرىي مائارىپ زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلغان. 1990 - يىلى ھەر خىل ئادەتتىكى مائارىپ مەكتەپلىرى 1800گە، ئوقۇغۇچىلىرى 900 مىڭغا يەتكەن. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ، كەسپىي - تېخنىكا مائارىپى ۋە ئالىي مائارىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا يوقتىن بار بولۇپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ھازىر پېداگوگىكا، مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، مالىيە - ئىقتىساد، سودا، مال

دوختۇرلۇق، ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت، يېمەكلىك، بىناكارلىق، قاتناش، مۇزىكا، رەسساملىق قاتارلىق كەسپكە دائىر 50چە ئوتتۇرا تېخنىكوم بار بولۇپ، 46 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇۋېتىپتۇ. 1990 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتتە ئون ئالىي مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قىرغىز داشۆسى، سانائەت ئىنستىتۇتى، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قىزلار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى، سەنئەت ئىنستىتۇتى ۋە باشقىلار بار ئىكەن، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 60 مىڭغا يېتىپتۇ.

1928 ـ يىلى قىرغىزىستاندا تۇنجى ئىلمىي ـ پەن تەتقىقات ئورگىنى ـ قىرغىز يەرلىك تەزكىرە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپتۇ. كېيىنچە چارۋىچىلىق، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مىكرو ئورگانىزم، تارقىلىشچان كېسەللىك، سەھىيە تەتقىقات ئورۇنلىرى، مال دوختۇرلۇق ئىلمىي سىناق تەتقىقات پونكىتى ۋە ئېكىنزارلىق قاتارلىق ئىلمىي ـ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇپتۇ. 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قىرغىزىستان شۆبىسى قۇرۇلۇپتۇ، 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شۆبە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاساسىدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلۇپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ قارىمىقىدا تەبىئىي پەن ـ تېخنىكا، بىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئىبارەت ئۈچ ئىلىم يۇرتىدا 16 تەتقىقات ئورنى (ئىشخانىسى)، 3920 نەپەر تەتقىقات خادىمى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاكادېمىك ۋە ئاخبارات ئاكادېمىكلىرىدىن 80 نەچچە كىشى بار ئىكەن. پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىستېمىسىدىن باشقا، ئالىي مەكتەپلەر، مىنىستىرلىكلەر، باشقۇرغۇچى تارماقلاردىمۇ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان پەن تەتقىقات تورلىرى ۋە كۈچى شەكىللىنىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بارىدىكەن.

سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە، جۇمھۇرىيەتتە تازىلىق، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەم ئېلىش ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تورلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك دوختۇر، سېستىرا خادىملار، كېسەل كارىۋاتلىرى ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ كەلمەكتە ئىكەن. لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى تېز بولغاچقا، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئېھتىياجدىن تازا چىقالمايۋېتىپتۇ. بىز ئوش ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ، قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ دوختۇرخانا بولۇپ، 820 كارىۋىتى بار ئىكەن، داۋالاش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ئىكەن، ئادەتتىكى كېسەللەرنى داۋالايدىكەن. جىددىي كېسەللەرنى قۇتقۇزالايدىكەن، شۇنداقلا كېسەللەرگە مەسلىھەت بېرىدىكەن، ياش دوختۇر ـ سېستىرالارنى يېتىشتۈرىدىكەن. يىلىغا كۆرۈنىدىغان كېسەللەرنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئاشىدىكەن. يۈرەك ئوپېراتسىيىسىدىن باشقا ئوپېراتسىيەلەرنى قىلىۋېرىدىكەن. يېقىنقى يىللاردا جۇڭگونىڭ يەل گۈمپىسى، يىڭنە بىلەن داۋالاش قاتارلىق تېخنىكىلىرىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. بىز بىر قىسىم بۆلۈم، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى ۋە باللار يەسلىسى قاتارلىق پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى سېرگېي مۇتەللىپ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى.

قىرغىزىستاننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قازىنىلىپتۇ.

ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتە، جۇمھۇرىيەت بويىچە 1700 دىن ئارتۇق كۇتۇپخانا، 1100دىن ئارتۇق مەدەنىيەت سارىيى ۋە كۇلۇب، 1400 دىن ئارتۇق كىنوخانا (پونكىت)، چوڭراق شەھەرلەردە مۇزېي، بەزى شەھەرلەردە تىياتىرخانا ۋە مۇزىكا زاللىرىمۇ بار ئىكەن. ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېپوس «ماناس»نىڭ كۆپ خىل نۇسخىسى بارلىققا كېلىپتۇ. سوۋېت قىرغىز ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەسەرلەر دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئىكەن، مەسىلەن، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ مۇنەۋۋەر ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى دۇنيادىكى نەچچە ئون خىل تىلغان تەرجىمە قىلىپ بېسىلىپتۇ. قىرغىزلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئېيتىشىش، ناخشا -ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق مىللىي سەنئىتى خىلمۇخىل، مەزمۇنلۇق، مىللىي تۇسكە ئىگە ئىكەن.

مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە قىرغىزىستاندا مىللىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى قۇرۇلۇپتۇ.

قاراسۇ رايونىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر جاي بار ئىكەن، بۇ يەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىكەن. ئۇلار ئەسىرلەردىن بۇيان شۇ يەردىكى قىرغىز قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىناق - ئۇم ئۆتۈپ، خۇشال - خۇرام تىرىكچىلىك قىلىپ، يامان ئەمەس ياشاۋېتىپتۇ. 22 - ئىيۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز شۇ يەرنى زىيارەت قىلىشقا بارغاندا، يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندۇق. كەنتتىكى بارلىق ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار چىرايلىق بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، جۇڭگولۇق مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. بىز ئاق چاپان كىيگەن ئاقساقاللار بىلەن بىر - بىردىن قول ئېلىشىپ سالاملاشتۇق. بوۋايلار كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بەزىلىرى ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئېلىشتى.

بىز ئىئانە پۇل بىلەن سېلىنغان مەدەنىيەت مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ياشلار بۇ يەردە كىتاب ئوقۇپ، گېزىت كۆرۈپ بىلىم ئۆگىنىدىكەن. قېرىلار دەم ئېلىپ، كۆڭلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار شىنجاڭ توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلاپتۇ. بىز ئۇلارغا جۇڭگودا، جۈملىدىن شىنجاڭدا يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا شىنجاڭغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. مەن شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنى قىرغىز، ئوزبېك، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، قىرغىزىستاننىڭ روناق تېپىشى يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەر قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردۇم.

## «تاغ مەملىكىتى» تاجىكىستانغا زىيارەت

22 - ئىيۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى دوستانە زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قىرغىزىستان خەلقىنىڭ ئېلىمىز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئوش ئايرودرومىدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەپىرىمىزنىڭ 2 - بېكىتى - تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلىشقا مېڭىپ كەتتۇق.

ئايرودرومدا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. چىرايلىق ياسانغان قىرغىز قىزلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە گۈل تەقدىم قىلدى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ

رەئىسى، ئوش ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارلامېنت باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرودرومغا چىقىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى ئۇزىتىپ قويدى. بىز قايتا - قايتا قول ئېلىشىپ، قايتا - قايتا قۇچاقلىشىپمۇ ئارىمىزدىكى دوستانە مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشىپ بولالمىدۇق. زىيارەت جەريانىدا، قىرغىزستاننىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قىزغىن ھەم دوستانە كۈتۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېلىمىز خەلقىگە بولغان دوستانە مۇھەببىتىنى تولۇق ئىپادە قىلدى. بىز ئۇ يەردە بىر قانچە كۈنلا زىيارەتتە بولغان بولساقمۇ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىز ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق دوستلۇق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.

ئايروپىلان زەڭگەر ئاسمان بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلماقتا. ئاستىمىزدا گۈزەل، مۇنبەت پەرغانە ئويمانلىقى كۆرۈندى. ئايروپىلاندىن پەسكە قارىغاندا، يوللار، ئورمانلار، ئېتىز - ئېرىقلار، يېزا - بازارلار ئۆز ئارا كېسىشىپ ئۆتۈشكەن سىزىق ۋە كۋادراتلار ھاسىل قىلىپ، بەجايىكى شاھمات تاختىسىدەك ئاجايىپ تەرتىپلىك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايروپىلان تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ باردى. بۇ ئەسنادا، ئاستىمىزدىكى بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن تاغلار خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تاجىكىستاندا تاغ كۆپ بولغاچقا، «تاغ مەملىكىتى» دەپ نامى بار ئىكەن. بۈگۈن قاتمۇقات كەتكەن تاغلارنىڭ تۆپىسىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋېتىپ، «تاغ مەملىكىتى» دېگەن نام ھەققەتەنمۇ بىكار تارالمىغان ئىكەن، دېگەن تەسىراتتا بولدۇم.

## گۈزەل، مۇنبەت «تاغ مەملىكىتى»

تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر مەيدانى 143 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز زىيارەتتە بولىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك جۇمھۇرىيەت ئىكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى 350 كىلومېتىر كېلىدىكەن؛ شىمال تەرىپى قىرغىزستان بىلەن چېگرىداش، غەرب تەرىپى ئۆزبېكىستان بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى ئافغانىستانغا تۇتاش، شەرق تەرىپى ئېلىمىز بىلەن چېگرىداش ئىكەن.

تاجىكىستان تىپىك تاغلىق مەملىكەت بولۇپ، تاغلىق يەرلەر جۇمھۇرىيەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %93نى ئىگىلەيدىكەن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېرىم دېگۈدەك يېرى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز، ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان «كوممۇنىزم» چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7495 مېتىر ئېگىز ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىدا كۇرامىن ۋە موغۇل تاغلىرى؛ ئوتتۇرىسىدا تۈركىستان تېغى، زەرەپشان تېغى، ھىسار، قارا تېگىن ۋە ئالاي تاغلىرى؛ غەربىي جەنۇبىدا ۋاخش تېغى، گىلان تېغى، سورخوپ تاغلىرى؛ جەنۇبىدا پامىر تاغلىرى بولۇپ، بۇلار تاجىكىستاندىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز رايونلار ئىكەن.

تاجىكىستاننىڭ ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلىرى، دەريا ۋادىلىرى ۋە ئويمانلىقلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مول كان بايلىقلىرى بار ئىكەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا 1 مىليارد 200 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسى بارلىقى ئېنىقلانغان، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە جەنۇبىدىكى ۋادىلاردا زور مىقداردىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بولۇپ، نېفىت چىقىدىغان 30 رايون بارلىقى ئېنىقلانغان،

يۇنىڭ 11 ى قېزىلىۋېتىپتۇ. كۇرامىن تېغىنىڭ شىمالىدا تۆمۈر كېنى، قارامازاردا قوغۇشۇن، سىنك كېنى بار ئىكەن. سۇرمە، سىماب كانلىرىمۇ تاجىكىستاندا ئېچىلىۋاتقان ئاساسىي كانلار بولۇپ، زاپاس مىقدارى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغىنى، تاجىكىستاندا مول ئۇران كېنى بار ئىكەن.

ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 70 نەچچە يىل مابەينىدە تاجىكىستاندا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئۆتمۈشتىكى نامرات زېمىن زامانىۋى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان رايونغا ئايلىنىپتۇ.

تاجىكىستاندا ھازىر 4000 دىن ئارتۇق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا بولۇپ، 1991 - يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 500 مىليون رۇبلىغا يېتىپ، جەمئىيەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 50 نى ئىگىلىگەن. ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىدىن قېزىش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك سانائىتى بار ئىكەن؛ مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتى ۋە ماشىنا ياساشلارمۇ سانائەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. قېزىش سانائىتىدە، قەلەي، قوغۇشۇن، سىنك، سۇرمە، سىماب رۇدىلىرىنى قېزىشتەك رەڭلىك مېتال كانلىرىنى قېزىش ئاساس قىلىنىدىكەن. بۇلاردىن باشقا، تاشتۇز، كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گازمۇ قېزىلىدىكەن. تاجىكىستاننىڭ 1991 - يىلدىكى كۆمۈر مەھسۇلاتى 290 مىڭ توننا، نېفىت مەھسۇلاتى 75 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى 85 مىليون كۇب مېتىر بولۇپتۇ. توقۇمىچىلىق سانائىتىدا ئاساسلىقى پاختا پىرىسلاش، يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى ۋە گىلەمچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بار ئىكەن. پاختا پىرىسلاش كەسپىنىڭ كۆلىمى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. گىلەمچىلىك جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بويىچە ئەڭ چوڭ گىلەمچىلىك زاۋۇتى بار ئىكەن. 1991 - يىلى جۇمھۇرىيەت بويىچە 130 مىليون كۋادرات مېتىر پاختا رەخت، 78 مىليون كۋادرات مېتىر يىپەك، 17 مىليون كۋادرات مېتىر ئىلمە توقۇلما بۇيۇم ۋە 12 مىليون كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلىپتۇ.

تاجىكىستاننىڭ تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر بولغاچقا، سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، سۇ ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەن. 60 - يىللاردىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىر قاراقۇم، گېرۇفنايا، نۇرېك قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇپتۇ ۋە لوگوڭ، بايپاكىن، پامىر سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇۋېتىپتۇ. يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىلىرى سۇ ئېلېكتىردىن ئىبارەت بۇ بۇلغانمايدىغان توك كۈچىنى تاغ - داۋانلاردىن ئاشۇرۇپ، شەھەر ۋە يېزىلارغا توختىماي يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

يېزا ئىگىلىكى تاجىكىستاننىڭ 2 - چوڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ھېسابلىنىدىكەن. يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىۋاتقان يەر 4 مىليون گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى 800 مىڭ گېكتار، چارۋىچىلىق مەيدانى 3 مىليون 200 مىڭ گېكتار ئىكەن. يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ بولۇپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1991 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 5 مىليارد 500 مىليون رۇبلى بولۇپ، ئېكىنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى، دانلىق زىرائەتلەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ ئىككىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، شال ۋە قوناق تېرىلىدىكەن. 1991 - يىلدىكى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات

مىقدارى 300 مىڭ توننا بولغان. پاختىچىلىق يېزا ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. تاجىكىستاننىڭ پاختىچىلىقى ئۆزگىچە كۈن نۇرى ۋە يەر - سۇ شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بويىچە 1 - ئورۇندا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 - ئورۇندا تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق پاختىسى داڭلىق ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، شۆپىكى نېپىز لىمون، تاتلىق ماندارىن، ئانار قاتارلىق مېۋىلىرىنىڭمۇ يىراق - يېقىندا داڭقى بار ئىكەن.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تاجىكىستاننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپتۇ ۋە يۈكسىلىپتۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە ئون ئالىي مەكتەپ، 400 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم، 3000 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى مائارىپ مەكتىپى، 1700دىن ئارتۇق كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان 16 مىليوندىن ئارتۇق كىتاب، 1400دىن ئارتۇق كۇلۇب، 22 مۇزېي، 13 تىياتىرخانا، 1400دىن ئارتۇق كىنو قويۇش پونكىتى، 40 نەچچە دوختۇرخانا ۋە 5400 دىن ئارتۇق كېسەل كارىۋىتى بار ئىكەن. ھەر 10 مىڭ ئاھالىگە 126 نەپەر ستۇدېنت، 350 پىكاپ، 50 تېلېفون پونكىتى توغرا كېلىدىكەن. 15 ياشتىن ئاشقان ھەر 1000 كىشى ئىچىدە 60 كىشى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى كۆرگەن بولۇپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

تاجىكىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. جەمئىي 80 نەچچە مىللەت بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 5 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەن. ئاساسىي مىللەت بولغان تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 1989 - يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 3 مىليون 170 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 62.3 نى ئىگىلەيدىكەن. نوپۇسى كۆپرەك بولغان باشقا مىللەتلەردىن ئۆزبېك، رۇس، تاتار، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىقلار بار ئىكەن. شەھەر ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، يېزا ئاھالىسى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى % 2.72 بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. % 97تىن ئارتۇق ئاھالىسى ئۆز ئانا تىلىنى، % 2.7 ئاھالىسىلا باشقا مىللەت تىلىنى ئىشلىتىدىكەن. تاجىك تىلى جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت تىلى ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغىنى رۇس تىلى ئىكەن. ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىمۇ كۆپرەك ئىشلىتىلىدىكەن. ئىسلام دىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي دىنى بولۇپ، كۆپ ساندىكىسى سۈننىي مەزھىپى، ئاز ساندىكىسى شىئە مەزھىپى ئىكەن.

تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى تۆت ئوبلاستقا، يەنى لېنىنئاباد، قورغانتۆپە، قولياپ ئوبلاستلىرى ۋە گورنو - بەدەخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا، 43 رايونغا بۆلۈنىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى لېنىنئاباد، كومسومولئاباد قاتارلىق يەتتە رايون جۇمھۇرىيەتكە بىۋاسىتە قارايدىكەن.

تارىختا تاجىكىستان ئۇزۇن مۇددەت چەت مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 _4 - ئەسىرلەردە پارس ئامېنىيە خانلىقى ۋە يۇناندىكى ئالېكساندىر ماكېدونسكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردىن باشلاپ يۇنان - باكتېرىيە خانلىقى ۋە كۇشانىيە خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. 5 - ئەسىردىن كېيىن، تۈرك قەۋملىرى بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. 7 _ 9- ئەسىرلەردە ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. 9 -، 10 - ئەسىرلەردە تاشلى


خانلىقى ۋە سامانى خانلىقىغا تەۋە بولغان، بۇ دەۋر تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى بولغان. شۇنداقلا بۇ دەۋردە يەرلىك شىۋە ئاساسىدىكى تاجىكلارنىڭ ئورتاق تىلى شەكىللەنگەن ھەمدە يېزىق كەشپ قىلىنغان. 13 - ئەسىردە موڭغۇل - تاتارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. 14 -، 15 - ئەسىرلەردە تېمورىلەر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتكە تەۋە بولغان. 16 - ئەسىردە شايبانىخان خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. 1868 - يىلى تاجىكىستاننىڭ شىمالىي رايونى چارروسىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان؛ جەنۇبىي ئوتتۇرا ۋە شەرقىي رايونلىرى بولسا بۇخارا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان. 1920 - يىل 6 - ئۆكتەبىر بۇخارا فېئودال خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1924 - يىلى ئۆكتەبىردە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي تېررىتورىيىلەرگە بۆلۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئەسلىدىكى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تاجىك سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئۆزبېك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1929 - يىلى تاجىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئاساسىدا تاجىك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1931 - يىلى مايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بولغان. 1991 - يىل 31- ئاۋغۇست تاجىك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى دۆلەت نامىنى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلغان. شۇ يىلى 9 - سېنتەبىر تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. 21 - دېكابىر تەشەببۇس قىلغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىگە قاتناشقان.

تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، 114 دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، روسىيە، جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىران، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان.

تاجىكىستان خەلقئارا قانۇنىي پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىش، تاجىكىستاننىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى قوغداش، بىر -بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدە، ئۇ باشتىن - ئاخىر مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، روسىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، بېلورۇسىيە ۋە تۈركمەنىستانلار بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. ئۇ ئافغانىستان، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن ئىناق قوشنا بولۇش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئاساسىدا قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تاجىكىستان ئېلىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكىمۇ بەك ئەھمىيەت بەرمەكتە.

ھازىر دۇشەنبىدە روسىيە، ئامېرىكا، جۇڭگو، گېرمانىيە، بېلورۇسىيە، ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر باش ئەلچىخانىلىرىنى قۇردى. ياپونىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن باش ئەلچىلىرى بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



پەرھات ئىلياس

# خىزىر تىككەن سىدە

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

بۇ سىدە مەن، دادام، ھەتتا بوۋام تۇغۇلماستىلا بار ئىكەن. شۇ چاغدىكى بوۋايلارمۇ ئۇنى كىملەرنىڭ قاچان تىككەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

بۇ سىدە مەھەللە ئايىغىدا، يەنە كېلىپ قىلىن چاتقاللىق ئارىسىدا بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇ يەردە جىن بار دەپ قورقاتتى. دىمىسمۇ ئۇنىڭ يېقىمسىز ئۆسكەن تۇرقى بەئەينى «مىڭبىر كېچە»دىكى دىۋىلەرگىلا ئوخشايتتى. ئون مېترچە كەڭلىككە يېيىلىپ تۇرغان بۈك - باراقسان، ھەيۋەتلىك شاخلىرى دىۋىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق پاخما چاچلىرىغا، يىلىم ئۆرلەپ، قار - يامغۇردا قارىداپ ھۆررەك بولۇپ كەتكەن ساقاقلىرى ئۆڭكۈردەك كۆرۈنىدىغان دەھشەتلىك كۆزلىرىگە، چاك - چاك، كۆرۈمسىز قوۋزاقلىرى پالاكەت يېغىپ تۇرغان بەد بەشىرە چىرايىغا ئوخشاپ كېتەتتى. شاخ - شاخلىرىغا تۇشۇپ كەتكەن قارغا، قۇشقاچ چاڭگىلىرىدىنمۇ بىر خىل شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا قارىغانلا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى. بولۇپمۇ پۈتۈن يېزا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن سۈرلۈك قاراڭغۇ كېچىلىرى ...

1

سۈتتەك ئايدىڭ بۇ قەدىمكى، خىلۋەت يېزىنى گۈزەل بىر چۆشكە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھېلىم بوۋاي مەھەللە ئايىغىدىكى قېرى سىدە بويىدا قانغۇچە نەشە چەككەندىن كېيىن قورسىقى

ئېچىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەجەب مەن ئالدىغا ماڭسام، يول كەينىمگە كېتىپ بارىدا ... - بۇ گويى ئۇنىڭغا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلدى، - ماۋۇ ئۆيلەرنىڭ قىڭغىرلىقىنى ...

ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسە شەكىل ئۆزگەرتكەندەك، ئاسماندىكى ئايمۇ تونۇردا تۇرماي ئېقىپ چۈشۈپ كېتىپ بارغان ناندەك قىڭغىر - قىيسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەتتا مۇنۇ يولمۇ خىلجىلىق بالىلارغا ئوخشاش بىر يەردە جىم تۇرماي نايناقلاۋاتقاندەك كۆرۈندى.

بىردىنلا ئۇنى كۈلكە قىستاپ كەتتى، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۈلكىسىنى باسالماي خىرىلداپ كۈلگىلى تۇردى. بۇ زادى نېمە كۈلكىدۇ؟ كالىدەك ياۋاش مۇنۇ مەھەللىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنىمۇ ياكى بۇ ئاچچىق پىغانلار ئارىسىدىن قايناپ چىققان ھەسرەتلىك كۈلكىمۇ؟ ياكى بولمىسا ... ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا كۈلگىنىنى بىلمەيتتى ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ كۈلۈشى كېرەك. نېمىشقا يىغلىغىنىنى بىلمىگەندەك، نېمىشقا كۈلگىنىنىمۇ بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكىم، نەشىنىمۇ مۇشۇنداق بىر كۈلۈۋېلىش ئۈچۈن چەككەندۇ ...

ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ، يۇلتۇزلۇق كۆككە بېقىپ قاقاقلاپ راسا كۈلمەكچى بولدى. بىراق بېشىنى تۈزۈك كۆتۈرەلمىدى. بېشىغا تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويۇلغاندەك، پۇتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك...

بىردىنلا ئۇ ئالدىدا چولڭ بىر ئۆستەڭنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى.

خۇدا بىر ساقلاپتۇ. بولمىسا ئېقىپ كېتەتتىكەنمەن.

ئۇ بىر دەم ئارام ئالغىلى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇردى. تاغنىڭ غۇر -غۇر شامىلى ئۆستەڭ سۈيىنى يېنىك تەۋرىتىپ تۇراتتى.

بۇ مەھەللىدە ئۆستەڭ يوق بولىدىغان ... خۇدايىم مېنى نەلەرگە ئاپىرىپ قويغاندۇ - ھە؟

ئۇ ئاي نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان سۇغا قارىدى. پىل - پىل يۇلتۇزلار، توختىماي لەپەڭشىپ تۇرغان ئاي، يەنە دەرەخ سايىلىرى ...

يا رەببىم، ئۆستەڭ دېسەم دەرياكەنغۇ بۇ، دەريا! - ئۇ بارغانچە كېڭىيىپ كېتىپ بارغان سۇغا قارىغىنىچە ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلىدى، - ئاۋۇ قىرغاقتىكىسى لويلىمىدۇ ياكى ئورمانمىدۇ؟

مەيىن داۋالغۇپ ئېقىۋاتقان دەريا بىردىنلا ئۇنىڭغا ياشلىقىنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرىمۇ مۇشۇ ئايدىڭدەك، مۇشۇ دەريا دولقۇنلىرىدەك لىرىكىلىق ئىدى.

كىچىكىدە ئۇ يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى تولا تارتقان، يۇرت كېزىپ يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ يۇرتقا ئورناپ قالغان، كېسەك قويۇپ، تام سوقۇپ يۈرۈپ تۇرمۇش يولىنى تاپقانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ كېلىشكەن، بەردەم يىگىت ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئۆيىنىڭ كېسىكىنى قويۇپ بېرىۋېتىپ، شۇ ئۆينىڭ يالغۇز قىزى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قالدى. قىز ئاتا - ئانىسىنىڭ توسىغىنىغىمۇ قارىماي پات - پات سېيدە تۇۋۇدە ئۇنىڭ بىلەن خوپپىيانە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى..

شۇ چاغدىكى گۈزەل كېچىلەرنى ئەسلىسە، ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنى يىگىتتەك سېزىدۇ، ھاياجاندىن تومۇر-تومۇرلىرىغا ئوت كېتىدۇ.

مەيىن شامال ئۇنىڭ قاداق بېسىپ قورۇلۇپ قالغان بويىنىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا يېنىدا گۈزەل يارى ئولتۇرغاندەك سېزىم بەردى. ئۇ بۇنىڭ لەززىتىنى ئۇزاقراق سۈرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمدى. بارلىق دەرد - پىغانلاردىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك، كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئۇھ دەپ بىر تىنىۋالدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مۇڭلۇق تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى، راستىكەن! راست تەمبۇر ئاۋازىكەن! كىم چېلىۋاتقاندۇ؟ نەدىدۇ؟

ئاخىر بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز ئىچىدىن، يۈرىكىدىن قايناپ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بىر ناخشا ئاۋازى، بۇمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتاتتى. يەنە نومۇسچان قىزدەك قىزىرىپ كەتكەن شەپەق، ئانىسىنى شوپۇلدىتىپ ئېمىۋاتقان بۇدرۇق موزاي ۋە ئىتلارنىڭ كېچىدىكى سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاشلىرى . . .

دەسلەپتە ئۇ بۇ ناخشىنى ئىچىدە ئېيتتى. ئاندىن ئاستا - ئاستا تېشىغا چىقىرىپ بار ئىشتىياقى بىلەن غىڭشىشقا باشلىدى.

تۇيۇقسىز سۇ چاچراپ، ئۇ چۆچۈپ كەتتى. كىمدۇر بىرى ئاتقان كېسەكتىن چاچرىغان سۇ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. سۇدىن ئەندىكىپ دەرھال ئېسىگە كەلدى. شۇئان كىملەرنىڭدۇ پىخىلداپ كۈلۈشلىرى ئاڭلاندى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىغانىدى، بىر نەچچە ئۇششاق بالىنىڭ كوچا تېمىنىڭ كەينىدىن خۇددى ئاچ قالغان قۇشقاچ بالىلىرىدەك، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلدى.

- ھۇ ھارامزادىلەر، - كەپىلىكتىنمۇ ياكى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەنلىكتىنمۇ، بالىلارنىڭ بېشى يەردە، پۇتى ئاسماندا كۆرۈندى، - ھۇ ئاپىسىدىن تەتۈر تۆرەلگەنلەر.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇشىغا بالىلار چۇرقىراشقىنىچە قېچىپ كېتىشتى. ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ يەر-زېمىن پىرقىرىغاندەك كۆرۈنگەچكە، ئۇ بالىلارنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئىككىلا تەرەپتە تام، ئالدىدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىق.

ھوي، دەريادەك كۆرۈنىۋېدى، كىچىك بىر ئېرىقكەنغۇ، - سۇنىڭ سوغۇقىدىن ئۇنىڭ كەيپى خېلىلا يانغانىدى، - مەستلىك دېگەنزە . . . تېز ئۆتۈۋالاي جۇمۇ، يەنە دەرياغا ئايلىنىپ قېلىپ كاساپەت . . . ئۇ ئېرىقتىن تەستە ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆز ئۆيىنى مۆلچەرلەپ ماڭدى. بايا مەستچىلىكتە ئالدى كوچىدىن ماڭدىم دەپ ئارقا كوچىغا كىرىۋاپتىكەنمەن — دە . . .

ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئالدىدا قاپقارا بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى ۋە شۇئان جايىدا توختاپ ئۇ نەرسىگە زەن قويۇپ قارىدى.

كۆتەكمۇ نېمە؟ يارەببىم، مىدىرلاۋاتىدىغۇ! ھۇ . . . ماڭا قاراپ كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ سۇبھانالla . . . قورقىنىدىن ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى. يۈرىكى پۇلاڭلاپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

ئىت . . . ئىتكەن ئەمەسمۇ . . . قارا . . . تازىمۇ يوغان . . .

«كەتوي! » دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىدىن قورقۇپ. ئىت ئۇنىڭدىن قورقتىمۇ، مېڭىشتىن توختاپ قالدى.

ئىتنىڭ ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىقلىق، ئاچقۇچى خۇدايىمدا، ئىتنىڭ ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىقلىق، ئاچقۇچى خۇدايىمدا . . .

بوۋاي شۇنداق دەپ تۇرغاندا، ئىت تويۇقسىز ھاۋ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇ ۋايدېگىنىچە ئارقىسىغا تىرىڭگىدە ئۈچۈپ كەتتى. «ئىت» بىردىنلا ئىككى پۇتلۇق بولدى - دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قېچىپ كەتتى.

بوۋاينىڭ يۈرىكى يېرىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بېرىسى بولدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاسمان قىيسىيىپ، ئاي پۇلاڭلاۋاتقاندەك، يۇلتۇزلار ھەسرەتلىك ياشلاردەك تارام-تارام سىرغىپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈندى.

«ھۇ ئاپسىدىن تەتۈر تۆرۈلۈپ قالغانلار!» دەپ تىللىدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ قېچىپ كېتىۋاتقان باللارغا ھۇمايغىنىچە. ئەسلىدە ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ھەممىسىنىڭ قولاقلىرىنى قورا ئۈزگەندەك ئۈزۈۋالماقچى ئىدى. بىراق پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

2

ھېلىم بوۋاينىڭ نەشىنى بېسىپ چېكىۋاتقىنىغا مانا ئون يىل بولۇپ قالدى. خۇمارى تۇتۇپ نەشە تاپالماي قالغان چاغلىرىدا ھاراق ئىچىدۇ، تاماكا بولسا ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ئورنىدا. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئەللىك ياشقا بارا - بارمايلا مۈكچىيىپ يەتمىش ياشلىق بوۋايلارغا ئوخشاپ قالدى. چاچ - ساقاللىرىغا بالدۇرلا ئاق كىرىپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك سېرىقداپ كەتتى.

ئۇ نەچچە قېتىم نەشە بىلەن ھاراقنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ بولدى. بىراق خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن مەزگىللەردە ئۈگە - ئۈگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، تىلى كېكەچلەپ، خۇددى ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەست بولماي ساق يۈرگەندە بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئازابلىق بىلىنەتتى.

ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن كىرلىشىپ، بەدبۇي پۇراق چىقىپ تۇرغان يوتقىنىنى بىر بولۇڭغا تارتىپ قويۇپ، موخۇركا ئوراشقا باشلىدى.

ھەي، شۇ رەھمەتلىك خوتۇنۇم بولغان بولسا، مۇنچىلىك كۈنگىمۇ قالماس ئىدىم. كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىم پاكىز، ئۈچ ۋاق تامىقىم تەييار. ئۇ بولغان بولسا، ئىچىپ، چېكىشكىمۇ ئۆگىنىپ قالمىغان، بىر چىرايلىق ھۈنىرىمنى قىلىپ جېنىمنى گۈلدەك باققان بولاتتىم. ئەمدىزە مۇنۇ قىزىمنىڭ قولىغا قېلىۋېدىم، خورلۇق تارتىپ قېلىۋاتىمەن. ئۆزىنىڭ ئۆيى چىنىدەك پاكىز، پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدەك ياسىداق. مەن ياتىدىغان مۇنۇ ئۆي بولسا، كۆمۈرخانىنىڭ ئۆزى. ئايدا بىرەر قېتىم سۈپۈرگە تەگسە تېگىدۇ، بولمىسا يوق. تاملار قارىداپ، ئۆينى سېسىقچىلىق باسقان. مۇنۇ ئاستىمدىكى يىرتىق كىگىز پۇر - پۇر توپا. تاماقنىمۇ خۇددى ئىتقا ئاداپ بەرگەندەك سىرى چۈشۈپ كەتكەن ئەسكى جاۋۇردا ئەكىرىپ ئالدىمغا تاققىدە قويۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قىزىم بولغاندىكىن بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېسە، ۋاي دادا، دەپ قويسا ئۆلەمدۇ . . . شۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ، كۆزلىرى

نەملەشكەندەك بولدى ۋە موخۇركىنى ئەلەم بىلەن كۈچەپ شورىدى. ئاندىن سىرتقا چىقتى. قىزى زورا (زورا بۇۋى) ئەمدىلا سۇ ئەكىلىپ ھويلىدىكى ئىدىشقا قۇيۇۋاتقانىكەن.

دادىسىنىڭ ئەبگا تۇرقىنى كۆرۈپ زورانىڭ شۇئان چىرايى تۇتۇلدى ۋە ھەرىكەتلىرىمۇ قوپاللاشتى. بوۋاي ئۇنىڭغا گەپ قىلسىلا، ئۇنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

-ھۇ چولڭ بولغىنىنى تۈيمايدىغان قاقباش، ئۆزۈڭ رەسۋا بولغىنىڭنى ئاز دەپ مېنىڭمۇ يۈزۈمنى قويمىدىڭ. ئىسىت، سەندەك بىر بەڭگى -ھاراقكەشنىڭ قىزى بولغۇچە، قارىغۇ بولسىمۇ ئازراق مېھرى بار بىرەرىنىڭ قىزى بولۇپ قالسامچۇ.

بـۇلا ئەمەس، ئۇ دادىسىنى تېخى «رەسۋا، ئۆلگۈر» دېگەندەك تىللار بىلەن تىللايتتى. ھە دېسە سىلكىشلەپ، سەتلەپلا تۇراتتى. بىراق بوۋاينىڭ يۈرىكى ئاجىز بولغاچقا، قىزى بىلەن تەڭ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمىلا قىلغىنى بىلەن ئۈچ ۋاق تامىقىنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

شۇڭا بوۋاي گەپ قىلمايلا باغقا كىرىپ كەتتى. يۈزىنى يۇيۇپ ئۆيىگە كىرگەندى، قىزى نان بىلەن چاي ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ھەر ھالدا ھېلىقى خالبۇۋىدەك مېنى تاشلىۋەتمىدى، - دەپ ئويلىدى ئۇ چاي ئىچىۋېتىپ، - توي قىلىپ كېتىۋېلىپ بىرەر قېتىم، دادا بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن دەپ ئاپىرىپمۇ باقمىدى. ئايدا - يىلدا بىر كەلگىنىدىمۇ سىڭلىسى بىلەنلا كۆرۈشۈپ، ماڭا تۈزۈك چىراي ئاچمايدۇ، تېخى. ئاپامنى خورلاپ ئۆلتۈرگىنىڭنى ئاز دەپ سىڭلىمنىمۇ خورلىغىلى تۇرۇپسەن، دەپ بىر مۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىپ كېتىدۇ. سىڭلىمنى ئەكىتىمەن دەپ ئەكىتىۋېدى، ئېرى بىر ھەپتە تۇرغۇزمايلا قايتۇرۇۋەتتىغۇ ئۇ تۇزكورنىڭ. ئەر دېگەن شۇنداق تاتلىق. كىم بىلىدۇ، مۇنۇ زورامۇ بىرەر ئەر تېپىۋالسا، ئۆزىدىن ئات كوكۇلى كېسىمدۇ تېخى . . .

بىراق ئۇنىڭ قىزلىرىغا يۈز كېلەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. خوتۇنى ھايات ۋاقتىدا ئۇ قىمار ئوينايمەن دەپ ئۆيدىنىمۇ ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. كېيىن ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. مەست بولۇۋالسىلا خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ، قىزلىرىنى تىللايدىغان بولدى. قىزلىرىنى باشلانغۇچنى تـۈگەتمەي تۇرۇپلا ئوقۇشتىن چىقىرىۋالدى. خوتۇنى ئاغرىپ قالغاندا قول ئىلكىدە بولمىغاچقا، ئاقىۋەتتە خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى. كېيىن دەردكە چىدىماي نەشىگىمۇ ئۆگەندى. ئاخىر ھاراق بىلەن نەشە ئۇنى كاردىن چىقاردى. ئۇ كىم بىر بوتۇلكا ھاراق بەرسە، شۇنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان مەدىكارغا ئايلىنىپ قالدى. كېيىن چوڭ قىزى خالبۇۋى باشقا يۇرتتىكى بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كېـتىپ، شۇ ياقلىق بولۇپ كەتتى. بىراق زوراغا لايىق چىقمىدى. چىققان لايىقلارمۇ دادىسى بەڭگىكەن، دەپ يېنىۋېلىشتى. شۇندىن كېيىن زورا ئۆزىنىڭ بارلىق بەختسىزلىكلىرىنى دادىسىدىن كۆرىدىغان بولدى.

بوۋاي چاينى ئىچىپ بولۇپ يەنە موخۇركا ئورىدى. ئەمدى ئۇ بۈگۈننىڭ غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى، كەچكىچە نەدىن بولمىسۇن 100 گرام تېپىپ قېقىۋالمىسا، پۇت - قوللىرى تىترەپ بەزگەككىلا ئوخشاپ قـالىدۇ. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن قېنىپ بىر چېكىۋالسا بولدى. قالغىنىنى ئويلاشقا چولىسى يوق. ئويلىغان بىلەنمۇ بەربىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

### 3

شۇ كۈنلەردە سىدە توغرىلىق يەنە بىر گەپ تارقالدى.

تۇرغۇن ئىسمىلىك بىر يىگىت كېچىدە ئېتىزدىن ئاتلىق كېلىۋېتىپ سىدە بويىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئاپئاق بىر مۈشۈك سىدە ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېتى ئۈركۈپ كەتتى، ئۆزى ئاتتىن يىقىلىپ بېلىنىڭ تۈۋىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىگەن دوختۇرى، ئوقۇتمىغان موللىسى قالمىدى. باخشىغا پېرىمۇ ئوينىتىپ باقتى. بىراق ياخشى بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سىدە توغرىلىق يېڭى - يېڭى ئەپسانىلەر توقۇلدى.

بىر كىشى ئۇ سىدىنىڭ قېشىدا ئۇخلاپ قاپتىكەن، ئويغانسا ئېشەككە ئايلىنىپ قاپتۇدەك.

بىرى ئۇنىڭ شېخىغا ئېتىنى باغلاپ قويۇپتىكەن، يوغان بىر چاتقالغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. ئاخشىمى ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتسە ئوت كۆرۈنەرمىش.

بەزىلەر تېخى ھېلىم بوۋايمۇ ئەسلى شۇ سىدىنىڭ بالىسى ئىمىش، ئۇ كېچىسى بېرىپ غايىب بولۇپ كېتىپ، ئەتىگەنلىكى پەيدا بولۇپ قايتىپ كېلەرمىش، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ تارقىتىشتى.

يېزا دېگەندە بۇنداق ئەپسانىلەر كۆپ، كىم كاللىسىغا نېمە كەلسە، شۇنى دەۋېرىدۇ، بىراق بۇ ئەپسانىلەر سىدە دەرىخىگە بىر خىل قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك تۈس بېرىپ قويدى. بەزى خوراپاتلىققا ئىشەنمەيدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىغا بارالمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپ تۈكۈرۈشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇشتى. ئاپەت ياغسا شۇنىڭدىن ياغىدۇ دېيىشتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى ئىدى. بىراق ھەممەيلەن بۇ قەبىھ دۈشمەنگە چوقۇناتتى. ئۇنىڭغا چېقىلىشقا، ھەتتا بىر تال يوپۇرمىقىنى يۇلۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

### 4

— ئۈنىڭنى چىقارماي ماڭ دېدىمغۇ!

- چاپىنىمغا شاخ ئىلىنىشىۋېلىپ . . .

ئۈچ - تۆت ئۇششاق بالا قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ، تامدىن ئارتىلىپ بىر ئالمىلىق باغقا ئوغرىلىقچا چۈشتى.

بۇ ھېلىم بوۋاينىڭ بېغى ئىدى. مەھەللىدىكى ئۇششاق باللار كېچىلىرى پات - پات ئۇنىڭ بېغىغا ئوغرىلىقچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار تىنىش چىقارماي، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئۆزلىرىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن سۈت ئالمىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

- ھوي، ھوي، ئىگىسى بارئىكەن، - دەپ پىچىرلىدى ئالدىدا باشلاپ ماڭغىنى كەينىدىكىلەرگە دەرھال مۈكۈنۈشكە قول ئىشارىسى قىلىپ.

ئۇلار دەرھال بىر ئېرىقتا مۈكۈنۈپ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئون قەدەمچە نېرىدا ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

- مېنى ئالداپ قويسىڭىز قانداق قىلىمەن؟ - بۇ ھېلىم بەگنىڭ قىزى زورانىڭ ئاۋازى ئىدى.

- ساڭا يالغان ئېيتامدىم. خوتۇنۇمنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، سېنى ئالىمەن دېدىمغۇ، - بۇ بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئەر زورانى قۇچاقلاپ ھەدەپ سۆيگىلى تۇردى. باللار خۇددى

قىزىق كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بوينۇلىرىنى سوزۇپ قاراشقىلى تۇردى. ئۇ ئىككىسى سۆيۈشكەچ يەنە شېرىن-شېكەر پاراڭغا چۈشتى.

- رازاقكامكەنغۇ، - دېدى كىچىكرەك بىر بالا.

- تىنچ، - دېدى چوڭى.

رازاق زورانى بىردەم سۆيگەندىن كېيىن چىملىققا باستى. ئاندىن ئۇنىڭ كالتە ئىشتىنىنى تارتىپ سالغۇزۇۋەتتى . . .

ئۇلار ئالما دالدىسىدا بولسىمۇ، لېكىن ئايدىڭدا ھەممە ئىشلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

رازاق بىلەن زورا ھەدەپ ئىڭراشقىلى تۇرغاندا، ياشتا كىچىكرەك، شېتىلىرەك بىر بالا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. شۇئان ھەممىيلەن ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ تام تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. رازاق بىلەن زورا ھاپىلا - شاپىلا ئىشتانلىرىنى كىيىشتى.

5

ھېلىم بوۋاينىڭ ھاراق بىلەن نەشىنى ئاغزىغا ئالمىغىنىغا مانا ساق ئۈچ كۈن بولدى. بۈگۈن تاڭنى ئاشۇرسا، ئەتە ھېيت نامىزىنى چىرايلىق ئوتۇۋالسا، خۇدامۇ، ئۆزىمۇ رازى. قىزىمۇ خۇش بولىدۇ. ئەل - جامائەتنىڭ كۈتىدىغىنىمۇ شۇ. مۇشۇ باھانىدا ئىچىپ، چېكىشنى تاشلاپ جامائەتكە قېتىلىۋالسا، مېنى بولمىغاندا خۇدايىمنىڭ بۇ قۇتلۇق كۈنلىرىنى بولسىمۇ ساق ئۆتكۈزسە . . .

بىراق يېرىم كېچىگە بارغاندا ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ زادىلا بولالماي قالدى. بەدەن - ربەدىنى مۇھتاجلىق ئوتىدا كۆيۈپ، بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىغىلى تۇردى. قوللىرى زىلىڭ - زىلىڭ بولۇپ قالغاندەك دىر - دىر تىترەيتتى.

ئۇ ئاچچىق موخوركىنى ئۇزۇلدۇرمەي چەكتى. ھەتتا قارا ئۆرۈك قېقىنىمۇ شوراپ باقتى. بىراق كار قىلار ئەمەس.

ساندۇق ئارقىسىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھاراق . . . ئۇ ئىككىلا ئۆملىسە ئۇنىڭغا يېتەلەيدۇ.

شەيتان «بەربىر دوزاخقا كىرسەن» دەپ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالغىلى، ساندۇق قېشىغا سۆرىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرى خۇددى ساھىبجامالنىڭ سۆيۈشلىرىگە ئوخشاش تولىمۇ شېرىن ئىدى. بىراق ئۈچ كۈن بۇرۇن خۇداغا قىلغان قەسىمى يادىغا يېتىشى بىلەنلا دەرھال تىرەجەپ تۇرۇۋالدى.

شەيتان بىلەن خۇدا، مۇھتاجلىق بىلەن ئېتىقاد، ئۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ دوزاخ ئوتىدا كۆيگەندىنمۇ بەتتەر ئازابلاندى. بىرى گۇناھ، لېكىن لەززەتلىك، يەنە بىرى مۇقەددەس، لېكىن ئازابلىق.

«بەربىر دوزاخقا كىرسەن!»

بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا - قايتا تەكرارلىنىشقا، تەكرارلانغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن گۇناھلىق تۇيغۇلار بىلەن تولغان قەلبى سەل تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

دېمىسىمۇ راستتە، شۇنچە گۇناھلارنى قىلدى، ئەمدى ھەر قانچە ئىبادەت قىلغان بىلەنمۇ خۇدا كەچۈرەرمۇ؟ ئۆزىنى پەس كۆرۈش، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە يول بېرىش، گۇناھلىرىنىڭ سايىسىدە گۇناھلىق لەززەتكە ئېرىشىش . . . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلىغۇچىلىكىمۇ يوق، كاللىسى قاراڭغۇ بىر ھاڭغىلا ئوخشاپ قالغان. ئۇنىڭدا تەشنالىق، تەشنالىق . . . دېگەن مەۋھۇم كۆلەڭگىلەر كېزىپ يۈرەتتى.

ئاخىر كۆز - يورۇتلىرىدىن سۇ قۇيۇلۇپ، ئورنىدىن تۇر ۇپ چىراقنى ياقماقچى بولدى. بىراق قوللىرى تىترەپ سەرەڭگىنى زادىلا چاقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساندۇقنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ بېرىپ هاراقنى ئالدى. هاراقنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئاچقۇچە بىر ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى.

هاراقتىن ئۈچ - تۆت ئوتلام ئوتلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن پۇت - قوللىرىنىڭ تىترىشى توختىغاندەك بولدى ۋە ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى. شۇئان ئېيىپتىنى يوقىتىپ قويغان قىزدەك قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى. ئاھ پەرۋەردىگار، مەن يەنە شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ... ئۇ ئۆزىنى هارغىچە تىللىدى. خۇدادىن گۇناھىنى تىلىدى. بىراق هاراق ئىچىۋېتىپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇناھ ئىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە قىچىشقا، بەدەن - بەدىنىنى بىر خىل چۈشىنىكسىز ئازاب قىيناشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇيلانغۇدەك ئىشمۇ قالمىغانىدى. تاز بولسالىڭ گەدەنگىچە، ئۇ شۇ ئويى بىلەن هاراقتىن يەنە ئىككى-ئۈچنى ئوتلىدى. بىراق ئاخىرقى هېسابتا بۇمۇ كار قىلمىدى. بۇۋايغا ئايان، نەشە چەكمەي تۇر ۇپ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس!

نەشىنى ئويلاش بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى. يەنە بىرەر مىنۇتلا تۇرىدىغان بولسا، يۈرىكى پومزەكتەك قاڭقىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

نەشىنىڭ خۇمارىدا ئاخىر هېيتىنىمۇ، گۇناھىنىمۇ ئۇنتۇدى. تامنىڭ يوچۇقىغا گۆھەردەك ئەزىزلەپ تىقىپ قويغان كىچىككىنە بىر تۇگۈنچەكنى ئالدى. ئاندىن قوللىرى تىترەپ مىلى تەستە بىر تال ئورىدى. قېنىپ ئۈچ - تۆتنى شورىۋىدى، ۋاھ، قانچىراق يەرگە سۇ يۈگۈرگەندەك، تومۇر - تومۇرلىرىغا بىر خىل شېرىنلىك ياميرىدى. ئۇنى قىيناۋاتقان غەلىتە ئازابلارمۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

نەشە تۇگەپ ئۇنىڭ كەيپى ئۇرلىگىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىنى يورۇتقىدەك ۋىجىك ئەمەس، تامدەك بەستلىك، شىردەك كۈچلۈك سېزىشكە باشلىدى. ۋاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق باغ - بۇ! ئۇنىڭ كەيىلىكتىن پۇرۇم چوقايدەك پۈرۈلۈپ كەتكەن كۆزلىرىگە بۇككىدە بىر باغ كۆرۈندى.

ئاۋۇ تاش ئالمىلارنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى، چۇرۇق - چۇرۇق ... سۇ ... ياق، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ... باغ بىردىنلا چوغلۇقلار هۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ قاپتىلىغا ئايلىنىپ قالدى. .. قايەردىندۇر بىر يەردىن پادىلار قايتقانىدى، موزايلار ئاپىسىنى ئېمىشكە ئالدىراپ مۆرەشمەكتە ... يەنە خىيالدەك شەكىلسىز بىر سايە ...

بوۋاينىڭ قەلبىدە هەسرەتلىك كەچمىشلەردىن موز بولۇپ قېتىپ قالغان مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ ئاستا-ئاستا ئېرىشكە باشلىدى.

ئۇ دەسلەپتە بۇ ئاھاڭنى ئىچىدە ئېيتتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا تېشىغا چىقىرىپ بوغۇق ئاۋازدا غىڭشىغىلى تۇردى. بۇ ئاھاڭ تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. ئۆز ئاھاڭىدىن تەسىرلىنىپ بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش يۈگۈردى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان پىغاننى باسالماي ئۆزاققىچە بۇقۇلداپ يىغلىدى.

ئۇھ، تەڭگە تەمرەتكە ... ئۇ نېمىشقىدۇر شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئۇ سۆزنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭ، دەردلىك يىغا بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. لېكىن تويۇقسىزلا شۇنداق دېگۈسى كېلىپ قالدى هەم بۇ گېپى بەكلا قىزىق تۇيۇلدى.

پازىل تەڭگە تەمرەتكە، ئىمىر چاشقان كۆز، پاتەك بوغۇرساق . . . شۇنداق دېگەنسېرى ئۇنى كۈلكە قىستىغىلى تۇردى. پىخىلداپ كۈلۈۋەردى. كۆڭلىدىكى دەردلىرىمۇ يېنىكلەپ قالدى.

ئۇخلاپ نەچچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا خۇمارى تۇتۇپ يۈرىكى سىيلىپ كەتكەندەكمۇ بىر خىل دۈكۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. يەرگە يوروق چۈشۈپ بولغانىدى.

- دادا، ھوي دادا! - بۇ قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

- ھە، - دېدى ئۇ ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي خاراموش ھالدا.

- خەقلەر نامازغا مېڭىپتۇ، قوپقىن، - قىزىنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدىن كۆپ سىيلىق ئىدى.

- نامازغا؟ قايسى ناماز؟

- قايسى ناماز دەيدىغۇ، ھېيت نامىزى بولمامدۇ! يەنە چېكىۋالدىمۇ نېمە بۇ قاقباش؟!

شۇ ئان بوۋاينىڭ ئېسىگە بۈگۈن ھېيت ئىكەنلىكى كەلدى. بىراق زادىلا قوپقۇسى يوق، بېشى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر، كۆزلىرىدە تاتلىق ئۇيقۇ.

قىزى ئىككىنچى قېتىم ئىشىكنى قاققاندا ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى، ئورنىدىن تۇرۇشىغا بېشى پىررىدە ئايلىنىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. مۇشۇنداق نامازغا بارسام قانداق بولار؟ خۇدايىم نامىزىمنى قوبۇل قىلارمۇ؟ بوۋاي دەرگۇمان ئىچىدە تەرەت ئالدى. قىزىنىڭ زورلاشلىرىنى دېمىسە زادىلا بارغۇسى يوق ئىدى. ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. چاندۇرماي بېرىپ كەلسە بولمىدىمۇ، خۇدايىم كەچۈرەۋېتەر.

ئۇ مەسچىتكە بارغاندا مەسچىتنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن توشۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىمۇ مەسچىتكە كىرىشتىن ئەيمەنەتتى. شۇڭا مەسچىت ئالدىدىكى ناماز ئەھلىنىڭ كەينىدىنرەك ئورۇن ئالدى. ئادەملەر كېلىۋېرىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغىمۇ بىر نەچچە رەت قوشۇلدى.

ناماز باشلاندى، ئۇ ئامال بار چاندۇرماسلىققا تىرىشىتى. بىراق روكۇغا باش قويۇۋېتىپ تاس قالدى ئالدىدىكىنى باش بىلەن بىرنى سالغىلى. دېگەن بىلەن ھەممەيلەن پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن نامازغا بېرىلىپ كەتكەچكە، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى، دىققەت قىلغانلىرىمۇ ناماز بۇزۇلمىسۇن دەپ چاندۇرمىدى. بىراق نامازدىن كېيىن ئۆزۈندىن - ئۆزۈن پەندى - نەسىھەت باشلاندى.

ئۇ خەققە چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تېزرەك ئۆيىگە قايتىۋېلىشنى ئويلايتتى. لېكىن نەچچەرەتنى ئاتلاپ ئۆتۈش بىئەپ تۇيۇلدى. شۇڭا بىردەم تەخىر قىلاي دەپ ئولتۇردى.

ئىمامنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن يۇمۇلۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇخلاپ قالماي يەنە شەرمەندە بولۇپ . . . ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن چىدىغۇسىز بىر ئۇيقۇ ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئاخىر قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. دەسلەپتە خەق چاندۇرمىدى، ئەمما ئۇ يانغا يىقىلىپ خورەك تارتقىلى تۇرغاندا، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراشقىلى تۇردى. بەزى ئىچىدە شەيتىنى بارلار پىخىلداپ كۈلۈۋېتىشتى. شۇ ئارىدا دۈئاغا قول كۆتۈرۈلدى. ئاندىن ناماز تارقاپ، ياشتا چوڭراق بىر كىشى ئۇنى ئويغاتتى.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى قىيامەت ئىچىدە كۆردى. بىر توپ كىشىلەر ئۈستىگە ئۇلىشىۋالغانىدى.

- كىم بولاتتى، ھېلىم بەلكى بولمامدۇ، - دەۋاتاتتى كىمدۇر بىرى ئۇنى كۆرسىتىپ.

- يا پەرۋەردىگار، توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا!

ئۇنىڭ كۆز ئالدى روشەنلىشىپ، ياقىسىنى تۇتۇپ توۋا - ئىستىغپار ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ سادىر ئىمام ئىكەنلىكىنى تونۇدى. شۇئان بايائۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى ۋە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

- ھە ھېلىماخۇن، نېمە ئىزا، نېمە سەتچىلىك بۇ، ساقالغا ئاق كىرگەندە؟! مۇشۇ ئۇلۇغ ئايىم كۈنلىرىمىزدە شۇنچە رەسۋالاشقان بارمۇ؟

— ھۇ ئىمانى يوق كاپىر!

- بۇلغىدى نامازنى، بۇلغىدى، قازا قىلدى.

- چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان نېمىكەن بۇ پېسەندە.

ئۇ تەرەپ - تەرەپتىن يېغىۋاتقان ھەيبەتلەشلەردىن گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

6

ئاھ خۇدا، نېمە قىلغىنىمغا شۇنچە بوزەك بولىدىغاندىمەن؟ مەن نېمە؟ ھەۋرەزگە تاشلىۋېتىلگەن سۆڭەكمۇ قايسى ئىت خالىسا چىشلەپ ئېلىپ كېتىۋېرىدىغان. نېمىشقا باشقىلارنى ئەزىز، مېنى خار ياراتقانسەن، خۇدايىم؟!

زورا ئۆزۈنىڭچە نالە قىلىپ يىغلىدى. ئاندىن تۇگۈلگىنىچە جىممىدە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

... ئۇ لامپىنىڭ يورۇقىدا ياستۇق قاپقا گۈل بېسىپ ئولتۇراتتى. تويۇقسىز ئىشىك تىرىقلىدى. ئادەتتە پات - پات مۇشۇنداق چاغدا رازاق كېلەتتى. شۇڭا دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. بىراق ئىشىك ئالدىدا



رازاق ئەمەس، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سېمىز، بەستلىك بىر ئەر تۇراتتى. زورا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئارقا مەھەللىدىكى ئۈچىغا چىققان پىيەنچۈك ئىمرەمزى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇنىڭدىن كۆپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. كۆزلىرى غالجىر ئىتنىڭ كۆزلىرىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— سىز . . . ؟

زورا ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ بولغۇچە ئۇ ئۆيگە كىرىپ كاپپىدە ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن قوزىنى كۆتۈرگەندەك لىككىدە كۆتۈرۈپ، كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئاپاردى. زورا تىپىرلاپ باقتى، لېكىن كۈچى يەتمىدى. ۋارقىراي دېگەنىدى، ئىمرەمزى قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى. بەكرەك تىركەشكەنىدى، كارنىيىنى سىقىپ تامغا نىقتىدى. شۇنىڭ بىلەن زورا لاسسىدە بوشاپ يالۋۇرۇشقا ئۆتتى:

— دادامدەك تۇرسىڭىز، قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

— ھۇ جالاپ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، مېنىڭدىن قېرىلار بىلەن ئوينايسەن، مەن ئوينىسام بولمامدىكەن؟!

ئىمرەمزى ئۇستا قاسساپلار قوي سويغاندەك بىردەمدىلا زورانى ئاندىن تۇغما قىلىپ بولدى. ئاندىن قىلىدىغىنىنى قىلدى . . .

زورا يىگىرمە بەشلەرگە كىرىپ قالغان، يېزىغا نىسبەتەن قېرى قىز ھېسابلىناتتى. ئەسلىدە ئىككى-ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولىدىغان ۋاقتى ئىدى. بىراق پېشانىسىنىڭ شورلۇقىدىن تۈزۈك ئەر چىقمىدى. ئۇ ياراتقانلار ئۇنى ياراتمىدى، ئۇنى ياراتقانلارنى، بېشى تازكەن، قولىقى گاسكەن دەپ ئۇ ياراتمىدى. شۇنداق قىلىپ ئەرسىز ئولتۇرۇپ قالدى. بارا - بارا دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ زېرىكىشلىك بىلىنىدىغان، ياتسىمۇ، قوپسىمۇ ئەرسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنى چىرايلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن سەت ئەمەس، كۆكسى راسا تولغان، بەدىنىمۇ خېلى ئاق، بىراق قەدرىنى قىلىدىغان بىرەر ئەر بولمىسا، بۇ گۈزەللىكلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئۇ بەزى ئاخشاملىرى ئويلا - ئويلا بەدىنىنى بىر خىل ئەسەبىي تۇيغۇ چىرماپ، يوتقانىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمايتتى. بەزىدە: ماڭا نېمىشقا ئەر چىقمايدىغاندۇ؟ مەنمۇ ئەرگە تېگىپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقسام بولمامدۇ، دەپ ئويلاپ يىغلاپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، نومۇس قىلمىسا قوشنىلىرىنىڭكىگە كىرىپ بىرەر ئەرنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىشتىنمۇ يانمايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رازاق ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ بۇ لەززىتىنى تېتىتتى.

ئۇ كۈنى زورا دادىسى بىلەن بىرگە ئورما ئورىغىلى ئېتىزغا چىققان، كەچكىچە ئورما ئورۇپ دادىسى باغ بېقىپ قالغان، ئۇ ئېشەك بىلەن ئۆيگە قايتقانىدى. بايا بۇلۇتلارنىڭ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ يامغۇر ياغامدىكىن دەپ ئويلىغان، دېگەندەكلا يېرىم يولغا كېلە - كەلمەيلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى. زورا ئامالنىڭ يوقىدىن يول بويىدىكى بىر كۈزلەككە ئېشىكىنى بوردى ۋە كۈزلەك لەمپىسىگە كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشتى. چۈشۈپ تۇرۇشىغا كۈزلەكتىن ئوتتۇزلار چامىسىدىكى بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. زورا بىر قاراپلا ئۇنىڭ رازاق ئىكەنلىكىنى تونىدى.

— ھە، سىلەرنىڭ كۈزلىكىڭلار ئىكەن - دە . . . — دېدى زورا دەرھال چۈشەندۈرۈپ، — يامغۇر يېغىپ كېتىپ . . . توختىغىچە . . .

رازاق ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.
- بولدى، مەشەدىلا تۇراي، يامغۇر توختىغان ھامان مېڭىپ كېتىمەن.
زورا شۇنداق دېگىنى بىلەن يامغۇر ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ، سوغۇقتىن تىترەپ كېتىپ باراتتى.
رازاق بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى يەنە ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:
- بەك مۇزلاپ كېتىپسىز، كىرىپ ئوچاقتا ئىسسىنىۋېلىڭ.
رازاق شۇنداق دېگەچ ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرنى ئېلىپ لەمپىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويدى. بۇ قېتىم زورا تارتىنىپ ئولتۇرمايلا كۆزلەككە كىردى. كۆزلەكتە باشقا ئادەم يوق ئىدى.
- ئۆيدىكىلەر؟ . . . - دېدى زورا نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك تاپىسىدا توختاپ.
- ھە . . . ئۆيدىكىلەر . . . ھە، ئۇ باللارنى ئېلىپ مەھەللىگە چۈشۈپ كەتكەن، - رازاقنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز زورانىڭ ھۆل كۆڭلەك چاپلىشىپ مانا مەن دەپ چىقىپ قالغان تولۇق كۆكسىگە چۈشۈپ قېلىپ، تېنى شۇرۇرىدە قىلىپ قالدى، - بو . . . بولدى، كىرىۋېرىڭ. ئەن - ئەنسىرىسىڭىز مەن كىرمەي تۇراي.
- ياق، ياق . . . ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس.
زورا ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەممىيلىكىگە قاراپ كۆزلەككە كىردى ۋە پۈرۈقلاپ قايناۋاتقان قازاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوتسىنىپ ئولتۇردى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇنىڭغا خۇيمۇ خۇشياقتى.
- ئىسسىق چاي ئىچىڭ، ئىسسىيسىز.
- بولدى، قايناقسۇ ئىچەي.
رازاق چېنە بىلەن چۆمۈچنى ئالغانىدى، بولدى ئۆزۈم ئالاي دەپ ئېلىۋالدى. چۆمۈچنى ئېلىۋېتىپ زورانىڭ قولى رازاقنىڭ قولىغا تېگىپ كەتتى. شۇئان توك سوقۇۋەتكەندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى ۋە بۇ سېزىمدىن ئۈيىلىپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
قايناقسۇ ئىچكەندى، شۇئان ئۇنىڭ تىترىكى بېسىلدى. بىر چاغدا رازاقنىڭ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، كۆڭلىنى بىر خىل ۋەھىمە قاپلىۋالدى.
ماڭا چېقىلىپ قويارمۇ؟ شۇ ئوي بىلەن ئۇمۇ ئوغرىلىقچە رازاققا قارىدى، ئۇ پاكارراق بولغىنى بىلەن راسا تەمبەل، بويۇنى يوقىنىڭ بويىنىغىلا ئوخشايتتى. مېنىڭمۇ مۇشۇنداق كۈچلۈك ئېرىم بولغان بولسىچۇ، زورا بۇ ئويىنى زاراق بىلىپ قالغاندەك قاتتىق ئۈيىلىپ كەتتى. يېنىپ ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئاڭغىچە يامغۇر سەل پەسلىدى، زورا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقماقچى بولدى.
- بىر . . . بىردەم ئولتۇرۇڭ، - رازاقنىڭ قاراشلىرى باشقىچىلا ئىدى. يۈرىكى كۆپۈشۈپ نەپەسى جىددىيلىشىپ كېتىپ باراتتى.
- بولدى، ئەتىگەنرەك قايتىۋالاي . . .
زورا ئەمدىلا بوسۇغىغا بېرىشىغا، قانداق بولدى، ئۆزىنى رازاقنىڭ قويىنىدا كۆردى. رازاق ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى. زورا دەسلەپتە نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئاندىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، ھەدەپ يۇلقۇنغىلى تۇردى. ئاخىر ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئېشىكىنىڭ چۇلۇۋۇرنى يېشىپ تۇرۇشىغا رازاق ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى.

ـ قويۇۋېتىڭ! ئېپلاس! مېنى نېمە كۆرۈۋاتسىز! . . .

بىراق رازاق ئۇنىڭ قولىنى زادىلا قويۇپ بەرمەيدۇ.

ـ مەن، مەن بايا راستىنلا ئۆزۈمنى باسالماي . . . سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، راست. بۇرۇنمۇ سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ يۈرگەن، سىز راستىنلا چىرايلىق. بۇرۇندىن تارتىپلا سىزنى ياخشى كۆرەتتىم. . .

زورا ئەزەلدىن مۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ھەرقانچە خاپا بولسىمۇ، ئىچىدە خۇش بولدى. رازاق ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي يەنە بىر مۇنچە شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زورا سەل بوشاپ قالدى. شۇئان رازاق ئۇنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلغىنىغا ئۇنىماي كۆزلەككە قايتۇرۇپ ئەكىردى ۋە چۈشەكنىڭ ئۈستىگە بېسىۋېلىپ راسا سۆيدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. رازاقنىڭ سۆيۈشلىرىدىن دىمى سىقىلىپ، نەپەس ئالالماي قالدى. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تومۇرلىرىغا بىر خىل شېرىنلىك تارىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئىنتىلىپ كېلىۋاتقىنى مۇشۇ شېرىنلىك ئەمەسمىدى، ياق، ياق! ئۇ ھەرگىز مۇنداق قىلماسلىقى كېرەك . . .

بىراق رازاق ئۇنىڭ يۇلقۇنۇشلىرىغا قارىماي ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ھەدەپ سۆيەتتى، سىلايتتى. ئاخىر كۆڭلىكىنىڭ تېگىدىن قولىنى تىقىپ، ئۇنىڭ مىققىدە كۆكسىنى تۇتۇۋالدى. شۇئان زورانىڭ بەدىنى شۈرردە ئېرىپ، ئۆزىنى لاسسىدە تاشلىۋەتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ رازاقنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. بىراق بۇ سەۋەبلىك تۈگمەس ئازابقا قالارنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. رازاق توي قىلىپ بولغان، بىر بالىسى بار ئىدى. ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىلا پۇشايمان قىلىشتى. لېكىن رازاق داۋاملىق ئۇنى ئىزدەپ تۇردى. ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، «خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالىمەن» دەپ ۋەدە بېرەتتى. زورامۇ ئۇنى ھەپتىدە بىر- ئىككى كۆرمىسە تۇرالماس بولۇپ قالدى. رازاق تېپىپ بەرگەن دورىلارنى ئىچىپ بىر ـ ئىككى قېتىم بالىمۇ چۈشۈردى. ئۇنىڭ بالدۇرراق خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ ئۆزىنى ئېلىشىنى كۈتەتتى.

بىراق شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۆزىنىڭ رازاققا بولغان ئەقىدىسىنى يوقىتىپ قويدى. باشقا يۇرتتىن باغ ئالغىلى كەلگەن بىر يىگىت ئۇنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. يامان ئاتاققا قېلىشتىن، رازاقنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىن قورقۇپ بۇنى ھېچكىمگە تىنمىدى، ھەرقانچە ئازابلانسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. پات ـ پات يېرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ ئىشىكى چېكىلىدىغان، كىم خالىسا، شۇ ئۇنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالىدىغان بولدى. بەزىدە كۆپكۆندۈزلىرىلا . . . ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىمۇ سەۋەبچى. بىرەر ـ ئىككى ئېغىز شېرىن گەپ قىلىپ قويسىلا ئېرىپ قالىدۇ.

ئاخىر بۇ ئىشلار رازاقنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىراقلا يۈز ئۆرىدى. زورانى زادىلا ئىزدىمەس، زورا ئىزدەپ بارسىمۇ چىراي ئاچماس بولدى. يۈزىدىن يۈزىگىلا «سەن بىلەن ئوينىمىغان كىم قالدى» دېدى. تېخى خوتۇنى چىقىپ، ئېرىمنى يولدىن چىقىراي دەمسەن دەپ، جالاپتىن جالاپقا سېلىپ تىللاپ يۈزىگە تۈكۈردى. زورا ئاچچىقىدا ئەرز قىلىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق نېمىدەپ ئەرز قىلىدۇ؟

دادىسىنىڭ ئەھۋالى مۇنۇ، ئۆزى بولسا، خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولدى، ئەرز قىلىسىمۇ كىم ئاڭلايدۇ؟ ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ رازاقنى سولاپ قويار شۇ. ھەممىسى تەقدىر پېشانە. شۇ كۈنى يامغۇردا قالمىغان بولسا، بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى. نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق جېنىغا قىيمىدى. يەنىلا بۇ دۇنيانىڭ بىر يەرلىرى لەززەتلىك ئىدى، ھېچ بولمىغاندا بەزىلەر ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇۋالغۇچە بولسىمۇ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ قويىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك قىلىپ بېرىدۇ، خەجلىگىلى قولىغا يىگىرمە - ئوتتۇز سوم تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

بىراق بۈگۈنكىدەك رەھىمسىز ، نائىنسابلارمۇ بار ئىدى. بۇنداقلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئۇ چەكسىز خورلۇق ھېس قىلىپ تۇغۇلغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان يەيتتى.

7

ھېيت نامىزىدىكى ئىش پۈتۈن يېزىغا پۇر كېتىپ، ھېلىم بوۋاي باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى. چوڭلارلا ئەمەس، كىچىك باللارمۇ بۇ ئىشنى يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى. كوچىغا چىقسا، ئۇچرىغىنى بىر چېقىشاتتى، تەپسە تەۋرىمەيدىغان مۆرىمەسلەرمۇ ئۇنى كۆرسە سۆزمەن، چاقچاقچى بولۇپ كېتەتتى. بىراق ياشاش ئۈچۈن نورغۇن خورلۇق، ئازابلارغا كۆنمەي ئامالى يوق. چۈنكى خەق ئۇنىڭغا قاتتىق - يۇمشاق تەگكىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچىسىغا كىيىم - كېچەك، قورسىقىغا تاماق، ھاراق، نەشە ئېلىشىغا پۇل بېرىپ تۇرىدۇ. باشقىلارغا بىر تىيىننى ئۆتكۈزمىگىنى بىلەن ئۇنىڭغا كەلگەندە سېخىي.

بۈگۈنمۇ ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە بىرىگە ئوچاق سېلىشىپ بەردى. كەچتە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەغمىنىنى يېگەندىن كېيىن، كوچىدىكى بىر بوتكىدىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ، بوتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا بەش - ئالتە ئوتلىۋالدى. ئاندىن بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا ھويلىدىن بىر ئايالنىڭ چالۋاقاپ سۆزلەۋاتقىنى ئاڭلاندى.

- ھۇ، پاسكىنا جالاپ، مەھەللىمىزدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ بولدۇڭ! ھۇ، بېشىنى يەيدىغان بۇزۇق! ئەمدى سەن بۇلغىمىغان مېنىڭ ئېرىم قالدىما؟! مانا، مانا ئەمىسە، خوي بولدىمۇ . . .

قىزنىڭ «ۋاي چېچىم!» دەپ چىرقىرىشىمۇ ئاڭلاندى، بوۋاي دەرھال ھويلىغا كىردى. مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر ئايال زورانى چېچىدىن يۆگەپ تۇتۇۋېلىپ، ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى.

- سە . . . سە . . . سەن نې. . . نېمە دەپ . . .

بوۋاي جىددىيلەشكىنىدىن گېپىنى تاپالماي كېكەچلەپلا كەتتى ۋە ئۇدۇل بېرىپ ئۇ ئايالغا ئېسىلدى. زورانى مىڭ تەستە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراتتى. زورا ئۆيىگە ئوقتەك كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى.

- ھۇ، ئەرگە تويمايدىغان پاسكىنا جالاپ، ھۇ بەڭگىدىن تۆرەلگەن بۇزۇق! ھۇ . . .

بوۋاي ئۇنى توسىمەن دەپمۇ توسۇپ بولالمىدى، ئۇ ئىشىكنى مۇشتلاپ، تېپىپ بىر مۇنچە تىللىغاندىن كېيىن، زەھرىنى بوۋايغا چاچقىلى تۇردى:

— ھەي، قېرى بەڭگى! باشقۇرالمايدىغان نېمىشقا تاپتىڭ بۇ قىزىڭنى؟ نومۇسىنى سېتىپ تاپقان پۇللىرىغا بەڭ چېكىپ ئۆگىنىپ قالدىڭمۇ-يا؟! ھۇ ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئەتمەيدىغان بەڭگى، ھۇ، پەس سولامچى! . . .

ئاچچىقتىن بوۋاينىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. قوشنىلىرى كىرىپ ئارىغا چۈشمىگەن بولسا، ئۇنى ئۇرۇۋەتكەنمۇ بولاتتى. ئاخىر قوشنىلار ئۇ ئايالغا ھاي بېرىپ، ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

- دادىسى بەڭگى، قىزى جالاپ! دادىسى بەڭگى، قىزى جالاپ ... - دەپ تىللاپ ماڭدى ئۇ ئايال چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ. ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئەللىك ياشلاردىكى ئۆزىنى توختاتقان بىر ئايال قېپقالدى.

- ھېلىماخۇن، - دېدى ئۇ ئايال ھېلىم بوۋاي سەل پەسكويىغا چۈشكەندىن كېيىن، - بىز ئۇزۇن يىللىق قوشنا. رەھمەتلىك نىياسخان ھايات ۋاقتىدا بىز ئوبدان ئۆتكەن. سىزگە ... - قوشنىسى نېمىدىندۇر ئىككىلىنىۋاتقاندەك سەل تۇرۇۋالدى، - سىزگە دېيىمىكىن دەپ ... ئاغزىم بارمىغان. بۇ ئىش ... دېمەكچىمەنكى ... قىزىڭىزنى ئوبدانىراق باشقۇرغان بولسىڭىز، مەھەللىدە نامى چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. بەزىدە بىزنىڭمۇ كۆزىمىزگە چېلىقىپ قالىدىكەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ سەتچىلىك ... ئەسلىدىغۇ سىزگە بۇنداق دېمىسەم بولاتتى. بىراق ... سىز دادىسى بولغاندىكىن...

بوۋاي ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ قوشنىسىنىڭ بۇ گېپى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى.

قېرىغىنىمدا يەنە نېمە خورلۇق بۇ؟! - غەزەپتىن بوۋاينىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى، - گەپ قىلسام ئېغىز غىرىچلايدىغان بولۇۋېدى، ئەسلىدە بىكار ئەمەسكەندە. قىزىم، قىزىم دەپ كۆزۈڭگە قاراپ قويسام، ماڭا شۇ گەپنى تېپىپ بەردىڭما، ھۇ بەغەرەز...

ئۇ ئاچچىقىدا بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى. مەستلىكتە راسا سارائگىلىقى تۇتتى. ئۇنىڭ مۇنداق سارائگىلىق قىلمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. كۆمۈر چاقىدىغان پالتىنى قانداق ئالغىنىنى، قىزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قانداق بارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى.

ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ چاقىدىغانلا نەرسىنى چېقىشقا باشلىدى. قىزى دېرىزىدىن سەكرەپ كوچىغا چىقىۋالمىغان بولسا، چاناپ ئۆلتۈرۈپ قوياتتىمىكىنتاڭ؟

8

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھېلىم بوۋاي يەنە سىدىنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا نەگە بارسۇن؟ كوچىغا چىقسا خەقنىڭ گېپى، ئۆيدە ئولتۇرسا قىزى بىلەن ئۇرۇش - جېدەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن بىرەرى ئىش دەپ ئىزدەپمۇ كەلمىدى.

ئۇنىڭغا پەقەت مۇشۇ سىدە بويىلا ئەڭ تىنچ ئارامگاھ. بۇ يەردە ئۇنى گەپكە سېلىپ ئوينايدىغانلارمۇ يوق. ھېچكىم نېرى تۇر دېمەيدۇ. ئۇ نېمىنى خىيال قىلغۇسى كەلسە شۇنى خىيال قىلالايدۇ. ياشلىقتىكى گۈزەل ئەسلىملىرى بىلەن ئازابلىق قەلبىنى ئاۋۇندۇرىدۇ.

بۇ كەچكۈز مەزگىلى بولۇپ، سىدە شاخلىرىدا سارغىيىپ كەتكەن ئازغىنە يوپۇرماقلار قېپقالغانىدى. سىدىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبىنى مۇڭ قاپلىۋالدى.

ئويلاپ باقسا، ھاياتتا ئۇنىڭ كۆرگەن خۇشلۇقى ئاز، تارتقان خورلۇقى كۆپ بوپتۇ. بىچارە خوتۇنى بالدۇرلا ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدى. ئاندىن چوڭ قىزى ئۆزىدىن يۈز ئۆرىدى. زورا گەرچە ئاغزى ئىتتىك

بولىسىمۇ، ھەر ھالدا كۆيۈمچان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئاتا - بالىلىق مېھىر قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەدىشەپمۇ يوق. قايسى كۈنى ئەسلى ئۇنداق قىلمايدىغان ئىشكەنىدۇق. قىزىدىن ھەر قانچە ئۆتۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئېغىر - بېسىق بولسا بوپتىكەن. مەستچىلىكتە قىزىغا تەربىيە قىلىمەن دەپ بەكلا ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق قىزىمۇ بوش كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن زەھەردەك سۆزلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە. بەلكىم، بۇ سۆزلەر مەڭگۈ ئۇنىڭ قەلبىدە جاراھەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

«. . . سەن دادام بولۇپ ماڭا نېمە قىلىپ بەردىڭ؟ ئوقۇتالىدىڭمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇچامغا چىرايلىقراق بىرەر قۇر كىيىم قىلىپ بېرەلىدىڭمۇ؟ ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ سېنىڭ جاپايىڭنى تارتىپ كېلىۋاتىمەن، بىچارە ئاپاممۇ سېنىڭ تايىقىڭنى يەپ ئۆلۈپ كەتكەن. ھەدەمنىمۇ تولا تىللاپ يۇرۇپ سەن قاچۇرۇۋەتكەن، ئەمدى مەن قالدىممۇ؟ بىلىپ قوي، مېنىڭ مۇشۇنداق كۈنگە قېلىشىمغا سەن سەۋەبچى! سېنىڭ نامىڭ ياخشى بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ چاققىچە كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ بۇ ئۆيدە ئولتۇرمايتتىم. بىزنى كاردىن چىقارغان سەن! بىر كۈنى بولمىسۇن بىر كۈنى قىساسىمىزنى تارتىمەن! . . .»

قېرىلىقتىنمۇ ياكى تولا ئىچىپ، چېكىۋەرگەنلىكتىنمۇ سەللا جىددىيلەشسە، بوۋاينىڭ تىلى گاللىشىپ تۇتۇتلەپ قالاتتى. شۇڭا قىزىغا تۈزۈك گەپمۇ ياندۇرالمىدى.

قىزىنىڭ دېگەنلىرىمۇ راست. ئاپىسىدىن كېيىن قېلىپ، تۈزۈك كىيىممۇ كىيەلمىدى. تۇرمۇشنىڭمۇ ھېچبىر خۇشلۇقىنى كۆرمىدى. راست، ئۇ دادا بولۇپ قىزىغا زادى نېمە قىلىپ بېرەلىدى؟ بىراق قىزىنىڭمۇ مۇنچىۋالا ئاپتىن چىقىپ كېتىشى توغرا ئەمەستە. تېخى تەربىيە قىلسا، ئۆزىدىن بەكرەك چالۋاقاپ سۆزلەشلىرى، بۇرۇن بىر ئوبدان قىز بولىدىغان، چوڭ بولغانچە كىملەرنى دوراپ قېلىۋاتىدىكىن؟ ئىت بولغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتسە. بىراق ئۇ ئادەمدە، يەنە كېلىپ ئۆز پۇشتى.

بوۋاي ئويلىغانچە غەمگە پېتىپ، قانداق قىلارىنى بىلمەي قالدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلىيالىغۇچىلىكى، تۇرمۇشنى قايتىدىن رەتكە سالغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا ھاراق بىلەن نەشە بولسىلا بولدى. تازا خۇمارى تۇتۇپ كەتكەندە قىزى ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى.

ئۇ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن نەشىنى پىلىكچە قىلىپ تاماكا ئارىسىغا ئېلىپ ئورىدى. نەشىنى چەككەنسېرى ئازابلىرى ئۇنتۇلۇپ، گۈزەل چۈش دۇنياسىغا كىرىشكە باشلىدى. ئاخىر ئۆزىنى پەيدەك يېنىكلەپ، ئاستا لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

چوڭقۇر بىر ھاڭ. ئۇ ئۇنىڭغا چۈشۈپ كېتىپ، تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئاخىر بىر يەردە مۇئەللەق تۇرۇپ قالدى. ھاڭ تاماكا ئىسىدەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا تولغىنىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. ئاندىن ساھىبجامال بىر قىز يىراقتىن خۇش تەبەسسۇم قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ كىمدۇ؟ مەرھۇم خوتۇنىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى شۇنچە سالماق، چوغدەك قىزىل ياغلىقى مەيىن يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ . . . ئۇ تاغ سەلكىنىدەك ئاستا كېلىپ، ئۇنىڭغا چاچتەك ئورالدى. كېيىن بىردىنلا قويلارنىڭ كۆشىگىنىگە ئوخشاش بىر خىل كىرت - كىرت قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئاستا - ئاستا رىتىمغا چۈشۈپ مۇڭلۇق بىر مۇزىكىغا ئايلاندى. بۇ مۇزىكا شۇ قەدەر مۇڭلۇق، شۇ قەدەر شېرىن ئىدىكى، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى . . .

بىر چاغدا ئۇ سوغۇقتىن تېنى شۈركۈنۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قانداق ئۇخلاپ قالدىمكىنە؟ سېدە بويىدا

ئۆلتۈرغانىدىم، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟

ئۇ ئىككى - ئۈچ سائەت ئۇخلىغان بولسا كېرەك، كەيپى خېلى كۆتۈرۈلۈپ، يېشىلىپ قالغانىدى. بىراق بېشى بەك ئېغىر. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقىپ سىدە ئالدىغا كەلدى- دە، يۈرىكى ئېغىپ، چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى.

سىدە بويى بىلەن چىغىر يولغا ئۇششاق شامالار يېقىۋېتىلگەنىدى. پىلدىرلاپ تۇرغان ئوتلارنى كۆرۈپ، ئۇنى سۈر باسقىلى تۇردى.

بۇ يەردە جىن بار دەپ ئاڭلىغان، راستىكەن، جىن . . . جىن . . . سۇبھانالل . . . قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

- كىمسەن؟

بىرىنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. بىراق بوۋاي ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشقىمۇ پېتىنالماي پەرتلا ئاچتى. قاچقانسېرى سايىدەك قاپقارا بىر قول كېلىپ پېشىگە ئېسىلىۋالغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۈركۈگەن ئاتتەك شۇنداق تېز قاچتىكى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى ئۆيىدە كۆردى. ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ بولۇپمۇ قورقۇنچى بېسىلمىدى.

و

بوۋاي ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئاخشام قىزى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. تونۇگۈن ئۇ بىر تويدا ئوچاققا ئوت قالىشىپ بېرىپ ئاز - تولا ئىچىۋالغانىدى. كەچتە ساھىبخان رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر بوتۇلكا هاراق تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئۇ قازناق ئۆيدە بىر لىگەن پولۇنى يېگەچ ئوبدانلا ئىچىۋالدى. ئاندىن ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا هاراقنى يېنىغا سېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

دەرۋازا ئىچىدىن تاقاپ قويۇلغانىدى. ئۇ قېسىلچاقتىن قولىنى تىقىپ مىلىك تەستە دەرۋازىنى ئاچتى. ئاندىن ئۇزۇن هويلىدىن ئۆتۈپ ئۆي تەرەپكە ئەگىلدى. قىزىنىڭ هۇجرىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تويۇقسىز بىر ئەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

- ۋاي، دادىسىز دېگەن هازىر تويدا غەرق مەست. ئۆزىنى ئۇقماي ياتىدۇ . . . هە، ياق، تالادا ئەمەس، ئۆيدە . . . بولدى، ئۇنداق قىلماڭ. كېلىڭا . . .

ئاندىن بىر ئايال كىشىنىڭ «هۇ ئەسكى» دېگەن نازلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى!

شۇئان بوۋاي هەممە ئىشنى چۈشىنىپ يەتتى. غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. هۇ ئىپلاس! ئىززىتىنى بىلمەيدىغان قانجۇق! ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام سېنى! بوۋاي ئۆزىنى هەر قانچە بېسىپمۇ بېسىپ بولالمىدى. ئۆزىمۇ سەزمەي ئىشىكنى زەرب بىلەن بىرنى تەپتى. ئىشىك تاقالمىغانمۇ ياكى ئىلغۇچى ئاجراپ كەتتىمۇ، جالاقىدە ئېچىلىپ كەتتى.

بۇرۇتلۇق، بەستلىك بىر يىگىت زورانى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى . . .

ئۇلار تويۇقسىز بۇ زەربىدىن مەڭدەپ، بىردەم قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن بىردىنلا ئۇرە - تۆپە بولۇپ كېتىشتى. يىگىت چاققانلىق بىلەن قېلىن چاپىنىنى كىيدى - دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. زورا ئالدىنى ئېتىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرالدى. بوۋاي قانداقسىگە قىزىنى بىر كاچات ئۇرۇۋەتكىنىنى، ئۇنى «هۇ بۇزۇق» دەپ تىللىۋەتكىنىنى ئۇقماي قالدى. قىزى بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ

ئولتۇرمىدى. يېشىنى ئېقىتىپ، بېشىنى يەردىن ئالماي بەزدەك ئولتۇرۇۋەردى. بوۋاي ئۇنى يەنە ئۇردى، تىللىدى، ئاخىر ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن نېمىشقىدۇر جىممىدىلا ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. يۈرىكى ئېغىر تاشنىڭ ئاستىدا قالغاندەك قاتتىق قىسىلدى.

ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن ئېغىر كۈنلەر بۇ! شۇنچە دەردلەر ئازمىدى؟ دەپ قار - يامغۇر يىغلاپ دۇنيانىڭ نالىسىنى قىلدى. ئاخىر جىمى ئازابلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قويىنىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپ، ئولتۇرغان يېرىگە قىڭغىيىپلا ئۇخلاپ قالدى.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرغاندى، بېشى پىررىدە ئايلىنىپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. پۇتلىرى كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتتى. شۇنچە كەڭ ئۆي تۇرسا، ئوچاقنىڭ يېنىدا قۇرۇق تاغاردەك پۈكلىنىپ يېتىپتۇ.

ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاش بىلەنلا ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە مۇجۇلغىلى تۇردى. دېمەك، ئۇ يەنە بۇ ئازابلىق دۇنياغا قايتىپ كەلگەنىدى. بىردىنلا بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

ئاخشام ئاچچىقىمدا زورانى بەك ئۇرۇۋېتىپتىمەن، يىغلاپ قالغان . . . ھەر قانچە يامان دېگەن بىلەنمۇ خەق ماڭا بالىسىنى بېرەمتى. . . «بوۋاي شۇ ئوي بىلەن تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. لېكىن قىزىنىڭ قېشىغا كىرىشتىن نومۇس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ قىزىغا تىكىلىپ قارىيالىشى، قىزىنىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىنلا سۇس بولغان ئاتا - بالىلىق مېھىر مەڭگۈلۈككە ئۆچتىمۇ - قانداق؟

بوۋاي قىزىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.

ئاخشام ئۇ ئاچچىق ھەسرەتتە . . . بوۋاي ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمىدى ۋە ئاستا قىزىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئىشىكنى چەكتى. تىۋىش يوق، چاقىرىپمۇ باقتى، يەنىلا تىۋىش يوق. شۇئان كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سېزىپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى. ئۆيدە قىزى يوق. مەشنىڭ ئوتىمۇ ئۆچۈپ، ئۆي ئىچى مۇزلاپ كەتكەن.

بوۋاي دەرھال ئۆيگە كىرىپ، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر نەزەر تاشلىدى. ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا. تۇيۇقسىز ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە بىر پارچە خەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

«دادا، مېنى كەچۈرگىن، مەن كەتتىم، مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما.»

ئۇ قېرىنداش بىلەن قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغان بۇ خەتنى مىڭ تەستە ئوقۇپ تۈگەتتى. شۇئان كۆزى قاراڭغۇلىشىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ياق، ياق، قىزىم. ئۇنداق قىلمىغىن، ئەسكى داداڭنى تاشلاپ كەتمىگىن. ھەممىسى مەندىن كەتتى . . . - بوۋاي بىردىنلا ئېسىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپ كەتتى، - مەن بەغەرەز، سېنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىڭغا مەن سەۋەبچى . . .

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قىزى كوچىدا توڭلاپ قېتىپ قالغان ھالدا كەلدى. ئاندىن يەنە ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالغان، ئېغىلغا كىرىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ھالەتلىرىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالمايلا قالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئېغىل، كۆمۈرخانا، ئامبارلارنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. توڭلاپ كېچىچە ياغقان قاردا كۆمۈلۈپ قالغانمىدۇ دەپ، باغدىكى زۇمچەك

زۇمچەك يەرلەرنى مالتىلاپمۇ باقتى. بىراق قىزى يوق. شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەھەللە بېشىدىكى كۆل كەلدى ۋە ئۆيىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، شۇ ياققا قاراپ يول ئالدى.

كۆل قېلىن مۇز تۇتۇپ، ئۈستىگە ئاپئاق قار يېغىپ كەتكەنىدى، نە بىرەر كاچكۆل، نە بىرەر ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيتتى.

كۆلگىمۇ ئۆزىنى تاشلىمىغاندەك تۇرىدۇ، تاشلىغان بولسا، بىرەر يېرى ئۆيۈق بولاتتى. لېكىن بىرەر يەردە توڭلاپ يېتىپ قېلىپ، قار ئاستىدا قالغان بولسا . . .

بوۋاينىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن خىيال قالمىدى. مەن كەتتىم دېگەن ئادەم نەگە كەتكەنلىكىنى ئوچۇقراق يازسا بولمامدۇ. دادا دېگەن بالىنى ئۇنچىلىك باشقۇرۇپ قويغانغا نېمە بولاتتى. ئۆزى تاپتىن چىقمىغان بولسا، مەنمۇ تاك ئېتىپ چەكمەيتتىم. ئۇنىڭسىزمۇ ماڭا ئازمۇ. نەگىلا بارسام خەق يۈزۈمگە سېلىۋاتقان. . .

ئۇ بىردەم قىزىدىن ئاغرىنسا، بىردەم ئۆزىدىن ئاغرىناتتى. ئاندىن بۇ دۇنيا، ئادەملەر، ئىشقىلىپ ھەممىلا نەرسىنى قارا - قويۇق تىللايتتى.

چۈشكىچە ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئاخىر سوغۇققا چىدىماي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. قورسىقىمۇ ئېچىپ تاراقلاپ كەتكەنىدى. ئوچاققا كۆمۈر سېلىپ چاي قاينىتىپ قاتتىق نانلار بىلەن ئازراق چاي ئىچكەن بولدى. ئاندىن كاڭدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

ھەدىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتتىمۇ - يا؟ شۇنداقلا بولسا مەيلىتىغۇ، ئۆلۈپ - تارتىپلا قالمىغان بولسا. . .

ئۇ ئۆزى بىلىدىغان پەرەزلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. بىراق ھېچقايسىسىنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. ئويلاۋېتىپ تويۇقسىزلا بۇرنىغا نەشە پۇرىغاندەك قىلدى. شۇئان كېلى قىچىشىپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل تەقەززالىق چىرمىدى. بۇ تەقەززالىق بارغانچە كۈچىيىپ ئۇنى ئويلىيالماس، پىكىر قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭغائايان، مۇنداق كۆڭلى پەرىشان چاغلاردا ئۇ، نەشىگە تېخىمۇ مۇھتاج. خۇمارى بېسىلماي تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. بىرەر ئىشنىمۇ ئويلاپ باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

ئۇ نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى چاتىرىقىغا ساڭگىلىتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەيپ پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىدى. ئاستىدىكى يىرتىق كىگىز ئۆزىنى بىللە ئېلىپ ئاستا كۆتۈرۈلگەندەك بىلىندى. ئۇ ئۇچار گىلەمدە ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. ئاستىدىن مەھەللىلەر، ئېتىزلار، باغلار، داللار غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە. ئۇچا - ئۇچا ئاخىر ھەممە نەرسە بىر چېكىتكە ئايلىنىپ قالدى. ئازابلىرى، شېرىن خىياللىرى، ئۆزىگە مەسخىرىلىك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر ھەممىسى، ھەممىسى. ئەمدى ئۇ ئەرشئەلاغا چىقىپ خۇدانىڭ جامالىغا يەنكەنىدى.

يېقىنلا يەردىن بىر قول ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۇچقۇر بۇلۇتلاردەك ئۆزىگە شىددەت بىلەن كەلمەكتە. لېكىن زادىلا يېتىپ كېلەلمەيتتى. بىردىنلا ئۇ كۆلدىكى يوغان بىر كاچكۆلدىن چولتۇككىدە چۈشۈپ كەتتى. پەسلەپ - پەسلەپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاندىن قانداقتۇر بىر سايىگە ئېسىلىۋالماقچى بولۇپ قولىنى سوزغانىدى، قاراڭغۇ، چوڭقۇر بىر ھاڭغا يىقىلىپ چۈشتى. . .

شۇئان چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىدى. ئىسسىلىشىپ كەتكەن تام،



مەينەتلىشىپ پارقىراپ كەتكەن تورۇس ۋە يىرتىق كىگىز ... ئاندىن بۇ نەرسىلەرمۇ خۇددى ھالۋا چالغاندەك تولغىنىپ - تولغىنىپ غوۋا بىر چەمبىرەككە ئوخشاپ قالدى. ئۇ يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

غوۋا چەمبىرەك ئايلىنا - ئايلىنا يوغان بىر شارغا، شار تولۇمدەك سېمىز بىر ئادەمنىڭ ئەتلا كۆزى يورۇيدىغان خوتۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش يوغان قورسىقىغا ئايلاندى. بۇ قورساق شاردەك كۆپۈپ بېرىپ بىردىنلا پۈسسىدە يېلى چىقىپ كېتەتتى. ئاندىن يەنە كۆپەتتى، يەنە چۈشەتتى.

بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ شۇ قەدەر كۈلكىسى قىستىدىكى، ئۆزىنى باسالماي ئۇزاققىچە خىرىلداپ كۈلدى. كۈلۈۋېتىپ تويۇقسىزلا قىزى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى. قىز پەيدەك يېنىك قەدەملەر بىلەن ئاستا مېڭىپ، ئاپئاق رەخت يېپىلغان بىر تاۋۇتنىڭ قېشىغا باردى. رەختنى قايرىپ تاۋۇتقا چىقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايى شۇ قەدەر سولغۇن، شۇ قەدەر ھەسرەتلىك ئىدى.

بوۋاي ئايالى ئۆلگەن چاغدا مۇشۇ ئاپئاق تاۋۇتنى ئەگىپ يىغلىغانىدى. مانا ئەمدى قىزىمۇ شۇ تاۋۇتتا ياتىدۇ. ئەنە ئاۋۇ يەردە، ھويلىدا تۇرمامدۇ ...

ئۇ قانداقسىگە ھويلىغا چىقىۋالغىنىنى بىلمىدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ قۇيۇلۇۋاتقان ياشلارنى ھەرقانچە سىڭگىرىپمۇ سىڭگىرىپ بولالمىدى. كېچ - كېچىدىن بوقۇلداپ شۇنداق قاتتىق يىغلىغىلى تۇردى:

- قىزىمەي، قىزىمەي!
مېنى تاشلاپ كەتتىڭغۇ قىزىمەي!
تۈگىمەس دەردلەرگە قويدۇڭغۇ قىزىمەي!

سەن ئۆلگىچە مەن ئۆلسەم بولمامدۇ قىزىمەي!

. . .

ئۇ بارغانچە ئاۋازىنى قويۇپ بەردى. ئاخىر شۇنداق قاتتىق هازا ئاچتىكى، بىردەمدىلا هويلا ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇچرىغىنىغا بىر ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى:

- بارىڭدا قەدرىڭنى بىلمەپتىمەنغۇ قىزىمەي!
ئىسسىق، سوۋۇق ئاشلارنى ئېتىپ بېرەتتىڭغۇ قىزىمەي!
جېنىم قىزىمەي، گۈلۈم قىزىمەي!

. . .

كىشىلەر دەسلەپتە راستتىنلا ئۇنىڭ قىزى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى هەم «سەۋر قىلىڭ» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى. بىراق ئۇ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس، چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۆككە باققىنىچە سوزۇپ - سوزۇپ يىغلاۋەردى. ئاڭغىچە بىر نەچچەيلەن قىزنىڭ هۇجرىسىدىن قىز قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى تېپىپ چىقتى.

- هېلىمكا، زورانى تېخى ئەتىگەندىلا كۆرگەنتىمغۇ، ئاپتوبۇس بىلەن ناهىيىگە مېڭىپتىكەن، - دېدى بىرەيلەن خەتنى كۆرگەندىن كېيىن.

- ئەنە تاۋۇتتا ياتامدۇ. ساڭا كەلگەن ئۆلۈم ماڭا كەلسىچۇ قىزىمەي! ۋاي قىزىمەي، قىزىمەي!

كىشىلەر قايسى تاۋۇتنى دەيدىغاندۇ دەپ هويلا، ئۆيلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن بىردىنلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشقىلى تۇردى.

- بولدى قىلغىن هېلىماخۇن، قىزىڭ ئۆلمىدى، - دەپ بەزىلىرى ياشتا چوڭراق بىرى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، - ئۆلمىگەن قىزىڭغا هازا ئاچساڭ گۇناه بولىدۇ، گۇناه.

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن بەزلەپ يۈرۈپ ئۇنى مىڭ تەستە يىغىدىن توختاتتى. ئاندىن «بەڭگى دېگەننىڭمىغۇ كۆڭلىگە كەچمەيدىغان خىيالى يوق» دەپ غوتۇلداشقىنىچە تارقاشتى.

- قورسىقىڭ ئاچقۇ دەيمەن، - دېدى ياشتا چوڭراق كىشى ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ، - يۈر، بىزنىڭكىگە چىقىپ تاماق يېگىن.

10

قىش ئاپتىپى تەنىنىڭ راهىتى دېگىنى راستە. ئۇنىڭ شامال تەگسىمۇ تىترەپ تۇرىدىغان توڭغاق تېنى ئاپتاپ كۆرۈپ ئارامىغا چۈشتى. ئۇ تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىچە شېرىن خىيالغا چۆكتى.

كەچكۈزنىڭ سوغۇقىدا گىژىلداپ جان تالىشىۋاتقان نىمجان هەرە. تونۇردىن كېلىپ تۇرغان ئىللىق تەپ. جان هەلقۇمغا يەتكەندە شۇنىڭ ئۆزىمۇ زور بەخت. ئۇ شۇ تاپتا دەل شۇ هەرىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇنىڭ بۇرنىغا بىردىنلا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن، كۆپكۆك ئاشكۆكى سېپىلگەن چۆچۈرىنىڭ هىدى پۇرىغاندەك بولدى. بىر تويدا ئوتتۇن قالاپ بېرىپ پولۇغا راسا بىر تويۇۋالغان. شۇندىن كېيىن مانا ئۈچ كۈن بولدى، ئۇ، بۇ كىرگۈزۈپ بەرگەن قاتتىق - قۇرۇق نانلارنى غاجاش بىلەن ئۆتتى. هېچكىممۇ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ بىرەر قاچا ئىسسىق تاماق بېرەي دېمىدى. ئۇنى ئىشقا سالىدىغانلارمۇ چىقمىدى.

كۆندە ئەترەت ئاتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەسكى تاملىقتا ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. تۈنۈگۈن ھاراققا خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ سەمەتنىڭ دۇكىنىغا ئاران ئۈلگۈردى. بىراق يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق. تىترەپ تۇرالماي قالغىنىنى، نەپسى تاقىلداپ قازان بېشىدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقان ئۆششاق باللاردەك بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدىمۇ، پارچە ھاراقتىن بىر پىيالە قۇيۇپ بەردى. لېكىن بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ لالما ئىتتەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرسۇنمۇ؟ ھاراقلا بەرسىغۇ ئۇمۇ مەيلىتتى، بىراق بېرىۋېرىدىغان ئاقيارنىڭ توپىسى ئەمەستە.

بىچارە زورا، ئەجەب يەتمەپتىكەنمەن ئۇنىڭ قەدرىگە. ئۆلۈك - تىرىكىنى بىر بىلىۋالغان بولسام كاشكى. بوپتۇ، مېنى تاشلىۋەتسىمۇ، ھاياتلا بولغان بولسا . . .

زورا يادىغا يېتىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. مەززىلىك چۈچۈرە ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرىنىڭ ئورنىنى قويۇق تۇمان ئىگىلىدى. مۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشى، قىزلىرىنىڭ ئىستىقبالى، بۇلار ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئويلىغانچە ئۆزىنى جاڭگالدىكى قويۇق ھەم چېكى كۆرۈنمەيدىغان تىكەنلىككە كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى.

- ھە، ھېلىمكا، ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ ئىشەك مەدىكىدەك؟

ئۇ خىيالدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ دەرھال بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىرى سېمىز، بىرى ئورۇق ئىككى يىگىت ھازىرلا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدىغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

- ھە . . . ھە ئولتاردۇق . . . - دېدى بوۋاي بىرەر ئىشنى قىلىپ بەر دېگىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دېگەن تەمەدە لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ.

- بايا بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ئولتۇرساڭ، تېخى كىچىك بالا تام تۈۋىگە چىچىپ قويغان پوقمىكىن دەپتىمەن.

ئۇلار بىرىنىڭ گېپىگە بىرى كۈلۈشۈپ بوۋاينى بىر پەس مازاق قىلىشتى. بوۋاي ئۆزى ئويلىغان ئامەتتىن قۇرۇق قالماي دەپ، بېشىنى قاشلاپ ئۇلارنىڭ بىزەپ چاقچاقلىرىغا تەڭ كۈلۈشۈپ بەردى.

ئۇ تويۇقسىز ئورۇق يىگىتنىڭ يانچۇقىدىن بوينى چىقىپ تۇرغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى كۆرۈپ قالدى-دە، نەپسى تاقىلداپ تۇرالمايلا قالدى. مۇنۇ شۇملاردىن تەپ تارتمايدىغان بولسا، ھازىرلا بېرىپ ھاراققا ئېسىلغان بولاتتى.

- ۋاھ، بۇرنۇڭ تايغاننىڭ بۇرنىدىنمۇ ئىتتىككەن جۇمۇ سېنىڭ، - سېمىزرەك يىگىت ئۇنىڭ ئاغىنىسىنىڭ يانچۇقىدىكى ھاراققا ئاچكۆزلەرچە قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى، - قارىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويسىمۇ پۇراپ تېپىۋالىدىكەنسەن ھاراقنى.

- مولۇندەك قاراپ تۇرۇشلىرىڭدىن ھاراق چىشلىۋالغاندەكلا تۇرسەن. يۈرە، چىشىنى چېقىۋېتەيلى. كېچىچە ئىچىپ بىزنىڭمۇ بېشىمىز قاپاق.

بوۋاي بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭدى. ئۇلار ئاتخانا ئىچىدىكى كۆزلەكتەك پاكار بىر ئۆيگە كىرەدى. ئات باقار مەشكە مۈتنى راسا قالىۋېتىپ كارىۋاتتا قېلىن جۇۋىغا ئورۇلۇپ ئۇخلاۋاتقانىكەن.

ئورۇق يىگىت كىرگەن پېتى ئۇدۇل بېرىپ ئات باقارنىڭ مۈرسىگە پاققىدە بىرنى سالدى:

- قوپەۋە تولا، مېھمان كەلدى، مېھمان! ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە مۇنۇ. ھوي يۇنۇس! ئىسمىنى ئاتىسىغۇچە تۇرمايدىغان نېمىدە بۇ. ھوي، قەدىرلىك ئاغىنەم.

ئورۇق يىگىت ئات باقارنى نوقۇپ يۇرۇپ ئاران ئويغاتتى.

- ھە؟ ھە؟ - دېدى ئات باقار كۆزىنى ئېچىپ خاپا ھالدا.

- قوپ دەۋاتىمەن لامزەللە، ئاتخاناڭغا ئوغرى كىرىپتۇ، ئوغرى! ئاتلىرىڭنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

- ھە، ھە؟ نېمە دېدىڭ؟! - ئات باقار ھولۇقۇپ دەرھال تۇرۇپ ئولتۇردى، - راستما؟

- ئىشەنمىسەڭ چىقىپ قاراپ باق.

ئات باقار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا ماڭدى.

ئۇ كىرگىچە ئورۇق يىگىت ئاسقىدىكى ئات گۆشىدىن يوغان - يوغان بىر نەچچە پارچىنى ئېلىپ كورىغا سالدى.

- ئادەمنى ئالداپ . . . - دەپ غوتۇلدىدى ئات باقار قايتىپ كىرىپ، - ھەممىسى تۇرمامدۇ؟

- ھەي گومۇش، مۇشۇنداق ئۇخلاۋېرىدىغان بولساڭ، ئاتلىرىڭنى ئەمەس، سېنىمۇ ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ. ھە، بەز يىگەن مۇشۇكتەك گۆشىيىپ تۇرىسەنغۇ، سالام - سائەت قىلىشمامسەن. ھە مۇنداق. . . ئەمدى بىر مۇسۇلمانغا ئوخشىدىڭ. قانداق، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ مۇشۇنداقلا توڭلۇق قىلىدىغان بولساڭ، خوتۇنسىز قېرىپ كېتىسەن جۇمۇ.

ئات باقار ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ گەدىنىنى قاشلىغىلى تۇردى. ئاندىن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

- ھە، پىياز، تۇز - پۇزلىرىڭ بولسا چىقارمامسەن؟ - ئورۇق يىگىت شۇنداق دېگەچ كورىدىكى گۆشكە چېلەكتىكى سۇنى تۆكتى، ئاندىن كورىنى مەش ئۈستىگە قويدى.

ئات باقار بىر كورىدىكى گۆشكە، بىر ئاسقىغا قاراپ چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى.

- ھە، چىرايىڭ ئۆڭۈپ كەتتىغۇ؟ ئازراق گۆشىڭنى ئىشلىتىپ قويغانغا ئىچىڭ ئاداپ كېتىپ بارامدۇ؟ بولدى قورقما، زاكوسكىسى سېنىڭدىن بولغىنى بىلەن ھارىقى بىزدىن.

ئورۇق يىگىت شۇنداق دەپ يانچۇقىدىكى ھاراقنى ئېلىپ تاقىدە يەرگە قويدى. ئات باقار قىزىرىپ - تاتىرىپ يۇرۇپ ئاخىر ھەممىگە كۆندى.

ئۇلار مەشنىڭ يېنىدىكى پالاستا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. ئات باقارنىڭ ئىچمەيتتىم دېگىنىگىمۇ قويمىدى.

- ئۆزى تولا بولغان بىلەن كۆڭلى يۇمشاق بۇ بويتاق ئاغىنىمىزنىڭ، - دېدى ئورۇق ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلەۋېتىپ، - ھە، قېنى، گۆپپىدە. ھاراق ئىچمىگەچكە خوتۇن چىقماي يۈرگەن نېمەۋوي سەن. ھە، قېنى . . . ئىچمىسەڭمۇ قولۇڭغا ئېلىپ . . . مۇنداق دېسەڭ بىز خىجىل بولۇپ قالىمىز. سېنى كۆڭلىمىز تارتىپ ئىزدەپ كىرىۋەردۇق. يا ئۆزۈڭ ئىزدەي دېمەيسەن، ھە، مۇنداق . . .

ھاراق ئۈچ - تۆت ئايلىنىپ چاقچاق ھېلىم بوۋايغا يۆتكەلگەندى. ئات باقارمۇ ئېچىلىپ ھەدەپ كۈلگىلى تۇردى.

- يەنە بىر كۈنى، - دېدى ئورۇق ھېلىم بوۋاي ھەققىدىكى لەتىپىلىرىنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، -

ھېلىمكام راسا چېكىپ كەچ ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى ئايدىڭ، دېرىزىدىن ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغانىكەن، ئۇخلاۋاتقان خوتۇنىنىڭ شولىسى ھېلىمكامغا ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. بېشىنى سىلكىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ شۇنداق قارىسا، خوتۇنىنىڭ قېشىدا دۈۋىدەك يوغان، زەڭگىدەك قاپقارا بىر ئەر پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ھۇ ئاناڭنى، ئۆلتۈرۈۋېتەمدىغان بولسام، دەپ دەرھال ئوچاق بېشىغا بېرىپ قىڭراقنى ئىزدەپتۇ. خوتۇنى تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ دەرھال چىراغ يېقىپتۇ. قارىسا، ھېلىمكام قىڭراقنى تۇتۇپ ئالاق-جالاق قاراپ تۇرغۇدەك. قورقۇپ كېتىپ، ۋاي نېمە بولدى؟ دەپ سوراپتۇ. قېنى، قېنى ئۇ؟ چانىۋېتەمدىغان بولسام، دەپتۇ ھېلىمكام، كىم دەپ سوراپتىكەن، قېشىڭدا ئۇخلاپ ياتقان ئاشنائىڭچۇ، دەپتۇ. خوتۇنىمۇ ئەقىللىق خوتۇنىكەن، دەرھال بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. چاقچاق قىلىپ، ھەي بەڭگى، مېنىڭ قېشىمدا سىز ياتمىسىڭىز باشقا كىم ياتاتتى، دەپتۇ. ھېلىمكام مەستچىلىكتە بايا ئۆزىنىڭ سىرتتىن كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى قويۇپ، ياپىر، خۇدا بىر ساقلاپتۇ. قىڭراق بىلەن چانىۋېتكەن بولسام، ئۆلۈپ قالاتتىكەنمەن ئەمەسمۇ، دېگۈدەك.

بۇ لەتىپىنى ئاڭلاپ يەنە ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ھېلىم بوۋايمۇ تەڭ كۈلۈشۈپ بەردى. كۈلۈشۈپ بەرمەيمۇ ئامالى يوقتە. ئۇ ئۇلارنىڭ ھارىقىنى ئىچكەنگە خۇش، ئۇلار ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلگەنگە خۇش.

- راسا چېكىۋالغان يەنە بىر كۈنى ھېلىمكام قېيىن ئاتىسىنىڭكىدە قونۇپ قاپتۇ. ئورۇننى قېيىن ئاتىسى بىلەن بىر ئۆيگە سېلىپ بەرگەنىكەن، ياتىدىغان چاغدا ھېلىمكام كەيپلىكتە ئىشتىنىمنى سالدىم دەپ تامبىلىنىمۇ قوشۇپلا سىيرىۋېتىپتۇ.

ئاندىن بۇنىڭدىنمۇ بىزىپ لەتىپىلەر چىققىلى تۇردى. بوۋاي بۇنىڭغىمۇ كۆندى. بۇلا ئەمەس، ئۇ بىر رومكا ھاراق ئۈچۈن ئىتنى دوراپ قاۋاپ بىر دېسىمۇ ماقۇل دەيتتى.

بىرىنچى بوتۇلكا تۈگەپ، ئىككىنچى بوتۇلكىمۇ كىردى. ئاڭغىچە ئات گۆشىمۇ پىشتى. ئىككىنچى بوتۇلكا تۈگەي دېيىشكەندە ئات باقار يەنە بىرنى تەييار قىلدى. بۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ قولىقى مىدىرلاپ بولغانىدى. ئۇلار بىر -بىرىنىڭ گېپىگە قوناق بىرمەي تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكىلى تۇردى. ئورۇق ھېلىم بوۋاينى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھاقارەت قىلغىلى تۇردى.

- مەست بولساڭلا بېلىڭگە ئاق باغلاپ قىزىم ئۆلدى دەپ يىغلايدىكەنسەن، يىغلىماي خۇش بولساڭ بولىدۇ ھەي قېرى. زورا ھازىر ئۈرۈمچى دېگەن شەھەردە كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ، نەچچە قەۋەتلىك بىناسى، ئاستىدا پىكاپى باركەن. چوڭ بىر كاتتىباشقا تېگىۋاپتۇ دەيدۇ، ئىمىتىڭ بار جۇمۇ سەن قېرىنىڭ . . .

ئورۇقنىڭ بۇ گەپلىرى ھېلىم بوۋاينىڭ بەكلا كۆڭلىگە كەلدى. شۇنچە شاڭخولارنى كۆتۈرگەن بىلەن قىزى توغرىسىدىكى ھاقارەتنى ئاڭلاپ بىردىنلا مەست بولۇپ قالدى. بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىپ جىممىدە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغان چاغلاردا بىرەرى كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىرەر گەپنى قىلىپ قويسىلا قولىغا چىققان نەرسىنى ئاتىدىغان قىلىقى بار ئىدى. نەچچە قېتىم شۇنداق قىلىپ قويۇپ بۇرنىغا يېگەن چاغلىرىمۇ بار ئىدى. ھازىرمۇ مۇنۇ شۇمتەكلەردىن تەپ تارتمىسا، بوتۇلكىنى ئاتقان بولاتتى.

- ھە، ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ كەندىرلىكنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغاندەك. رېھىمكامنىڭ مىدە ئىشكىنى

چۈشەپ قېلىۋاتامسەن - يا؟

- بەڭگى دېگەننىڭ خىيالىنى بىلسەڭغۇ، شۇ تاپتا زورانىڭ پىكىپىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ بۇ.

بوۋاي ئاخىر ئۆزىنى زادىلا باسالمىدى. قانداقسىگە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. يېنىدا تۇرغان قۇرۇق بوتۇلكىنى ئېلىپ ئورۇقنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئاندىن يېرىمى قالغان هاراقنى بىر تىپىپ ئۆرۈۋەتتى. ناۋادا سېمىز بىلەن ئات باقار تۇتۇۋالمىغان بولسا، مەشنىمۇ تىپىپ ئۆرۈۋەتكەن بولاتتى.

ئورۇقنىڭ بېشى يېرىلىپ يۈز - كۆزى قانغا بويالدى، ئۇ بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسىگە كېلىپ بىردىنلا ھېلىم بوۋايغا تاشلاندى، هايت - هۇيت دېگۈچە قاس - قۇس ئىككى مۇشت سېلىپ بولدى. ئاندى كارنىيىدىن سىقىپ تامغا نىقتىۋالدى:

- هەي ئىپلاس قېرى، كىم بىلمەيدۇ سەن بەڭگىنى. قىزىڭنى بۇزغان سەن ئۆزۈڭ. بولمىسا يۇرت تاشلاپ قېچىپ كېتەتتىمۇ. هۇ ئاناڭنى رەسۋا گۇي. چېكىشىڭ بەك تۇرسا، نېمە يامانلىقلار كەلمەيتتى سەن قاقباشنىڭ قولىدىن . . . ياق، قويۇۋېتىڭلار، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن بۇ هەزىلەكنى. ئاناڭنى گۇيلار . . .

سېمىز بىلەن ئات باقار ئۇلارنى مىڭ تەستە ئاجراتتى. ئاڭغىچە ئورۇق ئۇلارنىمۇ بىر - ئىككى كاچات ئۇرۇپ بولدى. بوۋاينىڭ بىردىنلا بېشى قېيىپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى.

## 11

قىش كېتىپ باهارمۇ كەلدى. گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، ئالما - ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ يېزا ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. بىراق بۇ گۈزەللىكلەر ھېلىم بوۋاي ئۈچۈن بەرىبىر گىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئۆچمەنلىك چىرمىۋالغان، يۈرىكى ئاچچىق بىر ھەسرەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە. دۇنيادىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا مەنىسىز، تېتىقسىز كۆرۈنىدىغان بولدى. كوچىدىكى مىغ - مىغ ئادەملەر ھاجەتخانىلاردا قىمىلدىشىپ يۈرگەن قۇرتلاردەك، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر جادۇ مومايىنىڭ كىر، چاڭگا چاچلىرىدەك، خەقلەرنىڭ نان - توقاچنى ئەكىرىپ بېرىپ قىلغان ياخشىلىقلىرىمۇ بىر خىل مەسخىرىدەك . . .

ئۆلتۈرسا قويسا بىرەرىنى تۇتۇۋېلىپ راسا ئۇرۇشنى، ئاغزى - بۇرنىنى قان ئېتىپ قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىۋېلىشنىلا ئويلايتتى. هاراق بىلەن نەشىگە بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى خىيال چېقىپ كەتتىمۇ، بارا - بارا ئۆزىچىلا سۆزلەپ كېتىدىغان، كوچىدا كېتىپ بارغان چاغلىرىدىمۇ ئادەم بار - يوقلۇقىغا قارىماي تىللاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى.

- كۆزۈڭنى ئويىمەن، تىلىڭنى كېسىمەن. هۇ ئىبراهىم توڭگۇزنىڭ باللىرى. لاتا كاسكاسلار . . .

بەزىلەر ئۇنىڭ مۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئالىيىپ قارىسا، بەزىلەر ياقىسىنى تۇتۇشۇپ، ۋاي تۇۋا، مۇنۇ بوۋاي ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ دېيىشىدىغان بولدى. بەزى ياشلار ئۇنى كولدۇرلىتىپ گەپكە سالاتتى.

— ھېلىمكا، چار خورىزىمنى ئېلىپ چىقاي، بىر پەشۋا ئېتىشىپ باقامسەن؟

— ئاڭلىساق، سېنى مەستچىلىكتە خاسىيەت مومايىنىڭ دېرىزىسىگە بېرىۋېلىپ، خۇشقىتىپ يۈرگىدەك دەيدىغۇ؟

بوۋاي بۇنداق بەغەرەزلەرگە مۇشتىنى تۈگۈپ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قاراپ كېتەتتى. ئۇلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە كىملەرنىدۇر قارغاپ ماڭاتتى. لېكىن سەمەتنىڭ دۇكىنىغا بارغاندا بۆلەكچە مۇلايىملىشىپ كېتەتتى. چۈنكى بەزىدە سەمەت، بەزىدە پوكەيگە يۆلىنىپ ئىچىدىغانلار ئۇنىڭغا بىر - ئىككى رومكا بېرىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇ يەردە قانچىلىك گويۇن بولسا كۆتۈرەتتى. بەزى لويۇن قېپىلار ئۇنىڭ تاقىلداپ بولالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھاراق قۇيۇپ بېرەتتى، ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئەمدىلا رومكىغا سوزۇشىغا رومكىنى شاققىدە ئېلىۋېلىپ، خورازنى دوراپ ئۈچ قېتىم قىچقىرىپ بەرمىسەڭ ھاراقنى بەرمەيمەن دەيتتى. نېمە ئامال، قىچقىرىپ بېرەتتى. يەنە مۈشۈكلەرنىڭ مىياۋلىغىنىنى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى دورايتتى. چاشقان بولۇپ ئۆمۈلەيتتى، چېكەتكىنى دوراپ تۆت پۇتلاپ سەكرەيتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇلار ھارغىچە كۈلۈشەتتى. ئارىدىن بىرەرى، بولدى قىلىڭلار، بىچارە بوۋاينى نېمانچە بوزەك قىلىسىلەر، دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن ھاراقنى ئىچەلەيتتى. لېكىن دۇكاندىن چىققاندىن كېيىنلا يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ يول بويى تىللاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ بەزىلەر ئۇنى ساراڭ ئەمەس دېسە، بەزىلەر ساراڭ، لېكىن پۇلغا ساراڭ ئەمەس دەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىر تويدىن تەگكەن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. يالغۇز ئۆيگە كېلىشى بىلەنلا يەنە ئۇنى ھەسرەت چىرمىۋالدى، ياندۇراي دېسە لامپىدا كىرسىنمۇ يوق. ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بارغانچە ئىچى تىتىلدىغىلى، قۇرتتەك تۈگۈلۈۋالغان ئاچچىق يۈرىكىنى يەنە يېگىلى تۇردى.

ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ مۇشتىينى تۈگۈپ، — چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئۇ قولىدا پىچاق، بىرىنى بوغۇزلىۋەتكەننى خىيال قىلدى. ئۇنىڭ خىيال قىلغىنى زورىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى رەقىب ئىدى. لېكىن بوۋاي ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇمايتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئەترەت ئاتخانىسىدا ئۆزىنى ئۇرغان ئورۇق يىگىتكە ئوخشىسا، بىر تۇرۇپ قاچانلاردىدۇر بىر چاغدا ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھارامزەدىگە ئوخشايتتى.

بوۋاي خىيالىدا ئۇنى بېسىۋېلىپ راسا ئۇردى. ئاندىن پىچاق بىلەن بوغۇزلىۋەتتى. ئۇنىڭ بوينىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپ قالدى. ئاندىن بوۋاي يەنە كىمدۇر بىرىنى راسا قارغىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ، يۈزىگە تۈكۈردى؛ بۇنى كۆرۈپ خەتلەر ئۇنىڭدىن قورقۇشۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. بوۋاي شۇنداق خىياللار بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىردەمدىلا يېرىمدىتىپ قويدى.

ھاراقنى ئىچكەنسېرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاچچىق تېخىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى.

سەن ئۆتۈپ كەتكەن مۇناپىق، مەن دېمىسەممۇ ھەممە خەق سېنىڭ ئەسكىلىكلىرىڭنى بىلىدۇ، ھە، ئالىيىسەنغۇ؟ يامان بولساڭ كېلىپ باقە، يەتمىش پۇشتۇڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمەيدىغان بولسام:

بوۋاي كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ خىيالىغا كەلگەنلا ئادەملەر بىلەن ئورۇشقىلى تۇردى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى ئۆزىنىڭ رەقىبى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ تۇغۇلۇپ ھېچبىر خوۋلۇق كۆرۈپ باقماپتۇ. يەتكۈچە دەرد، خورلۇق تارتىپتۇ. ئۆمرى كېسەلك تۈكۈش، كىشىلەردىن رەنجىش، يامغۇر ياغقان كۈنلىرىنىڭ ئەتىسى كەندىرلىككە بېرىپ كەندىر شاپىلاقلاش، بىر رومكا هاراق ئۈچۈن كىشىلەرگە تىلەمچىدەك يېلىنىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئادەممۇ شۇنداق ياشىغان بارمۇ؟ ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى! پېشانىسىگە قارىغا چېچىۋىتكەن قىرسىق!

ئۇ يەنە هاراق ئىچىشكە باشلىدى. ئەمدى رەقىبىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئايرىپ تۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. كىملا بولسا مەيلى، ئۆلتۈرۈپ ئۆچىنى ئالسىلا بولدى.

ئۇ خىيالىدىكى پىچاقنى ھەدەپ بىلىگىلى تۇردى. پىچاق شۇ قەدەر ئىتتىكلەپ كەتتىكى، ئۇنىڭغا تېگىپلا كەتكەن كىشىنىڭ بەدىنىدىن قان ئېتىلىپ چىقاتتى. ئاخىر ئۇنى كۆرگەنلا كىشى بەدەر قاچىدىغان بولدى. كىشىلەر قېچىۋېرىپ، ئاخىر ئۇ بۇ يېزىدا يالغۇز قالدى.

ھۇ ئاناڭنى گۇيلار! تېخى بېقىپ چولڭ قىلىپ قويسام، مېنىڭ ساقىلىمغا ئېسىلغۇدەك بولۇشتۇڭما؟ مېنى سارالڭ دەپ كەتكىنىڭلارنى يۇزۇڭلارنى داپتەك قىلىپ! ئۆزۈڭلار ساراڭ! ساراڭ بولۇشمساڭ قىزىمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيتتىڭ، ھۇ قانخورلار . . .

ئۇ ئاخىرى ھەممە ئادەمدىن ئۆچىنى ئالدى. دۈشمەنلىرى يەرگە تىزلىنىپ ئۇنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگىلى تۇرغاندا، ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ غالىب ئادەم سېزىپ، بار ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

## 12

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە قوشنىسىنىڭ ئوغلى ھېلىم بوۋايغا تاماق ئەكىرىپ، بوۋاينىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆردى - دە، قورقىنىدىن قولىدىكى چىنىنىمۇ تاشلىۋېتىپ، ئۆڭكى ئۆچكەن هالدا ئۆز ئۆيىگە يۈگۈرۈپ چىقتى.

- ۋاي دادا، ۋاي ئاپا، ھېلىم بوۋاي . . . ئۆلۈپ قاپتۇ!

- نېمە دېدىڭ! ؟

ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقان ئاتا - ئانىسى، ئۆكىلىرى دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

- ھېلىم . . . ھېلىم بوۋاي . . . - دېدى ئۇ هاسىراپ كەتكىنىدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا دىمى يېتىشمەي، - ئۆلۈپ قاپتۇ!

دادىسى تازا ئىشىنەلمەي، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. بالىسى كەينىدىن ماڭغانىدى، بولدى، سەن چىقما، دەپ قالدۇرۇپ قويدى.

قوشنىلاردىن بەشەيلەن يىغىلىپ ھېلىم بوۋاينىڭكىگە كىردى. ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ئۆلۈك ئىتلاردىن كېلىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئىككىيلەن كىرىشتىن قورقۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ تۇرۇشتى. قالغان ئۈچى بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپ سۇر - ۋەھىمە ئىچىدە ئاستا ھېلىم بوۋاينىڭ قېشىغا باردى. يېنىدا بىر بوتۇلكا، بوتۇلكىدا ئىككى ئىلىك هاراق. بوۋاي تۈگۈلگىنىچە جىمجىت ياتاتتى.

ياشتا چوڭراق كىشى ئەيمىنىش ئىچىدە ھېلىم بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆردى. قولىدا ئازراقمۇ

تەپ يوق. تومۇرىمۇ سوقۇشتىن توختىغان ...

ئۇلار ئۆي ئىچىدىكى سېسىقچىلىقتا چىدىيالماي سىرتقا يېنىپ چىقتى.

«ۋاي، ئاڭلىدىڭمۇ ھېلىم بەك ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۆلگىنىگە ئۈچ كۈن بوپتىكەن، ھېچكىم كۆرمەي ئۆلۈكى سېسىپ كېتىپتۇ.»

بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچۈپ بىردەمدىلا پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. ھېلىم بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلار، دائىم ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلكۈل ئاچىدىغانلار ۋە ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېتىپ كېلىشتى.

ھېچكىمنىڭ ئۆلۈمى بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ھەم سۈرلۈك بولۇپ باقمىغانىدى. كۆزىدىن ياش چىقمايدىغانلارمۇ بۇنىڭغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. لېكىن يىغا - زارە قىلىنىشمىدى.

يەرلىك كولىنىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە كەلگەندە، مەسچىت ئەھلى رەت قىلدى.

- ھاراقتا تونجۇقۇپ ئۆلگەن كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز ئەمەس. بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، - دېدى سابىر ئىمام.

ھېلىم بوۋاينىڭ تۇزۇك ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىغاچقا، بۇنىمۇ بەك سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەرھال يەرلىككە قويۇۋەتمىسە، مېيىتكە يېقىن بارغۇسىز بولۇپ كېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ ھېلىم بوۋاينىڭ مېيىتى بىر كىگىزگە ئورىلىپ، نامىزىمۇ چۈشۈرۈلمەي يەرلىككە قويۇۋېتىلدى. بوۋاي يەرلىككە قويۇلۇپ ئەتىسى ئۇنىڭ قىزلىرى - خالبۇۋى، زورا، خالبۇۋىنىڭ يولدىشى ئۆچەيلەن يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بىردەم يىغا - زارە قىلىشقاندىن كېيىن قوشنىلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن قەبرىستانلىققا چىقىشتى. قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىدىكى تاشلىنىپ قالغان چەت، تاشلىق بىر جايدا يالغۇز بىر قەبرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە بەخت ئاتا قىلالماي، ئۆزىمۇ ھاياتنىڭ قىزىقىنى كۆرەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بەختسىز، بىچارە دادىسى شۇ قەبرىنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈككە ئۇخلاپ ياتاتتى.

## 13

بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە يېزىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ھەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەن قالغانىدى. يوللار رەتكە سېلىنىپ، نۇرغۇن ئۆيلەر چېقىۋېتىلدى. يېزا كېڭىيىپ مەھەللە ئايغىدىكى قېلىن جاڭگاللىقمۇ رەت - رەت مەھەللىلەر بىلەن توشتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭى سېلىنغان بۇ ئۆيلەر ئاساسەن ياشلارنىڭ، بۇرۇنقى يېزىنىڭ ئورنى ئاساسەن قېرىلارنىڭ بولۇپ، سېدە دەرىخى ياشلار مەھەللىسى بىلەن قېرىلار مەھەللىسىنىڭ پاسىلى بولۇپ قالغانىدى.

بىراق يېزىنىڭ چوڭ يولى دەل شۇ سېدىگە توغرا كېلىپ قالدى. يولنى لايىھىلىگۈچىنىڭ تەلىپى بويىچە يولنى تۈز ئېلىش ئۈچۈن بۇ قېرى سېدىنى كېسىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزىدا قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

بەزىلەر ئۇ سېدىدە جىن بار، ئۇنىڭغا كىم چېقىلسا شۇنىڭغا جىن چاپلىشىدۇ دېيىشتى. بەزىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، يولنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى كېسىۋېتىش كېرەك دەپ قاراشتى. يەنە بۇ سېدە نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، يېزىمىز تارىخىنىڭ شاھىدى، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى كەسمەيلى،

دېگۈچىلەرمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يېزىدىكىلەر كېسىمىز، كەسمەيمىز دەپ ئىككى سەپكە بۆلۈندى. كەسمەيمىز دېگۈچىلەر جىق ئىدى. شۇنچە خەق كەسمەيلى، يېزىمىزنى ئاپەت باسىدۇ، دەپ تۇرغان يەردە يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇنىڭغا دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى كېسىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. جىنغا ئىشىنىدىغانلىرى جىن چاپلىشىدۇ دەپ قورقسا، جىنغا ئىشەنمەيدىغانلىرى جىن چاپلاشمىغان تەقدىردىمۇ خەقنىڭ قارغىشىغا قالىمىز دەپ ئۇنىمىدى. ئاخىر بۇ ئىش چوڭ ئىشلار قاتارىدا يۇقىرىغا يوللاندى. بۇ گەپ قانداق قۇلىقىغا يەتتىكىن، بىر كۈنى ناھىيىدىن مەخسۇس بۇ سېدىنىڭ يېشىنى ئۆلچىگىلى ئادەملەر چىقىشتى. كۆزەينەك تاقىۋالغان پاينەكباش بىر مۇتەخەسسىس بۇ سېدىنىڭ كەم دېگەندە يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقتى. بۇ گەپ ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ، بەزىلەر بۇ سېدە ئۈچ يۈز ياشقا كىرىپتۇ دېسە، بەزىلەر بىراقلا ئۇنى مىڭ ياشقا كۆتۈرۈشتى.

يۇقىرىدىن: «بۇ سېدىنىڭ تارىخى بەك ئۇزۇنكەن، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان دەرەخلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، كېسىشكە بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈپ، ئاخىر بۇ سېدە ساق قالدى. بۇ ئىش يېزىدىكى زور كۆپچىلىكنى خۇش قىلىۋەتتى.

14

شۇ كۈنلەردە يېزىدا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدا سېدە تۈۋىدە ئاتتىن يىقىلىپ پالەچ بولۇپ قالغان تۇرغۇن ئىمىملىك يىگىت تۇيۇقسىزلا ساقىيىپ، بىر دەسسىيەلىگۈدەك بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئوقۇتمىغان موللىسى، كۆرۈنمىگەن دوختۇرى قالمىغان. سېدە بويىغىمۇ نەچچە قېتىم شام يېقىپ تۇۋا ـ ئىستىغپار قىلغانىدى. تېخى يېقىندىلا يىگىنە بىلەن داۋالايدىغان بىر سەييارە دوختۇرغا داۋالاتقانىدى. بىراق ئۇ دوختۇرنىڭ نەچچە تال يىڭنە سانجىپ قويغىنى بىلەن ساقىيىپ قېلىشىغا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇنى ساقايتقان ھېلىم بوۋاينىڭ روھى ئىكەن.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى ھېلىم بوۋاي ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ھېلىم بوۋاي سېدە بويىدا نەشەچېكىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنى كۆرۈپ ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشكە باشلاپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزلىرى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تىرناقلىرى مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرىدەك ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ قاچاي دېسە پۇت-قوللىرى باغلاقلىقتەك زادىلا قاچالماپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپتۇ. كۆزلىرىدىن نېمىشقا مېنىڭ سۆيۈمنى تارتىۋالىسەن؟ دېگەن مەنە چىقىپ تۇرغۇدەك، ئاندىن بوۋاي بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولۇپ سېدىدىن ھەر يوغان مۈشۈكلەر سەكرەپ چۈشۈپتۇ. سېدىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەممىسى مۈشۈككە ئايلىنىپ ئۇنى تالىغىلى تۇرۇپتۇ . . .

ئۇ قورققىنىدىن ۋاي! دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمگەن، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇۋېتىپتۇ.

ئويلاپ باقسا بىر قېتىم ھېلىم بوۋاي بېغىغا سۇ تۇتۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا تويدۇرماي سۇنى ئۆز بېغى تەرەپكە ئۇرىۋالغانىكەن.

قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇچۇق چىقىپ كەتتى ھەم شۇ كۈنىلا ئۆيدىكىلىرى ھېلىم بوۋاينىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىۋەتتى. شۇ ئىش سەۋەب بولۇپ نەچچە يىلدىن بېرى سەزمەس بولۇپ

قالغان پۇتلىرىغا سېزىم كىردى . . .

بۇ ئىشمۇ ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. تۇرغۇن ئەسلىدە ھېلىم بوۋاينى رەنجىتىپ قويۇپ پالەچ بولۇپ قالغانىكەن، ھېلىم بوۋاينىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ساقىيىپ قاپتۇ؛ ھېلىم بوۋاي تەكسىز ئادەمكەن. دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇنداق گەپلەر بۇ يېزىدا قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچكەنچە شاخلىنىپ ئاجايىپ سىرلىق تۈسكە كىرەتتى.

ئەسلىدە ھېلىم بوۋاي خىزىر ئىكەن، خۇدايىم ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزغا نەشكەش، ساراڭ سىياقىدا ئەۋەتكەنىكەن، بىز بەندىچىلىكتە ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەپتۇق.

ھېلىم بوۋاينىڭ روھى كۈندە يېرىم كېچە بولغاندا سېدە بويىغا كېلەرمىش، ساقايماس ئاغرىقلار بېرىپ ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلسا، ساقىيارمىش. ھېلىم بوۋاي ئۆلمەپتۇدەك، ئۇنى كوچىدا كۆرگەنلەر بارىكەن.

. . .

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىم بوۋاي ھەققىدە تارقالغان ئەپسانىلەر. بۇ ئەپسانىلەرگە بەزىلەر ئىشەنسە، بەزىلەر ئىشەنمىدى. لېكىن ئىشەنمىگەنلەرنىمۇ كېچىلىرى سۇر بېسىپ يالغۇز يول يۈرەلمەس بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ھېلىم بوۋاينى بوزەك قىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھېلىم بوۋاينىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ، خۇدادىن گۇناھىنى تىلەشتى.

شۇ كۈنلەردە سابىر ئىمام ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. دوختۇرنىڭ ئۇكۇل - دورىلىرى بىلەن بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تەرىتى ئورنىدا ئىدى. كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆلۈم ئۇنى ھەر قىسما خىياللارغا سالغىلى تۇردى. بۇ چاغدا ھېلىم بوۋاي ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

. . . بەلكىم، شۇلارنىڭ دېگىنى راستتۇ، ھېلىم بوۋاي راستىنلا خىزىردۇ. شاھ مەشرەپمۇ شۇنداقكەنغۇ. ئۆزى ئۆلىما بولغان بىلەن قەلەندەر سىياقىدا ئىكەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ھېلىم بوۋاينىڭ نامىزىنى چۈشۈرگۈزمەي چوڭ بىر كۇپۇرلۇق قىپتىكەنمەن. ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە قارىغاندا خۇداغا يېقىنراق كېلىدۇ. بىز ئۆمۈر بويى بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ ئېرىشەلمىگەن ئىجازەتكە ئۇلار بىر قېتىم خۇدانى سېغىنىش بىلەنلا ئېرىشەلەيدۇ. ئاھ ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، ساڭا قىلغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىمنى مىننەت قىلغانىكەنمەن، ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن . . . ھېلىم بوۋاينى تولا خىيال قىلىۋەرگەنلىكتىنمۇ ئىشقىلىپ بىر كۈنى سابىر ئىماممۇ ئۇنى چۈشەپ قالدى. چۈشىدە ھېلىم بوۋاي ئاپئاق كېپەن بىلەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇرغۇدەك.

سابىر ئىمام ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. قورقۇنچتىن ئۇنىڭمۇ ئاغزىغا ئۇچۇق چىقىپ كەتتى، شۇ كۈنىلا ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ، ھېلىمنى ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ زور گۇناھ قىلغانىكەنمەن، ھېلى بولسىمۇ جامائەتنى چاقىرىپ نامىزىنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار، قوي سويۇپ نەزىر بەرسەڭلار، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سىلەردىن ئۆتۈنگىنىم شۇ بولۇپ قالسۇن، دېدى.

ئوغۇللىرى ئەتىسىلا ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈردى. جامائەت ھېلىم بوۋاينىڭ قەبرىسىگە چىقىپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئاندىن سابىر ئىمامنىڭ ھويلىسىدا ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىلدى.

بۇ ئىش بىلەن ھېلىم بوۋاينىڭ كىشىلەر نەزەرىدىكى ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇ توغرىلىق تېخىمۇ سىرلىق ئەپسانىلەر تارقالدى.

يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ سابىر ئىمامىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ھېلىم بوۋاينى چۈشىنىدىغانلار بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ تۈگىدى. لېكىن ھېلىم بوۋاي ھەققىدىكى ئەپسانىلەر زادىلا يوقالمىدى.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىگە راستتىنلا ئىشىنىدىغان بولدى.

## خاتىمە

بوۋايلار ئۆلۈپ نەۋرىلەر يىگىت بولدى. كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تالاي خاپىلىقلار، تالاي خۇشاللىقلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېزىدا نى - نى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھازىر بۇ قېرى سېدە يېزا مەركىزىدىكى يەكشەنبىلىك بازارنىڭ قايناق سورۇنى بولۇپ قالدى.

بۇ سېدە يوغان ھەم ئېگىزلىكى بىلەن يىراق - يىراقلاردىنلا كۆزگە چېلىقاتتى. ياقا يۇرتلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ يۇرتىنى، ئۆيىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى سېغىنغانلار يىراقتىن بۇ سېدىنى كۆرۈپلا بۇ سېغىنىشلىرى بېسىلغاندەك بولاتتى.

بۇ سېدە بۇ يېزىنىڭ تارىخىنىڭ بىردىنبىر تىرىك شاھىدى ئىدى. لېكىن بۇ يېزىدىكىلەر تارىخقا ئىشەنمەيتتى. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئۆزلىرى توقۇپ چىققان ئەپسانىلەرگىلا ئىشىنەتتى.

«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، يېزىمىزدا بىرمۇ ئادەم يوق چاغدا، ھېلىم ئىسىملىك بىر بوۋاي بولغانىكەن. ئۇ ئەسلى خىزىر ئىكەن. بۇ سېدىنى شۇ تىككەن ئىكەن. بىز خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن مۇشۇ سېدىدىن يارالغان ئىكەنمىز.» بوۋايلار نەۋرىلىرىگە سېدە توغرىلىق ئەنە شۇنداق سۆزلەپ بېرەتتى. دېمىسىمۇ بۇ قېرى سېدىنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقى جىمى كىشىلەردە ھۆرمەت قوزغاپ، ئۆزىگە باش قويدۇرالايدىغان مويسىپىتلەرنىڭ سۈرلۈك سالاپىتىگە، چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن قوۋزاقلىرى تالاي ئىسسىق - سوغۇقلارنىڭ شاھىدى بولغان چوڭقۇر قورۇقلىرىغا، قار - يامغۇردا قارىداپ كەتكەن ساقاللىرى 1000 يىلنىڭ ئالدىنى ۋە 1000 يىلنىڭ كەينىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان ئويچان كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئوسمانجان ساۋۇت

## گۈينار يۈرەك تىنماستىن بىردەم

مەن تۈشەكتە ياتسەن كېسەل،
مەن ئىگەمدىن تىلەيمەن پاناھ.
تەڭ تارتالماي دەردنى بىر مەھەل
يۈرگىنىمگە ئۇيالدىم ئانا.
چالۋاقىغان تەلۋە، شۇم ئەجەل
ئاخىر يىراق قوغلاندى مانا.

يەنە شېرىن سۆزلەر باشلاندى،
يەنە تولۇن تاغ بېشىدا ئاي.
سۇر بېسىشلار سۇغا تاشلاندى،
كۆكلىمنى باشلىدى ئۆي-جاي:
مۇشكۇللەرنىڭ كۆزى ياشلاندى،
كۈلدى يەنە ئامەتلەر، ئايھاي.

قايتىپ كەلگەن دەملەر غەنىيمەت،
ئەي، ئانجان ساڭا مۇبارەك.
سەندىن ئالدىم پۈتمەس مۇھەببەت،
بولغىن ساغلام ھەممىدىنمۇ بەك.
پارلاقلىقىم سېنىڭدە پەقەت
دەيدۇ قۇياش؛ (ئۇلۇغ، بى مىننەت.)

* *

تولۇنئايدىن ياغلىقلىق يىرتىپ
ئارتىۋاپسەن بېشىڭغا، ئانا.
پەرىشتىگە قولۇڭنى شىلتىپ،
تۇرغۇزۇپسەن قېشىڭدا، ئانا.
ئاشۇ سۈپەت، ئاشۇنداق تەرىپ،
يارىشىدۇ پەقەتلا ساڭا.
ئانا دېگەن ئالەمدە شەرق
تۇيۇلىدۇ ھەمىشە ماڭا.

سۆيگۈلەردىن پۈتكەن شۇ يولدا
كەلمەكتىسەن جەننەتنى باشلاپ.
قالدى گۈللەر ئۇڭ بىلەن سولدا،
ئىزلىرىڭغا ئۆزىنى تاشلاپ.
قۇياش كېلەر، يۈرىكى قولدا،
ھىجرانىڭدا كۆزىنى ياشلاپ.
ئاددىيدۇرسەن، ئۇلۇغلۇقۇڭ ئەمما،
تۇرار دائىم تاغلارنى راسلاپ.

ئوغۇللىرىڭ ھەر يەردە ھەردەم،
مىسلى چولپان تۇرىدۇ يېنىپ.
سۆڭىكىدە روھلىرى بەردەم،
قامقاقلاردىن كېتىدۇ چېنىپ.

1995-يىل 8-ئاۋغۇست، ساۋەن

ئىنقلىرى ئازغۇنلۇققا ئەم،
شەيتانلاردىن كېتىمدۇ تېنىپ.
كۆزلىرىگە ئاتار تاڭلار جەم
سۆيگۈلۈك دېگىنىز، تۇرىدۇ قىنىپ.

مەن كەلگەندە تۇمەننىڭ سۈيى
كېتەر تۇتاش نۇرغا ئايلىنىپ.
كۆك قاسرايدۇ ئۆمۈرنىڭ كۈيى،
قالغان شانلار قالار لايلىنىپ.
ئالەم دېگەن ئادەملەر ئۆيى،
تۇرار ئەسلى ساڭا باغلىنىپ.
قىسما ھەرگىز ئەزىز بوينۇڭنى،
كېتەر مەڭگۈ باغرىم داغلىنىپ.

تۇتۇپ قويساڭ قاقشال شاخلارنى،
شاخلار تولدى ئالتۇن چېچەككە.
سىيپاپ قويساڭ قۇتسىز باشلارنى،
بەخت تولدى ئېتەكمۇئېتەككە.
گۆھەر- دېسەڭ كۆرگەن تاشلارنى،
قۇۋۋەت كىردى بىلەك-بىلەككە.
جۇنە دېسەڭ تىيىپ ياشلارنى،
مىندىم شۇئان تۇلپار-تىلەككە.

مىننىتى يوق، ئەجىر بىباھا،
چەكسىز ئۇلۇغ بەدەلسىز سۆيۈش.
تالىق پەقەت ئۇشبۇ دۇنيادا،
ئانا ساڭا مەڭگۈلۈك كۆيۈش.
يۈرەكلىرىڭ غەلۋىردۇر گويا،
ھەر تۆشۈكتە مىڭ پارچە ئۆيۈش.
ئوغۇللىرىڭ كۆلكىسىز تۇرسا،
مارام ساڭا ھەتتا بىر كۈلۈش.

ياپرىقىمەن يەللەردە ئۇچقان،
چاقىر مېنى قايتا شېخىڭغا.
جەننەتلەرنىڭ پەيزىنى قۇچقان
بىر شوخ بولاي نەزەر بېغىڭغا.
ئايرىغانتىم جېنىڭدىن شوخ جان،
مىڭ جان پەيدا ھەر بىر جېنىڭغا.
ئايرىلمايمەن سېنىڭدىن بىر ئان،
كۆكلەم قوشۇپ ھەر بىر چېچىكىڭغا.

1995-يىل 20-ئاۋغۇست، ساۋەن

❋ ❋

ماڭلىيى ئاي، كۆزلىرى يۇلتۇز،
مۆجىزەم بار ھەممىشە ئەستە.
ئېقىنلارنىڭ تەملىرى تۇز، تۇز،
تۇزنىڭ كۈنى چۈشىدۇ تەسكە.
تەڭرىم رەھمى غالىب ھەمدە ئۇز،
مەن ئېگىزدە، غەملىرىم پەستە.
كەلدى بىر ئۇن-يۇرىقى يالپۇز،
قوياش تۇتتى ساڭا گۈلدەستە.
تۇرۇلغىلار تاۋلانغان تاۋۇس،
رەڭ تۆكىدۇ رەڭگە بەس-بەستە.
پەلەمپەيلەر گىزلارغا قامۇس،
نەپەس تۆكەر نەپەس- نەپەسكە.
ئالەم ئارا كېزىمەن يالغۇز
مەي ئىچمەيمۇ ئايلىنىپ مەستكە.
شادلىقىمنى بايقىشىپ راۋرۇس،
پەرىشتىلەر چۈشەر ھەس-ھەسكە.
ماڭلىيى ئاي، كۆزلىرى يۇلتۇز،
مۆجىزەم باز ھەممىشە ئەستە.

1995-يىل 21-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

❋ ❋

قارلىق چوققا، يۇلتۇزلۇق ئاسمان
غۇرۇرۇڭنى سورىدىڭمۇ مەن؟
ھەيۋىتىڭگە پۈتتۈمۇ داستان؟
سېنى زەرگە ئورىدىمۇ مەن؟
ئېسىم دۇرۇس، ئەمەسمەن گاراڭ
داغدام يولدا ماڭالمايدىغان؟

خۇدۇكۇم يوق، ئەمەسمەن سارالڭ
تاشنى تاشقا تاڭالمايدىغان؟
سوقماقلاردا سايە ھېرىقىپ
ئىزدەپ يۈرەر باسقان ئىزىنى.
بوستانلاردا ئاپتاپ تىلىقىپ،
ساناپ يۈرەر گۇغۇل - قىزىنى.
پارلىغان نۇر، يانغان زەررىلەر
ھامان يىلتىز ھاياتتا ماڭا.
سۇزۇك دەملەر، كۈلگەن مەررىلەر
يۈرىكىمنى بېرەيمۇ ساڭا؟

* *

ئالمىسارا تۇغۇلۇش توختاپ
بۈگۈن پەقەت سەن تۇغۇلغان كۈن.
شۇڭا ئاي، كۈن بىر ساڭا ئوخشاپ
دېدى ماڭا سەن بىزگە يۈكۈن.
شۇندىن تارتىپ يۈكۈندۇم نۇرغا
ۋە تېۋىنىدىم تاڭلارغا پۈتۈن.
مىجەزىڭ بار ھەر بىر تال نۇردا
قاراڭغۇنى قىلغۇچى تۇتۇن.
كۈمۈش چاچاپ يېپىنغان تۈنلەر
كۈمۈش تامچە چاچراتقان بۇلاق.
جۇسۇنۇڭدىن ياڭرىتىپ ئۈنلەر،
بىر ئۈزۈككە سالدى مىڭ ئۇلاق.
تىلەكلىرىم ئۆتكۈر، كەڭرى قىن
ئىزلىرىڭغا تىكتىم كۆپ چىنار.
ئالقىنىڭغا سالدىم تەڭرىنىڭ،
رەنجىش كۆرمە ئۆمرۈڭدە زىنھار.
1995-يىل 3-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

* *

ھەممىسىدىن ئاشقان ۋاقتىڭنى
ماڭا ئاتاپ قويۇسەن ھامان.
مەندىن تاپماق ئىدىڭ بەختىڭنى،
ئۇنى شۇنداق تاپامدۇ جانان؟
تۇمانلاردەك تاڭدىكى ئەرزان
ئاشۇ گۈلدۇر، ھەيۋەت بەزمىلەر.
ئۆلۈمىڭگە چىللايدۇ ئەزان
يېتىلمىگەن، چالا سەزگۈلەر.

ئىزناسى يوق ئەرمەكلەرنى ھەم
ئەرمەك بولما، مەن ئۆزىدىن توپغان.
يۈلتۈزلىرىڭ غەملىرىڭنى يەپ،
ئالاي قېتىم كۆزىنى ئويغان.

بارلىقىنى تېگىشىپ يوققا،
ئېقىن سىڭەر قۇمغا ئالدىراپ.
ئۆمۈر دېگەن ئوخشايدۇ ئوققا
ئېتىلسىمۇ قالسۇن يالتىراپ.

ئال، ھەسسەڭنى ھەسسىدار دىلبەر
ئال، قۇياشتىن، يامغۇردىن، سەلدىن.
ئۆز ئۆمرۈڭنىڭ ئۈزىكىنى بەر،
مەنمۇ ساڭا ئۈزەكلىك كەلدىم.
1995-يىل 3-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

* *

قىزلار ماڭا يېپىلدى باغدا،
قۇدرەتلىرى جاللات ئىشتىياق.
بوغۇزۇمغا تىغ پاتقان چاغدا
يەردىن ئۈندۈڭ بەختىمگە بىراق.
كۆزۈڭ كېپىك ئۆيۈرەر تاغدا،
كىرپىكلىرىڭ ئۇرمىدۇ قىياق.

كۆلۈپ تۇردۇڭ خىرىسلارغا جىم،
مەن ساڭا لال، قىزلار ماڭا لال.
سۆيگۈسىنى قوغدىمايدۇ كىم،
تەقدىرىگە كىم سالمايدۇ پال؟
قىزغان، قىزغان مەيلى ئانچىكىم،
يۈرەك ئالاي ئۆندىن بىمالال.

لېۋەنلەرگە تولغان بۇ ماكان،
گۈلشەندە گۈل، ھۆسنۇلەردە توي.
كۆڭۈل ئۇچسا ئۇز گۈللەر تامان،
بىر دەقىقە ئۇندا سوزسام بوي.
ھەممىسىدىن بىر مېنى قىزغان
ئاي نۇرىدەك كۆلكىلەرنى قوي.

شۇندا كۆڭلۈم تاپىدۇ تەسكىن،
شۇندا سۆيگۈم بىجىرىم ھامان.
ئۆگەتكەننى ئۆگەنچۈ كەسكىن،
كۆلۈپ باقسۇن ماڭىمۇ جاھان.
شۇندا چىقار ئۆكۈنۈش ئەستىن،
بۇلار تاڭلار راۋان ھەم راۋان.

1995-يىل 21-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

* *

قۇشلار ئۇچار، قاناتلىرىغا
ئاستىم ئاستا تەشنا كۆڭلۈمنى.
(بۇ ھىجرانىنىڭ ماماتلىرىغا
ئاتاپ قويدۇم ئەزىز ئۆمرۈمنى).

قۇشلار قايتار تاشلاپ كۆڭلۈمنى
قىرغاقلاردا يۈرگەن قۇشۇمغا.
ئۈمىد ساقلار ئۈمىد ئۆمرۈمنى،
چىقىن تاشلاپ چىقىن ھوشۇمغا.

قۇشلار سايرار، ناۋالار لېۋەن،
ئامان، ئامان، تونۇش بۇ كالام.
قىلدى مېنى قايتىمدىن تېمەن
يىراقلاردىن كەلگەن بۇ سالام.

قۇشلار ئۇخلار، چۈشى مىلىڭ جەننەت
شۇ جەننەتتە قۇشۇم بارمىكىن؟
ھۆرىلەرگە يېلىندىم قەۋەت،
ھەر دېمىگە ئۇلار يارمىكىن؟

1995-يىل 15-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئابلىكىم خېۋىر

## مېنىڭ يۇلتۇزۇم

### ۋەدىمىزگە مۇيەسسەر ئورۇن

خامان بولدى ئاياغلىرىمدا،
ۋەدىمىزگە مۇيەسسەر ئورۇن.
بىر ئوت كۆيەر چاناقلىرىمدا،
كۆتۈش ئىغىر، ئازاب يوشۇرۇن.

ۋەدىمىزدە يوق بىر خىلۋەتتىن
سېنى تاپتىم، مەڭدىدىم بىر پەس.
يەڭگىل رىيا ئۆتكەندە چەكتىن،
ئالدىم گويا بوراندىن نەپەس.

يىپەك پەردە ئۇچما بوراندا
بۇ خىلۋەتكە كۆچكەن مۇھەببەت.
سۆبات بوزما، يىگىت تۇماندا،
تۇمان نېپىز، ئاسمان ئون قەۋەت.

ۋەدىمىزگە مۇيەسسەر ئورۇن،
كەچۈر، خامان بولغان چىمەنزار.
ئىككى يەرلا ۋەدىلىك سورۇن،
ئىككى يەر تەڭ بولالماس بازار.

### شېئىرلىرىم

دىم تۇرۇپ، تام ياقىلاپ، تاي-تاي بولۇپ،
تويلىق يوللىرىڭدا ئاياغلاندىم.
باش-كۆزۈم ھۆرەك-ھۆرەك غورا تۆتتى،
تاش-داڭگال. . . جىق جانداردىن تاياقلاندىم.
سۆزلۈك سۇ يالاپ ئۆتكەن پاكىزە قۇم،
سىزاتتىم، سۆرەتلەرنى ياراتمايتتىم.
بىر يانغا ئىتتىرلارنى كاتەكچىلەپ،

سۇلارنى قىر-قىرلارغا تارماقلايتتىم.
ئاتامنى دورىغىنىم شۇدۇر، بەلكى
كۆيۈك بار ئېتىزلارغا ئىچ-ئىچىمدىن.
ئېتىزدىن، نەم توپىدىن قوزغالغان ھىد
زەپ خۇش بۇي پۇرار، ئانا، ئاق سۈتىڭدىن.
ئاچچىق تەر، ئىسسىق كۆز ياش ئەبجەش بولۇپ،
قېنىمدا بىر تەلۋىلىك يېتىلدۈردى.
كۈندىلا بىللە يۈرۈپ، ئاتامنى ھەم
چېپىلغاق مىجەزىم كۆپ زېرىكتۈردى.
سەۋدايى چىقامدىكىن مېنىڭدىن، دەپ
ئەنسىرەپ ئېتىزلىقتىن قوغلار ئاتام.
پالچىغا، تېۋىپلارغا كۆپ ئاپىرىپ،
پەيلىمنى ئۆزگەرتەلمەي ھاردى ئانام.
ئۆزۈمچە چۈنەكلەرگە كاۋا تېرىپ،
قىرلارغا پۇرچاق كۆمۈپ ھارغىنىم يوق.
ئۆزۈمنىڭ ئېتىزىغا تەرلەر تۆكۈپ،
بالىلىق توپىلىرىغا بارغىنىم يوق.
كاۋىلار چۈشۈپ كەتسە تورۇك-تورۇك
پۇرچاقنى قېيىسىپ بەرسەم، ئانا ساڭا.
كاۋىلىق، ماش، چامغۇرلۇق سۈيۈقئاشنى
توشۇسام ئېتىزدىكى ئاتا ـ ساڭا.

كەتمەنىنىڭ دەستىسىگە ئۆتتى قولۇم،
ھە ئەمدى بوز ئېچىشنىڭ ۋاقتى كەپتۇ.
بىر قانداق ئۇرۇقلارنى چېچىپ باقتىم،
(كىم بىلسۇن، بوز يەر دېگەن يامان ئىكەن،)
ئۇرۇقنى ئېتىزلىقلارنىڭ شورى يەپتۇ.
ئۇرۇقىمۇ يىغالمىدىم بىر ياز ئىشلەپ،
ئۆيۈمچە بۇ مەلىدىن كېتىپ باقتىم.
شور تۇتقان ئېتىزىمغا تولا يىغلاپ،
ئېتىزدىن نەچچە-نەچچە كېچىپ باقتىم.
ئاتامنىڭ نەسىھىتى ئەزىم كەلدى،
شورتاڭغا پۈتۈن بىر قىش تولۇق ياتقۇزدۇق.
باھاردا قوشنى تىكىپ، نەچچە ھەيدەپ،
پامىلىق شورتاڭلىقنى ئاققا قويدۇق.

ئارىدىن نەچچە قىش-ياز ئۆتتىكىن، تاڭ،
شورتاڭلىق ئاستا-ئاستا بەردى جاۋاب.
قوغۇن ۋە كاۋىسىنى يۇلتۇز دېمەڭ،
ئاسماندىن تۆكمە بولدى بۇغداي- قوناق.
جىرىس نان يەپ كۆرگەنمۇ، سىلەر دوستلار،
شۇنچىلا نان چىقىدۇ تونۇرۇمدىن.
قوغۇنى كاۋا ئىكەن دېمەڭلەرمۇ
ئىككىسى تەڭ سۇ ئىچكەن تومۇرۇمدىن.

## قىيادىكى چىنار

قىيادا چىنار كۆردۈم يالغۇز دېدىم،
ئۇچىغا قونغان قۇياش، شىلەپىدەك.
جىلغىغا چۈشتى دوپپام ئۇچار قۇشتەك،
خەير، دوپپام، نېمە دەيمەن ئۇندىن بۆلەك.
جىلغىدا يەر بېغىرلاپ، سۇ ياقىلاپ
كۆرۈمسىز بوي تارتىشىپ تۇرار قىياق.
قۇياشقا يېقىن چىنار تىك ئۆسەركەن،
قۇياشتىن يىراقلىرى ئۆسەر دوڭغاق.
ھە شۇنداق بۈيۈكلۈككە قۇياش يېقىن،
چاقماقمۇ يېقىن تۇرار بۈيۈكلۈككە.
جىلغىغا تۇپان سۈيى ئەنزەك كېلەر،
قىياقلار كۆنۈپ كەتكەن سۇرگۈنلۈككە.
ئالەمگە بىرلا كەلگەن تۇپان سۈيى،
ئاسماندا ھەر كۈنى بار چاقماق سۈرى.

## ئۆزۈمگىلا ئوخشا، يۇلتۇزۇم

ھەر كىمنىڭ يۇلتۇزى بار كۆكتە دېسە،
چۆرەمدە جىق كۆزلەردىن ياش چىقىدۇ.
ھەر دىلغا سامانيولى بىر تېپىشماق،
پالچىغا مەيدان ئارا پاس چىقىدۇ.
باشلىنار ئاھ-ئۇھ بىلەن دۇئا-تەكبىر،
تەلەيلىك بولساڭ تىلەك راست چىقىدۇ...
مېنىڭچۇ؟

ئالتۇنى مىس بولغان ئادەم،
ئېھتىمال، يۇلتۇزۇمۇ تاش چىقىدۇ.
مەيلىغۇ، تاشنى ئىككى پارچە قىلسام،
تاش-تاشقا ئۇرۇلسىمۇ ئوت چىقىدۇ.
يۇلتۇزى ئېگىز كەلگەن زور ئادەملەر،
قۇتلاشقا سېنى نەچچە يۇرت چىقىدۇ.
كەتمىنىم تاشقا تەگسە، ئۇنىڭسىزمۇ
بىر يۇلتۇز شۇ چاغدىلا تۇغۇلىدۇ.
تېخچە يۇلتۇزنى كۆرەلمەستىن
يۈرگەنلەر مەندىن شۇندا ئۆيۈلىدۇ.
ئىسلاشقان دۇكىنىمنى كۆرسە ئۇلار،
ئاسماندىن ئىزدىمەيتتى يۇلتۇزىنى.
كەتمەنگە ئاي قوندۇرسام، بىر بازغاندا
يۇلتۇزغا تويغۇزاتتىم مىڭ يۈزىنى.
تاشلىق يەر، كۆتمەك كەتمەن تۇغقان يۇلتۇز
دەقىقە تۇرالمايدۇ يورۇق بېرىپ.
بىراق، يەر ئۈستىدىلا ئۆتەر جەريان،
رازىمەن تاش ئالسامۇ يۇلتۇز تېرىپ.
مەيلى تاش، مەيلى يۇلتۇز دەيلى ئۇنى
ياندۇ تېگىپ قويسا نۇر ئۇلاردىن.
قانائەت، شۈكرانىگە باي تاشلىرىم،
ئېگىزلىك تالاشماڭلار يۇلتۇزلاردىن.

مەسۇم باست

## ئىككى شېئىر

### تەلمۈرۈش

مەن تەلمۈردۈم سېنى كۆرگىلى،
كۆزلىرىڭدىن غۇنچە ئۈزگىلى.
بولاقىڭدا چۆمۈلۈپ تېخى،
پىلتىڭلىغان بېلىق سۈزگىلى

قارا سەنسەن كىيگەن ئاسماننى
گۈل چېھرىڭگە ئالما كۆچۈرۈپ.
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەشلىرى
ئېتەلمەيدۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ.

بىراق گۈلۈم، قاراڭغۇ تۈندە
بولمايدىكەن يولنى تاپقىلى.
ئالدىرىدىم سېغىنغانسېرى
تەڭرىتاغنى ئات قىپ چاپقىلى.

قانداقلارچە تەلمۈرمەي تۇراي،
بۇلۇت يېرىپ سىلكىپ تۇرساڭ قول.
ۋىسالىڭچۇن پەقەت بىردەملىك
بېشىم بىلەن يۈرەي ئۇزاق يول.

### كېسەل كارىۋىتىدىن سىرغىغان شېئىر

يىغلىغاندىن يىغا ئاڭلىدىم،
كۈلگەنلەردىن ھەسرەت-نادامەت.
راست كۈلكىنى بىر كۆرسەم دەيمەن
تاڭلا بولسا تېنىم سالامەت.

يۈرەك سوقارقاتراڭغۇ كاتەك،
قىل يورغىغا چۈشمىكى مۈشكۈل.
ھەمراھ تۇرسا ماڭا غەم-قايغۇ،
نەدىن شادلىق ئىزدەيدۇ كۆڭۈل.


كۆز ئۈزمەيدۇ دۇنيا مېنىڭدىن
مەن راست كۈلكە كۈلمىگەندەك.
تەييارلاقلىق مېنىڭ قەبرەممۇ،
مەن ئەتىلا ئۆلمىگەندەك.

بۇلۇت ئارا ئۈزدى ھىلال ئاي،
تاڭدا چولپان ھەمراھ بولغۇدەك.
ئېچىلغاندا چۈغلۇق، سەبدە گۈل،
جىلغىلارغا كۈلكە تولغۇدەك.

**ھەببە يارمۇھەممەت**

# چۈشلۈق

(پوۋېست)



1

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى، تىك ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتىدە قىزىغان زېمىن قوشتىن چىققان ئۆكۈزدەك ئېغىر - ئېغىر تىناتتى. ۋىل - ۋىل كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالۋۇن تىنىمسىز لوغۇلدايتتى.

ئېتىز يولىنى بويلاپ مېڭىپ، يېزىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى سۇلاشقان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىسى تەپچىرىگەن تەنلەرنى سالقىنلىتىپ، كىشىگە بىر ئاز ھوزۇر بېغىشلايتتى. ناگان-ناگاندا يۈزلەرنى يېنىك سىپاپ ئۆتىدىغان تىنجىق شامال قەيەرلەردىندۇر چىققان چىلە ئارىلاش ئوغۇت پۇرىقىنى دىماغلارغا ئۇراتتى.

بۇ چەت خىلۋەت يېزىغا ئېلىپ كىرىدىغان يولنىڭ ئايلانمىسىدىكى كىچىككىنە بېكەت ئېغىزىنىڭ چەكمىنىدەك تولىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. قوداڭشىپ قالغان كونا ئاپتوبۇسقا بىردىن - ئىككىدىن چىقىۋاتقان يولۇچىلار ئۆزلىرىنى ئورۇندۇققا تاشلىشاتتى - دە، مۈگدەشكە باشلايتتى.

تولا ساقلاپ تاقىتى - تاق بولغان يولۇچىلار غۇدۇراشقا باشلىغاندىن كېيىن، قاپقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، تەلەتى سۈرۈن شوپۇر، كىملەرگىدۇر ئاچچىقلانغاندەك، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ رولغا ئولتۇردى ۋە بېكەت سەيناسىدا تاتلىق سۇ سېتىپ ئولتۇرغانلار ھەم ئۇلارنىڭ تەلەڭگە - پەلەڭگىلىرىنى توپا ئىچىدە قالدۇرۇپ يولغا چۈشتى. پاكار - پاكار قورۇق تاملار بىلەن قورشالغان بېكەت ۋە باغلار ئارىسىدىن ناگان - ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۆيلەر بارا - بارا ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى.

زېرىكىشلىك ماتور ئاۋازى مۈگدەپ ئولتۇرغان يولۇچىلارنى تىنىمسىز ئەللەيلىمەكتە، يېيىلىپ ياتقان بوستان دالا خۇددى قۇياشنى باغاشلىماقچى بولغاندەك، غۇلىچىنى كەڭ يايغىنىچە، سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. قىرلاردا ئۈنۈپ قالغان سېرىق مامىكاپ گۈللىرى بىلەن ئالىلىقاندىق چېچەكلەر كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

- چۆغلۇق گۆلى، چۆغلۇق گۆلى! تاغ - دالىلاردىكى شۇنچە گۆللەر ئىچىدە شۇ چۆغلۇق گۆلى بارمىدۇ؟ مومام رەھمەتلىك ھەر دائىم: «چۆغلۇق گۆلى، ئۇ شۇنداق بىر گۆلكى...» دەيتتى - دە، چۈشىنىكسىز غودۇڭشىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇ زادى قانداق گۆل بولغىيتتى؟

قۇياش ئاستا - ئاستا غەربكە قىيىلىپ، كەچ كىرىشكە باشلىدى. چوغدەك تاۋلانغان شەپەق، خۇددى قىيمايۋاتقاندەك، بەكمۇ تەستە يىراقلىماقتا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، بار ئاۋازى بىلەن:

- ئېھ شەپەق! سەن چۆغلۇق گۆلىنى بىلەمسەن،- دەپ تۇۋلىغۇسى كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىردەمدىن كېيىن، تۈن يۇلتۇز كۆزلۈك قارا روملىنى پۈتۈن زېمىنغا يايىدۇ. تۈن، رەھىمسىز تۈن، ئۇ قارا بولغىنى ئۈچۈن چۆغلۇق گۆلىنى كۆرەلمەيدۇ...

ئاپتوبۇس ئاستا - ئاستا مەنزىلگە يېقىنلاشتى.

2

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. چۆغلۇق يېڭى مۇھىتقا خېلىلا كۆنۈپ قالدى. ئۇ تۇرۇپلا ھەيران قالاتتى. ئۆزىنى خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بالىدەك ھېس قىلاتتى. دېمىسىمۇ بۇ مەكتەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر ھايات يولى ئاچتى. ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەر مەركىزىدىن خېلىلا يىراققا جايلاشقان، ئاددىي، كۆرۈمسىز بۇ مەكتەپ گەرچە ئىجتىمائىي كۆچىلەر ئاچقان ئالىي مەكتەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسلىسىز بىر دۇنيا ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سىنىپ، ياتاق ۋە تاماقخانا يوللىرىدا پەيدا بولغاندا ئۆزىگە تىكىلگەن ئوتتەك كۆزلەر، ئۆزئارا كۇسۇرلاشلار ۋە قايرىلىپ قاراشلار ئۇنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل، سۇمباتلىق قەددىگە چۈشىنىپ بولمايدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە مەغرۇرلۇق ئاتا قىلاتتى.

بولۇپمۇ بىر كۆز، ئوتتەك بىر كۆز ئۇنىڭغا چەكسىز شادلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كۆز-تەننىڭ تىلى. گەرچە بۇ ئوتلۇق قاراشنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، چۆغلۇققا نىسبەتەن، ئىپتىدائىي بولغان بىر خىل ئاڭ بۇ توغرىدا ئاللىقاچان سىگنال بېرىپ بولغان ئىدى. لېكىن قادىرئاللا تېخى بۇنى شۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسىگە ئۇقتۇرمىغان ئىدى.

- چۆغلۇق، بولامسەن، نىمانچە تۈگىمىگەن پەرداز بۇ؟!

— مانا ھازىر.

ئۇ ئەينەككە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھېچكىم قالمىغان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى-دە، بىنادىن ئالدىراپ چىقتى.

دەرس باشلاندى.

كەينىگە قايرىپ تارالغان دولقۇن چاچلىرى، كەڭ پېشانىسى ۋە سوقچاق يۈزى بىلەن قوشۇلۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ سىماسىنى نامايەندە قىلغان بۇ ياش ئوقۇتقۇچى تار مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، دوسكىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا، باشقىلار يۈرگىنىڭ بارمۇ؟ دېسە، مەغرۇر ھالدا بار دېمەمدۇ كىشى. شۇغىنىسى ئوقۇتقۇچىدە بۇ، ۋاي خۇدايىمەي ماڭا نىمە

قويۇپتۇ؟ ئېخى يىگىرمىگىمۇ كىرمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇمۇ مېنى نېمە قىلاتتى؟ تازا بىر بەڭگىنىڭ خىيالى بولدى بۇ! بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىمۇ دەرسنى باشلاپ بولغان ئىدى. كەرىمە نادىر قانداقراق ئايالدۇ؟ «سامان يولى» دېگەن بۇ ئەسىرى ھەجەپمۇ ياخشى ئىكەن. ئاخىرى قانداق بولار؟ قەدىردان دېگەن ماۋۇ بىر نېمىمۇ ئەجەب بىز تەرەپكىلا غاراپ سۆزلەيدىغان بولدى. بولمىسا ئوقۇغاچ ئولتۇراتتىم. ۋاي نېمە كارىم. ئۇ پۇل تېپىشنى بىلسۇن، پۇلنى دېمىسە، بىزگە دەرس سۆزلەپ نېمە قىلاتتى؟ ئۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدى. «‹ئېھتىمال، شۆكران خانىم! خىيال بىلەن چوشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىم جىق! مېنىڭچە، تۇرمۇش كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.›، نىجات بۇ سۆزلەرنى ھاياتنىڭ يۈكى ئاستىدا ئېزىلگەن ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىكى بىلەن ئەمەس، ھاياتنىڭ ئۈستىگە چىققان قاۋۇل ئەرنىڭ تەنتەنىسى بىلەن ئېيتقانىدى. شۆكران ئۆز ھاياجانلىرىنى يوشۇرمىدى، ئىختىيارسىز:

-زۇلال، تۇرمۇشتا ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقىمنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم! - دېدى. زۇلال ۋىللىدە قىزاردى.»

بېشىگە يە، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، قىزىرىپتىمىش. ئۇ قەدىردانغا قاراپ قويدى - دە، داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

- چوغلۇق، دەرسكە دىققەت قىلىڭ!

چوغلۇق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. قولىدىكى كىتابمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. گەرچە بۇ سۆزلەر سىلىق ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بېشىدا چاقماق چاققاندەك بىلىنگەن ئىدى. يۈزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئوت ئالدى. قەدىردان ئۇنىڭغا قاراپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، دەرسنى داۋاملاشتۇردى.

ئىككى سائەتلىك دەرس ۋاقتى توشۇپ، قوڭغۇراق چېلىندى. كارىدوردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قەدىردان قولىدىكى بور توزانلىرىنى قاققاچ:

- دەرستىن چۈشۈڭلار! - دېدى ۋە كىتابنى قولىغا ئېلىپ، چوغلۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ:

- باياتىن بېرى ھېكايە ئوقۇدىڭىزمۇ دەيمەن - ھە؟ - دەپ سورىدى. چوغلۇق قورقۇنچ ئارىلاش سىنچى كۆزلىرى بىلەن قەدىردانغا تىكىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن:

- ھەئە، - دېدى ۋە شىتىلىلىق قىلىپ، تىلىنى چىقىرىپ قويدى. ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

- نېمىنى ئوقۇدىڭىز؟

- «سامان يولى»نى.

- كەرىمە نادىرنىڭمۇ؟

- ھەئە.

- بۇ رومان ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ھېكايە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

- ھەئە، بەك ياخشى كۆرىمەن، - چوغلۇق جاۋاب بەرگەچ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى.

ئۇنىڭغا ئۆزگىچە گۈزەللىك بېغىشلىغان بىر ئۆرۈم قارا چېچى مەيدىسىدىن ئېشىپ، ئېتىكىگە تاشلىنىپ تۇراتتى.



- ھوي شەيتان، ھەئە دېگىنىنى قارا. ياخشى كۆرگەن ئادەم دەرس ۋاقتىدا ئوقۇمامدىكەن؟ مېنىڭچە، بوش ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئۇنىمۇ تېخىمۇ ياخشىغۇ دەيمەن - ھە؟! - قەدىردان مەنىلىك كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغىلا سىنىپتا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

- ئۇ چوقۇم سىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان گەپ.

- ئىشىڭنى قىل، ساڭا كۈيۈپ يۈرمىدۇ تېخى؟

- ئارىمىزدا ئاي ئولتۇرسا، يۇلتۇزغا سان نەدە؟

- شۇنى دەيمەن، يەنە كېلىپ كىم بىلمەيدۇ ئۇنىڭ چۈغلۇقىلا قاراپ سۆزلەيدىغىنىنى.

- قارىسا قارىمامدۇ، كۆزىنىڭ ئىختىيارى.

قىزلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي چاقچاقلىشاتتى. دەل شۇ ئارىدا سىرتتىن بىرىنىڭ:

- چۈغلۇق ، خەت كەپتۇ، - دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا ماڭغاچ:

ئايلىناي، قارا كۆز. . .

دەپ يوقلا بىر ناخشىنى توۋلاپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا ناھايىتى خوش بولۇۋاتاتتى، شەھلا كۆزلىرىمۇ كۈلمەكتە ئىدى.

ئۇ سىرتقا چىقىشىغىلا بىر توپ قىز ئۇنى ئورىۋالدى.

- ۋاھ زۇلىيار! نېمانداق چىرايلىق ئىسىم بۇ! كىم ئۇ، چۈغلۇق؟

- مېنىڭ ساۋاقدىشىم، - ئۇ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى يىرتقاچ ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى، - شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ.

- پاھ كاساپەت، ئەجەب تەلەيلىك ئىكەنسەن!

- كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەن؟ ئۆزىمۇ پەيزى بار يىگىت ئۇ، خالىساڭ تونۇشتۇرۇپ قوياي.

- شۇنداق قىلە ئاداش، ئايلىنىپ كېتەي سەندىن.
- ماڭچۇ؟

بۇ بىر توپ كۆلگۈنچەك قىزلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى مەيداننى بىر ئالدى.

3

يېڭى يىل ھارپا ئاخشىمى. مەكتەپ قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن ئىدى. سوغۇقمۇ خېلى ئەدگەن. قېتىپ قالغاندەك تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشكەندەك ئاقۇچ، سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى يىراق - يىراقلاردىن كۆزنى چاقاتتى. كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن ئاۋاقتەك تولۇنئاي رۇجەكتىن ماراپ تۇرغان ساھىبجامالدەك ئاق قارغا پۈركەنگەن زېمىنغا قاراپ كۈلمەكتە ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن بېزەشكەن سىنىپلاردا رەڭگا رەڭ پانۇسلار گۈڭگا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان، تانسىمۇ راسا قىزىغان ئىدى.

قاردەك ئاق يۇڭ پوپايكا ئۈستىگە ئوچۇق قىزىل ساراپان كىيىۋالغان چوغلۇق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. بۈگۈن ئۇ چېچىنى بوشلا قويۇۋەتكەن ئىدى. تېقىمىغا قەدەر يېيىلىپ تۇرغان قاپقارا قۇندۇز چاچلار ئۇ ھەر بىر پىرقىرىغاندا، يەڭگىل يەلپۈنۈپ ھەريان تاشلىناتتى. قىسقا دەم ئېلىشتىن كېيىن، مۇزىكا ئەڭ شوخ پەدىدە ياڭراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ھەممەيلەننى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، قەدىردان بىلەن چوغلۇق تانسىغا چۈشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەستايىدىل، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەن بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ماسلاشقان ئىدىكى، چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ ھەر بىر ئۇدارىغا ئەگىشىپ ئېلىنىۋاتقان يەڭگىل قەدەملەر خۇددى ساز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. چوغلۇقنىڭ قىزارغان يۈزلىرى چىراغ نۇرىدا ۋال - ۋۇل پارقىراپ قالاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياتنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىغا چۆمگەن ئاجايىپ گۈزەل بىر سىمفونىيىنى ئورۇنداۋاتقان ئىدى. ساز توگىشى بىلەن چوغلۇق ئورنىغا قايتىپ كېلىپلا:

— خەمىدە، بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىمەن. جۆرە بىردەم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى! — دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ خۇددى ئەنسىز دولقۇنلۇۋاتقان يۈرىكى سىرتقا چىقىپ كېتىدىغاندەك، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ مەيدىسىگە قويۇۋالغان ئىدى. قوللىرىمۇ ئالدىغا ئىگىلىپ تۇراتتى.

— جۆرە.

مەكتەپ مەيدانىنىڭ بىر نەچچە يېرىدە جۈپ - جۈپ سايىلەر غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاينىڭ قار يۈزىدىن قايتقان نۇرى كۆزلەرنى چاقاتتى. ئالدىرىماي تاشلىنىۋاتقان قەدەمگە ئەگىشىپ، قارنىڭ غىرىس - غىرىس قىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

- ئاھ خەمىدە، نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە! قارا ئاينىڭ گۈزەللىكىگە.
- سەن ئايدىنمۇ گۈزەلغۇ؟!
- تەبىئەت گۈزەل، شۇڭا بىزمۇ گۈزەل. سېنىڭ مۇشۇ ئويماقتەك لەۋلىرىڭنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن . . . جېنىم دوستۇم، شۇ تاپتا شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەنكى، بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىغۇم، ناخشا ئېيتقۇم، سەكرەپ - تاقلاپ، قىيغىتىپ يۈگۈرگۈم، ئاپئاق قار ئۈستىدە ھارغىچە دومىلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — ئۇ قوللىرىنى ھەريان پۇلاڭلىتاتتى. كۆكتىكى تولۇنئاي ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان، شادىمان شوخلۇقنىڭ تەپتىدە سېھىرلەنگەن كۆزلىرىدىن ئەكسىنى تاپقان ئىدى.

- ھەي سەھرالىق ياۋابى، يەنە تەنتەكلىكىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ - دە، سېنىڭ.

- ماھ - ھا. . .- چۆغلۇق بوش تولۇلاپ قويدى - دە، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

قوۋزاق يېرىپ چىقماي تۇرۇپ پوتلا تېخى،
قانداق قىلىپ چېچەك ئاچتى ئۆرۈك شېخى؟
قار بېغىغا ئايلىنىپتۇ بۇ كائىنات،
توپ - توپ بولۇپ كېلىپ قونغاچ ئاققۇ پېيى.

- پاھ كاساپەت، شائىر ئىكەنسەنغۇ، بىلمەي يۈرۈپتىمىز - ھە؟

- ھا . . . ھا . . . ھا . . .

جاراڭلاپ چىققان كۈلكە ساداسى تۈن بوشلۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تۇتەكتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان سامان يولىغا ئۇچۇپ كەتتى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

4

ئىجتىمائىي كۆچلەر ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدىغان قائىدىسى بار. بۇ يىل تەكلىپ قىلىنىمىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، قەدىردان مەكتەپكە كەلمىدى. ھەر قېتىم ئۇ توغرىلىق پاراڭ بولغاندا، چۆغلۇق شوخلۇق بىلەن:

- بولىدىغان يىگىت ئىدى ئۇ، - دەپ چاقچاق قىلاتتى. كۆڭلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپلا كەتكەن بولسىغۇ تەقدىرمۇ كېيىن ئۇنىڭغا ئۇنچە رەھىمسىز چاقچاق قىلماس ئىدى. بىراق ھېلىقى بىر يەكشەنبە. . .

سەھەردىن باشلاپلا ھاۋا ئۆزگىرىشكە باشلىغان ئىدى. سۇررەڭ بۇلۇتلار بارا - بارا يېيىلىپ، ياللىغاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىغا تېخىمۇ سوغۇق تۈس بەردى. جەنۇبتىن ئالدىن دېرەك بېرىدىغان سوغۇق شامال تۇرۇپ - تۇرۇپ ھۇشقىتىپ قوياتتى. كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق تېخىمۇ ئەدىدى.

چۆغلۇق چوڭ ئايلانمىدىن ئۆتۈپ، مەكتەپكە بارىدىغان يولغا ئەگىلدى.

- ئاپئاق قىز، كەچ قاپسىز، ئاپىرىپ قويايمۇ؟

ئۆزۈن بورۇت قويۇۋالغان ئورۇق، ئېگىز، قارامتۇل كەلگەن بىر يىگىت خىلىدىن بېرى ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

- رەھمەت دېيىشىڭغۇ. ئەجەبمۇ خىجىل بولمايدىكەنسىز. خەق سوغۇقتا ئۆلەي دەۋاتسا نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ بۇ؟ - چۆغلۇق ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يولىغا مېڭىۋەردى.

- ئۇكاموي، ئادەم ئېتىپ كەينىڭىزگە كىرىپ قويساق، بىزنى لالما كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟ قىز بالا دېگەنغۇ كوچىدا ساماندەك، ئەمدى شۇ. . .

- چۆغلۇق! - غايىبتىن كەلگەندەك چىققان بۇ ئاۋاز چۆغلۇقنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، - قايتىۋاتامسىز مۇ؟

- ھوي، قەدىردان! - چۆغلۇقمۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. قانداقتۇر بىر جاسارەتتە ئۇنى «قەدىردان» دەپ ئاتىۋەتكىنىنىمۇ ئۆزى تۇيمايلا قالدى.

- ھە، بۇ ساۋاقدىشىڭىزمۇ؟

- بۇ... - چوغلۇق نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

«ياق» دەي دېسە، ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى لەت قىلغۇسى كەلمىدى. «ھەئە» دەي دېسە، يەنە بالاغا قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ ئارىلىقتا قەدىردان ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ ناتونۇش يىگىتكە قول ئۇزاتتى.

- ياخشىمۇ سەن؟ ئىسمىم قەدىردان، تونۇشۇپ قويايلى!

- بۇ... بۇ... - يىگىت تارتىنىپراق قول ئۇزاتتى ۋە ئارانلا، - ئەدەبسىزلىك بوپتۇ، كەچۈرۈڭلار، - دېدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، ۋېلسىپىتىنى مىنىپ، ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

چوغلۇقنىڭ شۇنداق كۈلگىسى كەلدىكى، ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى. قەدىردانمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- ئاجايىپ قىزىق ئىش بولدى بۇ!

- قارىسام قاپاقلىرىڭىز چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەقچان كەينىڭىزگە كىرىۋالغان نېمە بۇ، دەپ ئويلىدىم - دە، نېمە بولسا بولسۇن دەپلا كەلگەن ئىدىم.

- ئۇ سىزدىن چىڭ چىقىپ گۈلەيگەن بولسا، قانداق قىلاتتىڭىز؟

- بۇ مېنىڭ يۈرگىنىم دەيتتىم - دە، شۇ.

-ۋېيەي ... - چوغلۇق ئۇتتەك قىزارغان يۈزلىرىنى چەتكە ئېلىپ كۈلۈپلا قويدى. قەدىردانمۇ گەپنى ئىتتىكلا يۆتكەپ:

- نەگە بېرىپ شۇنچە كەچ قالدىڭىز؟ - دەپ سورىدى.

- كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم. تاماق يەپ كەت، دەپ تۇتۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن كەچ قالدىم، يا كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ ئۇچرىمىدى...

- شۇنىڭ بىلەن بايىقى رودىپايغا ئۇچراپ قالدىم دەڭ.

ئۇلار بۇ قېتىممۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچەيلەن ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى.

- بۇندىن كېيىن بۇنداق كەچ قالماڭ. جەمئىيەتتە قالايمىقان ئادەملەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزدەك بىر چىرايلىق قىز كوچىدا يالغۇز يۈرسە... ھېلىمۇ خەق ئىنسابلىق ئىكەن.

قەدىردان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چوغلۇقنى سىن نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. قارامتۇل ئەترەڭ، ئۇزۇن، تار پويىكا ئۈستىدىن ئەڭ يېڭى مودىدا تىكىلگەن توق قىزىل سوكنو چاپان كىيگەن چوغلۇق بىر قارىماققا يېزىلىق قىزلارغا ئەمەس، باي ئائىلىنىڭ شەھەردە ئۆسكەن ئەركە قىزىغا ئوخشايتتى. ئەتراپىغا سۈس گىرىم قىلىۋالغان چوڭ - چوڭ شەھلا كۆزلىرى خۇددى تەلپۈنگەن بوۋاق بالىنىڭ كۆزىدەك تىنىق، بىغۇبار ۋە ئويناق ئىدى. ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان نازۇككىنە بۇرنى، ئالۇچىدەك لەۋلىرى، سوغۇقتا قىزارغان ئاناردەك، يۇپيۇمىلاق يۈزلىرى، زىبا قەددى - قامىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ كەلگەن يارىشىملىق كىيىملىرى ئۇنى بىر كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمدە: «ئىسىت! مۇشۇنداق بىر گۈلنى نېمىشقىمۇ شۇ چەت يېزىدا ئېچىلدۇرغاندۇ؟» دېگەن ئوينى پەيدا قىلاتتى. بىلگەنلەر: «بەلكى

ئاللا ئۇنى يامان كۆزدىن ساقىت قىلماقچىدۇر؟» دېيىشى مۇمكىن، ئىشقىلىپ، ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئىچى كۆيەتتى.

- بۈگۈنغۇ سىزنى مەن ئاپىرىپ قويارمەن، بۇندىن كېيىن كەچ قالسىڭىز كىممۇ ئاپىرىپ قويار؟

- ۋېيەي، نېمە دەۋاتىدىغانسىز، قەدىردان مۇئەللىمىم!

- بولدى قەدىردان دەۋېرىڭ، بايىمۇ شۇنداق ئاتىدىڭىزغۇ؟

- ئۇ دېگەن بايا...

- قىزىقكەنسىز، ھەقىقەتەن قىزىق. ھە، بايىقى گېپىمگە جاۋاب بەرمەيسىزغۇ؟

- ھازىرچە ئۇلارنى ئويلاشقا بالدۇرمىكىن؟

- ياق، ئانچە بالدۇر ئەمەس، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭىز؟

- يىگىرمىگە.

- مانا ئەمەسمۇ. مەندىن پەقەت بەش ياش كىچىككەنسىز.

.شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى جىملىق ئۇزاققا سوزۇلدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا مەكتەپ ئالدىغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى.

- رەھمەت سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

- ياق، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ھە راست، ئويۇن قويىدىكەن، ئاپارساق بارامسىلەر؟

- قاچان؟ - چۇغلۇق ئىختىيارسىز تۇۋلىۋەتتى.

- ھوي ئاستىراق! - قەدىردان كۈلۈپ كەتتى، - ئەتە، ئاپتونوم رايون بويىچە تاللانغان ئارتىسلار ئىكەن.

- رەھمەت، بۈگۈن ئاۋارە قىلغىنىڭىزمۇ يېتەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپنىڭ تۈزۈمىمۇ چىڭىپ قالدى. كەچتە سىرتلارغا چىقىشقا يول قويمايدۇ.

- چىقمىسىڭىزلا دېسەڭلار، ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرىمىز، — قەدىردان ئىشەنچ بىلەن چۇغلۇقنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

- ماقۇل، چىقايلى.

- خوش ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن!

- خوش. بىر دوستىڭىزنى ئېلىپ چىقىسىزغۇ - ھە؟

- ئەلۋەتتە، - بۇ ئاۋاز قەدىردانغا غۇۋا ئاڭلاندى. بۇ چاغدا چۇغلۇقمۇ خېلى يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

5

شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى يىلىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە ئېغىزدىن - ئېغىزغا قەدىردان بىلەن چۇغلۇق ئارىلىشىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر كۆچۈپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چۇغلۇقنى ئېگىز بوي، بۇدۇر چاچ، ئانچە چىرايلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، يامان ئەمەس بىر قىز ئىزدەپ كەلدى.

- سىز بىلەن پاراڭلاشقىلى كېلىۋېدىم.

- مەن بىلەن؟ نېمىشقا؟

- قەدىردان توغرىلىق.

- قەدىردان! ھە . . . - نېمىشقىدۇر چوغلۇقنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، - ئەمىسە ياتاققا كىرەيلى!

- ئەپسىز بولماس؟

- ياقەي، ھېچكىم يوق.

ياتاق ئىچى پاكىز تازىلانغان، كارىۋاتلارغا ئاپئاق پىراستىنلار تارتىلغان ئىدى، ھەر كىم ئۆز كارىۋىتىنى كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ۋە رەسىملىك كالېندارلار بىلەن بېزىگەن ئىدى. بايىقى قىز ياتاق ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن پاھ، خېلى ئىشقى بار قىزلارمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدە يۇيۇلمىغان بىر نەچچە چىنە قالايمىقان تۇراتتى. چوغلۇق «كەچۈرۈڭ» دېگەندەك قىلىپ قىزغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ كېلىۋەتتى.

- بىر ياتاقتا سەككىز قىز ياتىدىكەنسىلەردە؟

- ھەئە.

- يېقىن دوستىڭىز بارمۇ؟

- بار. بىراق ئۇ مەن بىلەن بىر يەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، - چوغلۇق گەپ قىلغاچ ناتونۇش قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

- قەدىردانمۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ياخشى كۆرىدىكەنسىزدە؟ - قىز كۈلۈپ تۇرسىمۇ، سۆزىگە تەنە ئارىلاشقانىدى.

- سىز؟ . . . - چوغلۇق تەئەججۈپ بىلەن قىزنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزگەچ سېرىق دېگەننىڭ ئىچى يامان بولىدۇ دېيىشىدىغان، راستمۇ نېمە؟ ھەدېمەيلا زىتىمغا تەگكىلى تۇرىدىغۇ بۇ، نېمە مەقسەتتە كەلدىكىن تېخى؟ دەپ ئويلىدى، چىرايىدىكى ئويناتچان كۈلكە ئۆچۈپ، كۆز جىيەكلىرى ۋە لەۋلىرى ئەتراپىدا سوغۇق كۈلكە ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

- راست دەيسىز، قەدىردان ئوبدان يىگىت.

- سىز شۇنداق قارامسىز؟

- ئەلۋەتتە! - بۇ سۆز ئىنتايىن ئۇرغۇلۇق ئېيتىلدى، چوغلۇق قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، خۇددى ئاپئاق پۇتلىرىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك، ئالدىغا سوزۇپ ئولتۇراتتى.

- ئەمىسە ئۇنىڭ تارىخىنى ئاڭلىغىنىڭىز يوقكەندە؟

- تارىخ دېگەندىن مەنمۇ خالىي ئەمەس، شۇڭا باشقىلارنىڭكىگە ئانچە قىزىقمايمەن.

- بىراق مەن قىزىقىمەن . . . ئىلگىرى ئۇ مەن بىلەن ئارىلاشقان، يەنە كېلىپ ئالتە يىل دەڭگە. بۇ ئالتە يىل جەريانىدا ئىككىمىزنىڭ توي قىلمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەر - ئايالدىن قېلىشمايتتۇق. . . ئەمدى مەن بۇ يۈزۈمنى خەقنىڭ ئالدىدا قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟

- شۇڭلاشقا مەن ئايرىلىپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟

- ئەلۋەتتە، بولمىسا مەن ئەرز قىلىمەن.

- شۇنداقمۇ تېخى؟ كالل‍ىڭىز ئېزىپ قالمىغاندۇ؟ سىزگە دەپ قوياي، قانۇن مۇھەببەتنى قوغدىمايدۇ!

- ھىم، مەنلا بولىدىكەنمەن، قەدىردانىنى مەندىن تارتىۋالىمەن، دەپ خام خىيال قىلمالى. خۇدايىم تۇۋا، خەق بۇ مەكتەپنىڭ قىزلىرىنى يامان دېسە، ئىشەنمەي يۈرۈپتىمەن، راستمۇ نېمە؟

- نېمە دەۋاتىسىز؟ ھەرقانچە بولارمىز، سىزچىلىك ئەمەستۇ؟

- بۇ يەرگە ساپ خەقنىڭ مۇھەببىتىنى بۇزغىلى كېلىشكەنمىدىڭ؟!

چوغلۇق ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ تۇراتتى.

- پەرىزىمچە، سىز بۇ يىل كەم دېگەندە 25 ياشقا كىرگەنسىز. گەرچە مەن سىزدىن تۆت-بەش ياش كىچىك بولساممۇ، خېلى ئەقىللىق ئىكەنمەن. مۇھەببەت دېگەن ئەلۋەتتە مۇھەببەت. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەر - ئايالل‍ىق تۇرمۇش ئەمەس. ھەرقانچە يامان بولساممۇ، بۇنى چۈشەنگۈچىلىكىم، ئۆزۈمنىڭ قەدىر-قىممىتىمنى ساقلىغۇچىلىكىم بار . . .

- نېمە؟ سىز تېخى . . .

- گېپىمنى بۆلمەڭ، - چوغلۇقنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ئىدى. ئالدىدىكى چەكچىيىپ تۇرغان، هارغىن چىراي، ئەسەبىي قىزغا قارىغانسېرى غەزىپىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى،- ئۆزىڭىزنى ئاقلىماقچىمۇ سىز؟ قايسى يۈزىڭىز بىلەن؟ قىز بالا ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن گۈزەل. گۈزەللىكىڭىزنى شۇنداق يوقاتقانىكەنسىز، سىزنىڭ قىممىتىڭىز بولامدۇ؟

- سەن . . .

- قولۇڭنى ئادەمگە شىلتىمە، چىقە ياتاقتىن. بۇ يەرگە مەن بىلەن مەنپەئەت تالاشقىلى كەلگەنمىدىڭ؟ گەرچە شەھەرلىك بولساڭمۇ، مەن ئۆزۈمنى ساڭا تەڭ قىلمايمەن. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم نېمىتى؟ ئەنە قەدىردانىڭ كوچىدا يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۇنسا ئېلىپ كەت، بولمىسا كۆزۈمدىن يوقال! ئىككىنچى ئالدىمغا دەسسىگۈچى بولما!

يېنىدا بەردەم چوڭ بولغان چوغلۇق قىزنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئىشىكتىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. قىزنىڭ قارشىلىق قىلىپ شىلتىگەن قوللىرى ئۆزى بىلەن بىللە هاۋادا پۇلاڭلىغىنىچە، ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدى. چوغلۇقنىڭ قولىقىدا قالغىنى:

- پاسكىنا، بۇزۇق! - دېگەن سەت، چىرقىراق ئاۋاز بولدى.

ياتاقتىكىلەر دەرستىن چۈشۈپ كىرگەندە، چوغلۇق ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ ياتاتتى.

- نېمە بولدۇڭ، چوغلۇق؟

- نېمە بولدۇڭ، يىغلاۋەرمەي دېمەمسەن؟

بېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغان خەمىدە قولىدىكى كىتابلىرىنى ئاچچىق بىلەن كارىۋات ئۈستىگە پاققىدە قىلىپ تاشلىدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كارىۋاتلىرىدا چوغلۇقنىڭ تىنىمسىز تىترەۋاتقان گەۋدىسىگە قارىغىنىچە ئولتۇراتتى.

- ماڭا بۇگۈن نەدىن بولمىسۇن، قەدىردان دېگەن نېمىنى تېپىشىپ بەر، ئاداش! - چوغلۇق ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، خەمىدەنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

- نېمە قىلاتتىڭ؟
- جېنىم ئاداش، بۇنى سورىما.
- نەدىنمۇ تاپارمەن؟
- قىلغان ئەڭ چوڭ ياردىمىڭ بولۇپ قالسۇن!

كەڭ پېشانىسى، يېيىلاڭغۇ قاشلىرى ئاستىدىكى بادام قاپاقلىرى ۋە كۆزلىرىدىن تەرسا مىجەزلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان خەمىدە چۈغلۈقنىڭ ئەلەم - ھەسرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، تېخى ئەتتىگەنلا تۈجۈپىلەپ قىلغان گىرىم مەينەت قىلىۋەتكەن سوزۇك، چىرايلىق يۈزلىرىگە، دائىم شوخ تەبەسسۇم ئۈچمەيدىغان لەۋلىرىدىكى ئازار ئارىلاش ئۈمچىيىشكە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭقۇر تىنىپ قويدى ۋە قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

- ئەلۋەتتە، ساڭا ياردەم ئەمەس، ھەتتا جان كېرەك بولسىمۇ ئايىمايمەن، دوستۇم، بىراق سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋال، نېمە ئىش بولغىنىنى ماڭا دە. بۇ ئەلپازىڭدا ئىشنى خېلى بۇزىدىغاندەك تۇرىسەن، ئاۋۋال ئۆزىمىز ئوبدانراق ئويلىشىپ باقساق قانداق؟ - دەپ مەسلىھەت بەردى.
- يەنىلا مەندىن سەن ياخشى. بىراق ئۆزۈمنى پەقەتلا باسالمايۋاتىمەن.
- جۆرە ئەمىسە، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى!

6 - ئاي مەزگىلى بولغاچقىمۇ، تەبىئەت تازا ۋايىغا يېتىپ باراقسانلاشقانىدى. تۈپتۈز ئاسفالت يول ئۈدۈل شىپاڭغا - گۈل ۋە مەجنۇنتاللار بىلەن پۈركەنگەن رىشاتكىلىق بۆكلۈككە باشلاپ باراتتى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. غەربكە قىيىلىپ كېتىۋاتقان قۇياش پاك ۋە غۇبارسىز نۇر - ھارارىتىنى سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. شىپاڭ ئۈستىگە يېيىتىلغان كاھىشلارنىڭ قايسىبىر بۈرجەكلىرى غىل - پال پارقىراپ قالاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىۋاتقان شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ نازۇك ياپراقلىرى ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆزنى چاقاتتى.

- تەبىئەت نېمىدېگەن پاكىز. قۇياش نۇرلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنىمۇ يورۇتۇۋېتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالسىچۇ، ئىسىت!
- ئاداش، ھەممىلا نەرسىنىڭ قارىمۇ قارشى تەرىپى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟
- دېگىنىڭمۇ توغرا، بىراق بىز بۇ يەرگە ئوقۇش، ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدۇق. بۇ مەكتەپ مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپ ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدەك يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ. نېمىشقا جەمئىيەت بۇنىڭغا توغرا قارىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەنسىتمىگەندەك قارىغىنىنى سېزىپ قالىمەن. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگىنىمىز بىزنىڭ يارىماس ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلامدۇ؟
- بۇنى مەنمۇ بەزى چاغدا ھېس قىلىپ قالىمەن.
- ھازىر جەمئىيەت ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا ئەمەس، دىپلومغا قاراۋاتىدۇ. خەپ، شۇنداقمۇ بىر كۈنلەر كېلەر، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ دۆت ئەمەسلىكىمىزنى خەققە تونۇتۇپ قويارمىز - ھە؟
- بولدى قوي، كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلمايلى! بۇنچە ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرساق كېيىن تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا قانداق بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟ ئادەم دېگەن قەيسەررەك بولغىنى ياخشى. مېنىڭچە، بىز ئۈچۈن ئاپىرىدە بولۇۋاتقان ھەر بىر مىنۇتمۇ غەنىيمەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئاللاغا رەھمەت

ئېيتىش كېرەك. سەنمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوغلۇق بولساڭچۇ!

چوغلۇق پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

- سەن بار يەردە غەم تارتقىلى بولامدۇ؟ دېمەيدىغان گېپىڭ بولمىسا يا!

- ھە، مۇنداق قىل، كۈلە، يەنە كۈلە! - خەممىدە چوغلۇققا قاراپ شېتىلىلىق قىلاتتى. ئۇلار قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. يېقىن ئەتراپتىن بىر توپ قۇش ئۈركۈپ چىقىپ، پۇررىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

6

- قەدىردان، ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر قىز بالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كېرەكتى. قىز بالا دېگەن ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. سۇ تېگىپ كەتسىمۇ داغ بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. دېغى بار قەغەزگە ھېچكىمنىڭ سالام خەت يازغۇسى كەلمەيدىغۇ؟

- ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ. ئۇ دېگەن ئىلگىرىكى ئىشلار. لېكىن ئوتتۇرىمىزدا ئۇ ئېيتقاندەك ئاللىقانداق مۇناسىۋەت يوق ... ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم ئىدى. ھەر ئادەمنىڭ تۇنجى قېتىم سۆيگىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمايدۇ. بىراق ئۇ قەلبىمدە قالدۇرۇپ كەتكەن دەرد - ئەلەممۇ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمايدۇ... ئۇ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەن بەش يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا بۇ مۇھەببىتىمىزگە نىسبەتەن بىر قېتىممۇ ساختىلىق قىلغىنىم يوق. ئۇچۇ؟ - قەدىردان ئۆزى يۆلىنىپ تۇرغان دەرەخنىڭ قىيپاش ئۆسكەن غولىدىن ئىنچىكە بىر شاخنى ئاچچىق بىلەن يۇلۇپ ئالدى، - ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، توقۇمىچىلىقتا ئىشلەپ قالغانىدى. مەن يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈپتۇ. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ خويىنى تاشلىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ دادىسى شەھەر باشلىقى بولغانىدى. ھە دېسىلا دادىسىنى پەش قىلىپ غورۇرۇم بىلەن ئوينىشىدىغان بولۇۋالدى. كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتىم. مانا ھازىر تەسەۋۋۇرۇمدا ئىزدەپ يۈرگەن قىزنى ئاخىرى تاپتىم. ئۇنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببىتى ئىنتايىن قىزغىن. يەنە كېلىپ قانداق ياشاشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىر مىنۇتتىمۇ مەن ئۇچۇن ئاجايىپ مەنىلىك تۇيۇلىدۇ ... مەن جىملىقنى ياقتۇرمايمەن، گۈزەللىكنى سۆيىمەن. تۇرمۇشۇمدا لاتاپەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ئائىلە ئايالى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە تۇرمۇشتىن لەززەت ئالالايدىغان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كۈلدۈرەلەيدىغان ئايال بولۇشى كېرەك. ئۆمۈر دېگەن بىزگە بەخشەندە ئەمەس. ئويلاپ بېقىڭ، توختام سۇنىڭ مەززىسى يوق، كىم ئېقىن سۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ دېمەك، سىز بۇ ئۆزگىچە مىجەزىڭىز بىلەن ئېقىن سۇدىن چاچراپ چىققان شوخ تامچىدەك قەلبىمگە بوسۇپ كىردىڭىز ... سىز شۇنچىلىك ھېسسىياتچان بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇشنى بىلىسىز. باشقىلارنى سۆيەلەيسىز ھەم سۆيدۈرەلەيسىز. مانا بۇ سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىڭىز.

- بىراق قەدىردان، بەزى چاغدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ئادەمنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇش قاينىمىغا كىرىپ كەتكەچكە شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ... بەزى چاغلاردا قەلبىمىز ئۆزىمىزدىن نېمىنىدۇر تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بەك قىينىلىپ كېتىمىز. ئۇمۇ خۇددى شۇنداق بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېنىدا سىز يوق. سىز دېگەن ئۇنىڭ

ئەڭ يېقىن ئادىمى-دە! يەنە كېلىپ ئۇ چاغلاردا يېشىمۇ كىچىك تۇرسا. ئەمدى ئاتا - ئانىدىن پەخىرلىنىش بارلىق باللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىمغۇ؟ ھەي بىچارە، ئاستا - ئاستا تەسىر سىڭدۈرۈپ ئۆزگەرتىۋالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ . . . مەنمۇ ھېلىقى كۆڭلى تازا بېشەملىك قىلدىممۇ - نېمە؟

- بولدى، بولدى، مېنىڭ چىرايلىق پەيلاسوپۇم، - قەدىردان چوغلۇققا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قېشىنى ھىمىرىپ قويۇپ، - سىزمۇ كىچىكقۇ، كىچىك بولغىنىڭىز بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىسىزغۇ؟ - دېدى.

- بۇمۇ سىزنىڭ تەسىرىڭىز ھەقاچان؟ - چوغلۇق قەدىردانغا ناز بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويدى.

- شەيتان! - قەدىردان چوغلۇقنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتتى، - بولدى، ئەمدى ئارتۇق سۆزلىمەڭ، مەنمۇ ئاڭلىمايمەن. سىز ھاياتىمنىڭ بىر بۆلىكى، قەلبىمنىڭ دىلئارامى، ياشلىق بېغىمنىڭ بۇلبۇلى. مەن سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن، ئادەمدەك ياشىيالمايمەن.

- قەدىردان! - چوغلۇق بوش پىچىرلاپ قەدىرداننىڭ قويۇق كىرپىكلىك ئوتتەك كۆزلىرىگە تىكىلدى.

تەبىئەت شۇنداق گۈزەل. قويۇق دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇغان قۇياش نۇرى بۇ بىر جۈپ ياشقا كۆز قىسىشقاندەك غىل - پال سايە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قۇشلارنىڭ چاڭقىلداشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. شەھەر چېتىگە جايلاشقان بۇ ئارامگاھ ئارىلاپ - ئارىلاپ شەھەردىكى قايناق تۇرمۇشنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە ئەكس سادا قايتۇراتتى.

7

شەھەرلىك قاتناش بېكىتىنىڭ كۈتۈش زالى شامالدۇرغۇچنىڭ بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئاپتوبۇسلار قاتىرىسىغا توختىتىشۋېتىلگەن مەيدان خۇددى تونۇردەك كۆرۈنەتتى. يېقىنلا يەردە بىر ئادەم ئاپتوبۇس ئۈستىگە يۈك بېسىۋاتاتتى. تۆۋەندە تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەرسە - كېرەك ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەمگە بىرى سوقۇلۇپ كېتىۋېدى، نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللاپ كەتتى.

- بىچارىلەر، كۆڭلەكلىرىنىڭ دۈمبىلىرى تەرلەپ چاپلىشىپ كېتىپتۇ، - زالنىڭ دېرىزىسىگە يۆلىنىپ تۇرغان قەدىردان چوغلۇقنىڭ گېپى بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىرتقا قاراپ قويدى.

- ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، چوغلۇق!

- ھىم، - چوغلۇق مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ تۇرۇۋەردى. كۆز ۋە لەۋلىرى ئەتراپىدا سۇس كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

- مېنى ئۆيدىكىلەر ئالدىرىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ نېملا بولمىسۇن، ئىمدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. كەينىڭىزدىنلا ئەلچى چىقىشى مۇمكىن. ئۆيدىكىلەر توينى بۇ يىل يازدىلا قىلىۋېتەيلى، دەيدۇ.

- مېنىڭ يەنە بىر يىللىق ئوقۇشۇم بار تۇرسا؟

- كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئوقۇۋاتقىنىڭىز مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپ ئەمەس. ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ بىرى. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، توي قىلىشىمىز چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

- مېنىڭ خىزمىتىم بولمىسا، يەنە كېلىپ ئوقۇۋاتقان تۇرسام، تويدىن كېيىن سىزگە ئېغىر چۈشمەمدۇ؟ - چوغلۇق قەدىردانغا سوئال بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى.

- ئېغىر كەلسىمۇ ناھايىتى بىر يىلغۇ، ئۆزىڭىزمۇ ياتاقتا يېتىپ قىيىنلىپ قېلىۋاتىسىز . . .

- ئاپتوبۇس كەپتۇ، چىقايلىمۇ؟ - چوغلۇق گەپنى بۆلۈپلا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. قەدىردان چوغلۇقنىڭ كەينىدىن نارازىلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، گەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئاپتوبۇس بىردەمدىلا توشتى. چوغلۇق ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قەدىردان بىلەن پارالق سىلىپ ئولتۇراتتى. شۇندىمۇ كەيپى ئانچە جايىدا ئەمەس، بىئارامدەك كۆرۈنەتتى. پارالق ئارىلىقىدا نېرىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىرىگە كۆزى چۈشتى - دە، ئىختىيارسىز تولۇپ ئۈلگۈرەتتى.

- ۋېيەي، زۇلىيار، سىزمىدىڭىز؟ نېمە قاراپ تۇرىسىز؟ مېڭىڭە، كېتىمىز.

زۇلىيار كۈلۈپ كېتىپ، سەل ئەيمىنىش بىلەن ئاپتوبۇسقا يېقىن كەلدى ۋە قەدىردان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، چوغلۇققا قاراپ:

- ياخشىمۇ سىز، ئۆيگە قايتىتىڭىزمۇ؟ - دېدى.

- ھەئە، سىزمۇ قايتقانسىز؟

- مەنمۇ قايتقان، بىراق تېخى بېلەت ئالمىدىم.

- ۋاي مۇشۇنىڭغا چىقىۋېرىڭە، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ كېتىمىز، - چوغلۇق چاقچاق قىلىپ بىر كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

- مەيلى، بولمىسا شۇنداق قىلاي.

زۇلىيار ئېگىز بويلۇق، خۇددى قىزلارغا ئوخشاش نازۇككىنە يىگىت ئىدى. پېشانىسىگە قالايمىقان يېيىلغان چاچلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى ئاستىدىكى سەل - پەل قىسىلغان كۆزلىرى ناھايىتى شوخ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەڭگىل سەپەر سومكىسى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئاپتوبۇسقا لىككىدە سەكرەپ چىقتى - دە، چوغلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى ۋە ھە دېمەيلا ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. گەپ ئارىلىقىدا، قانداقتۇر بىر بۇغا ئاۋازىنى ئەسلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى. سىرتتىن قاراپ تۇرغان قەدىردان ئۆزىنى خۇددى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىپ قالغۇدەك يەرگە يېتىۋاتاتتى. كۆڭلىمۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. چوغلۇققا نىسبەتەن كۆندەشلىك ئارىلاشقان قاتتىق نارازىلىق غەليان كۆتۈرمەكتە ئىدى. ھەي ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى . . . ئاپتوبۇس قوزغالدى. چوغلۇق ئېرەنسىز، قەدىردان سوغۇقلا خەيرلەشتى.

8

كوچىدا بىر توپ بالا بىلەن قولنى بىلىكىگە كەلگۈچە لايغا تىقىپ ئويناۋاتقان نىجات چوغلۇقنى كۆرۈپلا ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى.

- چوڭ ئاپا، چوغلۇق ھەدەم كەلدى.

يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. ئۇيەدىن نىجاتقا ئەگىشىپ 28 ياشلار چامىسىدىكى ئاق سۇزۇك، چىرايلىققىنا كەلگەن يەڭگىسى بىلەن ئوتتۇرىسى سەل ئۆڭكۈيۈپ قالغان ھاۋارەڭ ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان ئاپىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

- ئاپا!

- جېنىم بالام! كۆزۈمنىڭ قارىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، يېنىپ كەلدىڭمۇ، بالام؟ - ئانا چوغلۇقنىڭ

باش - كۆزىنى سىيلاپ يۇم - يۇم يىغلاپ كەتتى.

- بولدى قىل ئاپا، مانا مەن ساق بېشىپ كەلدىمغۇ؟ ھېيت - بايراملاردىمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇرىمەنغۇ؟ شۇنچىلىك سېغىنىپ كەتتىڭمۇ، ئاپا؟ . . . مۇشۇ ئاپامنىزە، قاچانغىچە كۆنەلمەيسەنكىنتاڭ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە تەسەللىي بېرىشكىنىچە ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى.

- دادام قېنى؟ گىشقا كەتكەنمۇ؟ ئاكامچۇ؟

بۇ قېتىم ئانا يەنە باشقىدىن يىغا سالدى.

- بولدى قىلىڭ ئاپا، سىڭلىمىز ئەمدىلا كەلدى، ھاردۇقىنى ئېلىۋالسۇن.

- نېمە بولدى، سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟

- ھېچنىمە بالام، جۇر ئۆيگە! - ئانا ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ قالغان قىزىنى ئۆيگە باشلىدى.

- نېمە بولدى ئاپا؟ - چوغلۇق قورقىنىدىن پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

چوغلۇقنىڭ دادىسى دوختۇر ئىدى. بۇ ئائىلىدە دادىسى، ئاپىسى ۋە چوغلۇقتىن باشقا ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بار. بۇلار بىر ئائىلىدە ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتى.

نېمە بولغاندۇ؟ دادىسى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتىمۇ؟ ياق، ياق، خۇدايىم ساقلىسۇن!

ھەش - پەش دېگۈچە كەچ كىردى. ئەل ئاللىقاچان ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، چوغلۇق ئانا-بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. چوغلۇقنىڭ كۆزلىرى كېڭەيگەن، قارىچۇقلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. قۇلاق تۈۋىدە بىر ئاۋاز. مېھرىبان، ئاجىز ئانىسىنىڭ خۇددى دەز چىنىنىڭ ئاۋازىدەك بوش، ئازابلىق ئاۋازى تىنىمسىز ياڭرايتتى، غوڭغۇلدايتتى. دائىرە بويلاپ چۆرگىلەيتتى - دە، خۇددى قۇيۇندا قالغاندەك بىر نۇقتىغا پىرقىراپ كىرىپ كېتەتتى. «جېنىم قىزىم، داداڭنى كـەچـۈرگـىن! ئـۇ شەھەرلىك بىر ئايالغا بۇزۇلغانىكەن، مەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ قالدى. . . »

- يـاق، ياق، ياق ! - چوغلۇق تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

بـىـر ئادەم ئوتتۇز يىللىق قەدىناسىنى، ھەر ۋاقىت ئۆز مېھرىگە تەشنا ئەزىز باللىرىنى، قان - تەر بەدىلىگە بەرپا قىلىپ ياشناتقان ئائىلىسىنى شۇنداقلا تاشلاپ چىقىپ كەتسە - ھە؟! بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

ئىسىت، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى!

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن قورۇنى تېخىمۇ ئېغىر جىملىق قاپلىدى. چوغلۇق بىر مىنۇتمۇ خىيالدىن خالىي بولالمايتتى. ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى نومۇستىن كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەھرا يېزىلىرى قىيامەت دېگىنى شۇمىكىن تاڭ، ئادەتتە ئۆيدە تىرىشقىدە قىلغان ئاۋاز بىردەمدىلا غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ ئاغزىغا چىقاتتى - دە، پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ داراڭلايتتـى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ دېگەن چوڭ ئىش تۇرسا، كوچىغا باش كۆتۈرۈپ چىقىش مۇمكىنمۇ ئەمدى؟ ئۇ خۇددى پۈت - قوللىرى بوشاپ كېتىۋاتقاندەك روھسىزلىنىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا سـۇلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاكىسى سودىگەر ئىدى، ئۇغۇ ئاچچىقىدا ئىچكىرىگە كېتىپلا يوقىلىپتۇ،

بۇ ئىزا - ئاھانەتتە مەن نەگىمۇ يوقىلارمەن؟ دەپ ئويلايتتى چوغلۇق.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قەدىردانىنىڭ ئائىلىسىدىن ئەلچى كەلدى. ئانا:

- دۇنيادا بارى - يوق بىرلا قىزىم ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلۇقلىقىغا يارىشا ياخشى يەردىن ئەلچى كەپتۇ. ئەمدى شۇنىڭدىمۇ بىز ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باقايلى! - دەپ، كەلگەن ئەلچىنى چىرايلىق يولغا سالدى. ئۇنىڭسىزمۇ «قىزى بارنىڭ نازى بار»دە، بىرىنچى قېتىمدىلا «ماقۇل» دەيدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ بىراق ئەلچى شۇ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ قايتا بوسۇغىغا دەسسىمىدى. چوغلۇقنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاپىسى ئىپتىقانىدەك ئىچىپ كېتەيلا دېدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ياكى . . . چوغلۇق خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپلا تۇگەشكۇسى كېلەتتى - يۇ، ئانىسىنى دەپلا ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. توۋا، بۇ دادىسىنىڭ نىمە قىلغىنىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالىلىق چاغلىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتەتتى. ئۇنتۇلغۇسىز غۇۋا ئەسلىمىلەر، قاقاقلىغان كۈلكە ساداسى . . .

ئاھ، ئۇ چاغلاردا بۇ ئائىلە نەقەدەر بەختلىك ئىدى - ھە؟ قېنى شۇ بەخت، قېنى؟ . . .

تۆت تام ئۇنسىز باش ئىگىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، ھەممىلا يەرنى مۇڭ باسقان. ئاھ - خۇدا!

غەم، خىيال، يالغۇزلۇق ۋە ئازاب ئىچىدە تەتىل ئايلىرىمۇ توشۇپ كەتتى.

چوغلۇق ئاخىرقى ئوقۇش يىلىنى ئىنتايىن كۆڭۈلسىز كۈتۈۋالدى.

كېچە. يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىدىن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان كارىۋاتتا ئىككى قىز ئاسمانغا قارىغىنىچە جىمجىت ياتاتتى.

- قارا چوغلۇق، ئاي تولۇپتۇ.

- نەدىكىنى، تېخى تولماپتۇ . . . كەمتۈك تۇرمامدۇ ئەنە.

ئىككىسى يەنە جىمىپ قالدى.

- بىچارە ئاي، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى مېنىڭكىدەك يېرىممۇ نىمە؟

- نىمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ - خەمىدە ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى.

- مۇشۇ يېقىندىن بېرى ھەممىلا نەرسە، ھەتتا تەبىئەتمۇ ماڭا ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنىدۇ. قەلبىمدە كىچىككىنە خۇشاللىقنىڭ سايىسىمۇ يوق. خۇددى ئالەمدە كۈلكە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەكلا ھېس قىلىمەن.

- ئۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمە، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

- ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ - دە . . . كەلگىنىمگە بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قەدىردان دېگەن نىمە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ھىم . . . مېنىڭدەك بوزۇقنىڭ قىزىنى نىمە قىلاتتى ئۇ؟

- ئۇنداق دېمە، ئاداش . . .

- ماڭىمۇ ئاز. ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىر نىمىلەرنى تاپقۇچە بىلىدىغاننى تاپسام بولماسمىدى؟ ھالىمغا باقماي ئىگىزگە ئىسىلغاندىن كېيىن، تازا ئوبدان بولدى . . . ئىست زۇلىيار!

- ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ - ھە؟

- ئۇنىڭدا گەپ يوق. ئۆزۈمنىڭمۇ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تارتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ جۈرئەتلىكرەك بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدىم ... بىز بۇرۇندىن تونۇشاتتۇق. ئۇ مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتى. ئىشقىلىپ يېقىن ئۆتەتتۇق. بىر - بىرىمىزنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتۇق. بىللە بولساق گېپىمىز تۈگىمەيتتى دېگىنە ... ئۇ بەك ياخشى، ئادەمنىڭ ھالىغىمۇ شۇنداق يېتىدۇ ... مەن بۇ مەكتەپكە كېلىشىمنىڭ ئالدىدا ئۇ بىزنىڭكىگە خوشلاشقىلى كەپتىكەن. ئىشىكىمىز ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئۇزاق تۇردۇق. قوشنىمىزنىڭ بىر نەچچە بوغىسى بار ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ شۇنداق زىل ھەم يېقىملىق ئاۋازدا سوزۇپ - سوزۇپ تۆۋلاپ قوياتتى. بىز تولا كۈلۈپ، تېلىقىپ قالاي دېگەن ئىدۇق. ھازىر ئويلىسام شۇنداق قىزىق تۇيۇلىدۇ. بۇنداق ئاۋاز سەھراغىلا ماس كېلىدۇ. ئاڭلىغان ۋاقتىڭدا ئاجايىپ بىر خىل خاتىرجەملىك ھەم ھۇزۇر ھېس قىلىسەن ... شۇ چاغدا، ئۇ ماڭا: سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى دېگەنتى. مەن نېمە دەيمەن؟ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپلا تۇرۇۋالغان ئىدىم ... بۇ قېتىم ئۆيگە قايتقاندىمۇ ئىككىمىز بېكەتتە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىللە كەتتۇق.

- ئۇنداق ئادەم نېمە ئالدىراپ قەدىردانىنى تاللىغان ئىدىڭ؟

- شۇنى دېمەمسەن؟ ئۇنى ياخشى كۆرۈپلا قالدىمغۇ - تاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇلىيار ئۈرۈمچىدە. كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق، دەپ ئويلاپتىمەن. ھەي، قەدىردان ئىزدىمىگەن بىلەن يەنە شۇ زۇلىيار ئىزدەپ بېرىپتىكەن، مەن چىققىلى ئۇنىمىدىم ...

- نېمىشقا چىقمىدىڭ؟

- ئىشقىلىپ مەندە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر خىل ھېسسىيات بارغۇ تاڭ؟ ... شۇنداقتىمۇ دەيمەن، بىراق يەنىلا تەتىل ئايلىرىمنى شۇ بوغىنىڭ ئاۋازىدىن تەسەللى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزدۈم... ھېلىمۇ بۇ يەردە سەن بولۇپ قاپتىكەنسەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟ كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭ تەسەللىسى يەنىلا سەن دېگىنە ...

چوغلۇق خەمىدەنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتتى. ئاي نۇرىدا غىل - پال كۆرۈنگەن ئىككى تامچە ياش ياستۇققا سىرغىپ چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن چوغلۇقنىڭ دەرسكە چىققۇسى كەلمەي، ياتاقتا يالغۇز قالدى، مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ خەققە كۆرۈنگۈسىمۇ يوق. خەقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن بىر مۇنچە گەپ. توۋا، گەپ دېگەن شامالدىنمۇ تېز بولىدىكەن - ھە؟ ... تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. قېنى مېنىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقۇم؟ بۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىرمۇ؟ بولمىسا بۇنچە تارتقۇلۇققا قالغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىم؟ ئاھ خۇدا!

- چوغلۇق نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ - خەمىدە تالادىن كۈلگىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى، - تۇرە ئورنىڭدىن، پەردازىڭنى تېز قىل، قەدىردان كەپتۇ.

- نېمە ئۇ كەلدىما؟ - چوغلۇق ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆندەرىگەندەك ياتاق ئىچىدە پىرقىراپلا قالدى.

- ۋاي خۇدايىمەي، كىرىپ قالارمۇ؟

ـ ۋاي ھودۇقمىغىنا بولدى. مەن سىرتتا تۇرغۇزۇپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن بېرى جىممىپ كېتىشىڭلار، قەدىردانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ نېمانچە قىلىسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ يۈرگىنىڭغۇ ئۇ. خۇددى سالامغا كىرىدىغان يېڭى كېلىندەك ھودۇقۇپلا كەتتىڭا. بولدى ئۆپكەڭنى بېسىۋال . . . ئۇ سېنى تۇگىشىپلا كېتىپتۇ، دېمىسۇن يەنە. بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ياسىنىپ، كۈلۈپ چىق! مەن ئۇنى گەپكە سېلىپ تۇراي ـ ھە!ـ خەممەدە قانداق تېز كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى.

سېنتەبىرنىڭ سالقىن شامىلى يوپۇرماقلارنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى. تەبىئەت يەنىلا ياز گۈزەللىكىدە يېشىللىققا پۈركىنىپ ياتقان بولسىمۇ ئاندا ـ ساندا دەرەخ شېخىدىن ئايرىلغان يوپۇرماقلار ھاۋادا لەرزان لەيلەپ، ئاياغ ئاستىغا ئۇچۇپ چۈشەتتى.

ـ تەتىل ئايلىرىڭىز ياخشى ئۆتكەندۇ؟

ـ يامان ئەمەس.

ئارىنى ئېغىر جىمىلىق باستى. ھەر ئىككىلىسى قىلىدىغان سۆز تاپالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈغلۇقنىڭمۇ ئاخشامقى ئاچچىقلىرى تاراپ ئېرىپ قالغانىدى. نېمىلا دېمىگەن بىلەن ئۇ ئاخىر ئىزدەپ كەلدى ـ دە؟! ئۇلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى ـ دە، ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ھەر ئىككى قەلب، ھەر ئىككى كۆزنىڭ توختىماي سۆزلىگۈسى، ھال ـ مۇڭىنى ئېيتقۇسى، تەقدىرنى تازا تىللىغۇسى، يىغىلىپ قالغان سۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە تەسەللى بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق نېمىدۇر ئۇلارنى سۆزلەتمەيۋاتاتتى. يەنە ئۇلار نېمىدىندۇر قورقىۋاتاتتى، ھەر ئىككىلىسى بۇ رېئاللىقنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ ـ ھە؟

ـ ھاۋا ئوبدانلا سوۋۇپ قاپتۇ، قىش بۇرۇن كېلەمدۇ ـ نېمە؟

ـ بەلكىم، كۈزمۇ مۆلچەردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدىغۇ مانا.

ـ بولدىلا چۈغلۇق، تولا تەنە قىلىشۋەرمەڭە.

ـ تەنە قىلىش ھەددىممۇ؟ ھەر كىم ئۆز ھالىغا باققىنى ياخشى ـ دە.

چۈغلۇق قەدىردانىنى خۇددى تونۇجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى. توۋا، بۇمۇ ئادەم ئىكەن ـ ھە؟ مېنىڭ ھالىمنى سوراپ قويۇشقا يارىمايدۇ ـ يۇ، مەندىن تەسەللى كۈتۈۋېتىپتۇ ـ دە، ئۆزىچە. ماڭا بىر ئېغىز تەسەللى بەرگەن بولسا، ئارىمىزدىكى بۇ يېتىمرقاشمۇ تۈگەيتتى. مەنمۇ تازا يىغلاپ، پۇخادىن چىققان بولاتتىم. خۇددى ھەممە ئىشنى مەن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول بەرمەيۋاتقاندەك، ماڭا بۇتناپ كېتىشلىرىنى قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بەرگۈدەكمەن؟ نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟ كەلگۈلۈك ماڭا كەلسۇنۇ، تەسەللىگە ئۇ مۇھتاج بولسۇن؟ ئۇنىڭ قايسى ئەلەملىرىگە تەسەللى بەرگۈدەكمەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قىلغان ئەقىدىسىگىمۇ؟ ئۇنداق ئەقىدە مەندىمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرمامدۇ؟ . . . مەن دېگەن بوزۇقنىڭ قىزى، ئەمدى مېنى كىمنىڭمۇ ئالغۇسى كەلسۇن؟ بولمىسا ھېلىقى سېرىقنى بېرىپ تېپىۋال، ئۇ دېگەن باشلىقنىڭ قىزى، ئىستىقبالىڭ چەكسىز پارلاق بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرى ئىدى. بىراق بۇنى قانداقمۇ دېسۇن؟ چۈغلۇقنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى مېنى ئەندىشىگە سېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ . . . ئۇنى نېمانچە ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىمكىن؟ ئارىمىزدىكى ھالقا كېڭەيگەنسېرى بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەي مۇھەببەت، ھەي مۇھەببەت!.

شىپاڭلىق باغنىڭ ئادەمسىز كوچىلىرى ھەرئىككىلىسىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىۋەتكەنىدى.

- چوغلۇق ئاپامنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى باركەن.

- نېمىشقا؟

- تاڭ بىلمىدىم، - ئارىنى بىردەم جىملىق باستى.

- قايتايلى قەدىردان، كەچ كىرىپ كەتمىسۇن يەنە.

- تېخى بالدۇرغۇ، ئىلگىرى بۇنداق چاغلارنى كەچ دېمەيتتىڭىز . . .

- ھاۋانىڭ كەيپى بۇزۇلۇپتۇ، ۋاقتىدا قايتقىنىمىز تۈزۈكمىكىن؟

- مەيلى ئەمىسە.

ئىككىلىسى ئۈن - تىنسىز مېڭىپ مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

- ئاپام بىلەن كۆرۈشمەمسىز؟

- ياق . . . ئاپىڭىزغا دەپ قويۇڭ. مېنىڭ پېشانەمگە «بۇزۇقنىڭ قىزى» دېگەن يوغان تامغا بېسىلدى. بۇ يۈزۈم بىلەن ئائىلەڭلەرگە بارسام، ئابرۇيۇڭلار تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن. بۇندىن كېيىن سىزمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمەڭ!

- چوغلۇق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ - قەدىردان ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئوتتۇرىدا ئەتكەلى بولمايدىغان بوشلۇق ئاستا - ئاستا شەكىللىنەكتە ئىدى.

چوغلۇق گەپ قىلماي، كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، يۈزىنى ئەتكىنىچە ياتاق بىناسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ نېمە دېيەلەيتتى؟ بۇ بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبچىسى يا قەدىردان بولمىسا؟ ئۇنىڭغا نېمىشقا قىيدايدۇ؟ ئۇمۇ چوغلۇقنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك گەپ قىلغىنى يوققۇ؟ كونىلارنىڭ: «ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنىدىن تېز رەنجىيدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە؟ چوغلۇق پەقەت ئۇنىڭغا: «ئۆيىمىزگە ئادەم ئەۋەتىپ قويۇپ، نېمىشقا جىمىپ كەتتىڭلار؟» دېيىشكىلا ھەقلىق. بىراق بۇنداق دېسە قەدىردان ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولغانلىقىنى چۈشىنەرمۇ؟ ئاھ، بۇلارنى چۈشەندۈرۈشكە چوغلۇقنىڭ ئاجىز يۈرىكى چىدىمايدۇ، ھەرگىز چىدىمايدۇ!

قەدىردان مەكتەپ ئالدىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. كېيىن يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچا چىراغلىرى يېنىشقا باشلىدى. ئادەملەر كەچ بازارنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى.

قانداق قىلسام بولار؟ بىر تەرەپتە مېنى پارلاق ئىستىقبال كۈتۈۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈمنى چوغلۇقسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بىراق، ئاپام . . . مۇشۇ ئادەملەردىمۇ غەم- قايغۇ بارمىدۇ؟ قەدىردان يېنىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى.

٩

سىرتتا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئاسماننى قاپلىغان سۇررەڭ بولۇتنىڭ قوغۇشۇن رەڭگىدىكى ئېغىر سايىسى ياتاق ئىچىدە ئەكس ئېتەتتى.

خەمىدە سىرتتىن ۋايىسىغىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە بوسۇغىدا تۇرۇپلا ئايىغىدىكى لاينى سۈپۈرگە بىلەن تازىلاشقا باشلىدى.

- ۋاي خۇدايىمەي، قاچانغىچە ياغار بۇ يامغۇر؟
- كۈزنىڭ يامغۇرى دېگىنە بۇ، - كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان چوغلۇق بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ خەمىدەگە قاراپ قويىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
- ياتاقلىرىمىزنىڭ ھالى بۇ، ئۆتۈپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمىز؟ - دېدى.
- قانداق قىلاتتۇق، كېتىمىز شۇ، - خەمىدە كەڭ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان چوكا چاچلىرىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ، چوغلۇقنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كەلدى.
- نېمە يېزىۋاتىسەن؟
- كۈندىلىك خاتىرە.
- بىزگە بىرەر قېتىم ئوقۇتامىسەن؟
- ۋاي ئوقۇتامدىغان. سەندىن نېمىنى ئايىغان ئىدىم. بىراق ھازىر ۋاقتى ئەمەس.
- شۇنداقمۇ تېخى؟ . . .

خەمىدەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىشىك چېكىلدى. خەمىدە ئىشىكنى ئاچقاچ، كىمنىدۇر ياتاققا باشلىدى.

- چوغلۇق. سېنى بىرى ئىزدەيدىكەن.

50 ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بىر ئايال بوسۇغىدا تۇرۇپ، كۆنلۈكنى قاتلاۋاتاتتى.

- كېلىڭ، - چوغلۇق تەئەججۇپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.
- چوغلۇق سىز بولامسىز؟
- ھەئە.
- مەن قەدىردانىڭ ئاپىسى. سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كېلىۋىدىم. ۋاقتىڭىز بارمىكىن؟

چىرايىدىن ياشلىقىدىكى گۈزەللىكى مانامەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان بۇ ئايال ھەربىر قېتىم سۆزگە ئېغىز ئاچقىنىدا كىشىگە «ياق» دېيىش پۇرسىتى بەرمەيدىغان تەلەپپۇزىغا ئاغزىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن چىشلىرى قوشۇلۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئەيمەندۈرەتتى. چوغلۇق نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئايال تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.

- قېنى ئولتۇرۇڭ.
- ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ.

چوغلۇق ئۇنىڭ ئۆزىدۈلىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، خەمىدەگە مەدەت تىلىگەندەك قاراپ قويىدى. بىراق خەمىدە ئەپسىز ھېس قىلدىمۇ، نېمىنىدۇر باھانە قىلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

- كېلىدىغانلىقىمنى قەدىردان دېگەن بولغىيتتى، قىزىم؟ ئىشقىلىپ مەنمۇ ئالدىڭىزغا بەك تەستە كەلدىم، - ئايال چوغلۇققا قاراپ قويىدى، - تۇرمۇش دېگەن رەھىمسىز بولىدىكەن. بەزى گەپلەرنى قىلسام، كۆڭلىڭىزگە بەك ئېلىپ كەتمەڭ. توي ئۆمۈرلۈك ئىش بولغانىكەن، ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشمەي بولمايدۇ . . . مېنىڭمۇ سىزدەك ياشلىق چاغلىرىم بولغان، يەتكۈچە ئازابمۇ تارتقانىدىم، مانا قاراڭ، ھازىر ناھايىتى بەختلىكمەن، ھەر ئىش بولسا ئۆتۈپ كېتىدۇ . . .
- ھەدە، گەپ بولسا ئەگىتمەي دەۋېرىڭ.

- سىز مەن ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىكەنسىز. سىزدەك بىر قىزنى كېلىن قىلالىغان بولسام، ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتەرگىدىم. شۇڭىنىسى . . .

ئايال يەنە نېمىلەرنى دېدى، بۇ چۈغلۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغانىدى. ئايال بۇ قىزىرىشنى خىجىللىقتىن، دەپ چۈشەنگەندەك قىلاتتى. لېكىن چۈغلۇق غەزەپ-نەپرىتىنى بېسىپ، ئاران ئولتۇراتتى. مەن كىم؟ بۇزۇقنىڭ قىزى، شۇنداقمۇ؟ كىم سېنى، ھەتتا ئېرىڭنى بۇزۇق شەرمەندىچىكتىن خالىي، دەپ ئېيتالايدۇ؟ بۇ خۇددى بىزنىڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى قېرى سېدىنىڭ ئىچىنى ھېچكىم پۈتۈن دېيەلمىگىنىگە ئوخشاش ئىشقۇ؟ بالاڭنى چېكەڭگە تاڭ، لېكىن مېنىڭ غورۇرۇمنى ھاقارەتلىمە. ياق، ياق چۈغلۇق، بۇلارنى دېيىشكە بولمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇ بىر ئانا، خۇددى سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ئانا.

- ئاڭلىسام، قورسىقىدىكى بالىسى ئالتە ئايلىق بوپتۇ.

- نېمە؟ — چۈغلۇق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، - ئالتە ئايلىق بوپتۇ دېدىڭىزما؟ كىمنىڭ بالىسى؟

- قەدىردانىنىڭ بولمامدۇ؟ ئۇ قىز شۇنداق دەيدۇ.

- ئاھ، پەرۋەردىگارىم! ياتاق چۆرگىلەۋاتامدۇ - نېمە؟ - چۈغلۇق بوش شىۋىرلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بېشىدا خۇددى چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز توختاۋسىز پارتلايتتى. دېمەك، ئۈمىدىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆچكەن ئىدى. ئۇ چاندۇرماي دېرىزە ئالدىغا كېلىۋالدى.

سىرتتا زېرىكىشلىك بىر يامغۇرلۇق كۈن ھۆكۈم سۈرمەكتە. چوڭ كوچىدا كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى. چوڭ سۇلياۋ خالتىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ بېشىغا كىيىۋالغان يەتتە-سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالا كوچىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى پاقىلدىتىپ دەسسەپ، ئىككى ياققا چاچراتقىنىچە، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىسىت! مېنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىم بولغانمىكىن؟ نېمە دېگەن غەمسىز. چۈغلۇق ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

- ئەمدى بىزگە شۇ قىزنى ئېلىپ بەرمەكتىن باشقا نېمە ئامال بار دەيسىز؟ بىزنىڭمۇ قىزلىرىمىز بار، خەقنىڭ قىزىنى يىغلاتساق خۇدا راۋا كۆرمەس . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قىز ئاددىي ئادەملەرنىڭ قىزى ئەمەس دەڭە، بىزدە «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەرباب بىلەن» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا قەدىردانىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە. سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنىكەنسىز، ھەر جايدا بەخت تىلەيسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ- يا؟ - ئايال چۈغلۇققا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، - بۇ ئىشنى سىلەرنىڭكىگە ئادەم چىقىرىپ ئاز كۈندىن كېيىنلا ئۇقتۇق. شۇنىڭ بىلەن يا سىلەرگە بىر نېمە دېيەلمەي، يا بۇ قىزدىن قۇتۇلالماي جىمپىلا كەتكەن ئىدۇق . . . كۆڭلۈڭلەرنىڭ ئارامى يوق، ئاران تۇرغاندا، ئەجەب بىر ئىش بولدى بۇ، - ئايال تېخىچە سۆزلەۋاتاتتى. چۈغلۇقنىڭ كاللىسى قۇيقۇرۇق ئىدى. قوشلاپ كەلگەن دەرد - ئەلەم ئۇنى خامۇش قىلىپ قويغانىدى. سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ ئەجەب ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، قاچان كېتەر بۇ خوتۇن؟ بىر قەدىردان ئۈچۈن بۇنچە گەپ كەتسە خۇدايىم ساقلاپ ھېلىمۇ ئىككى قەدىردان بولۇپ قالماپتىكەن. ئۇ تېخىچىلا سىرتقا قاراپ تۇراتتى.

- بۇ گەپلەرنى قەدىردان ئۆزى دېيەلمەيمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن دەي، دەپ كەلدىم. قىزىم،

ئۇنى كەچۈرۈڭ. ئادەم دېگەن ھېسسىياتچان كېلىدۇ، خېلى بۇرۇنلا ئايرىلىپ كېتىپتىكەن، قەيەرلەردە بىللە بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن . . . مەنمۇ ئالدىڭىزدا بەك خىجىل . . .

- نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ - چۈغلۈق ئاستا كەينىگە ئۆرۈلدى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سوغۇق نـۇر چۈغلۈقنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ياتاق ئىچىنى ئىلكىگە ئالغانىدى. قىزنىڭ يۈزلىرىدە قارامتۇل سايە ئەكس ئېتەتتى، - مەنمۇ سىلەرگە لايىق ئەمەس . . . مەن بىر بۇزۇقنىڭ قىزى تۇرسام.

ئـاخىـرقـى سۆزلەر ئاچچىق بىلەن ئۇرغۇلۇق ئېتىلىپ چىقتى. كۆزلىرى چىمىدە ئېچىشىپ، جىيەكلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

- بۇ . . . - ئايال خۇددى ماقۇللىماقچى بولغاندەك، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتتى. ياتاق ئىچىنى خېلىغىچە جىملىق قاپلىدى. ئايال ئوڭايسىز ھېس قىلدىمۇ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

- قىزىم مەن قايتاي، كېيىنچە يەنە كېلەرمەن.

ئـايال خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. چۈغلۈق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تازا يىغلىدى. ئىچى بىرئاز بوشىغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئۇيغا كەتتى.

سوغۇق چۈغلۈقنىڭ مۇرىلىرىنى قورىماقتا ئىدى. ئۇ چاپىنىغا تېخىمۇ چىڭ ئوراندى. قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يالغۇزلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

- خەپ توختاپتۇر، مۇشۇ ئەلەمگە قانداق قىلىمەنكىن؟ خەق كۆرۈپ قويسۇن!

**10**

چۈغلۈق ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى رىتىملىق ئۇردى. ئىشىكنى 35 ياشلار چامىسىدىكى ئالتۇن چىشلىق، زىلۋاغىنا بىر ئايال ئاچتى.

- شەمسىيە دېگەن سىز بولامسىز؟

- ھەئە.

- ئالىمجىنىمكام ئۆيدە بارمۇ؟

- ئىشىڭىز بارمىدى؟ - ئايالنىڭ ھەيرانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر خىل كۆرەڭ ھاكاۋۇرلۇق ئارىلاشقانىدى. ئۇ قىزنىڭ باش - ئايىغىغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە بويىنىنى سوزۇپ:

- ئالىم، سىزنى بىرى ئىزدەپ كەپتۇ، - دەپ توۋلىدى.

- ھە مانا، - ئىچكىرىدىن چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، يۈزىدىن قىـزىللىق كەتمىگەن سالاپەتلىك بىر ئادەم - مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۈغلۈقنىڭ دادىسى ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەلدى.

- چۈغلۈق، سەن . . .

- ھـە دادا، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ - چۈغلۈق ئىشىكنى كىرەدەپ تۇرغان شەمسىيەنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

- پاھ! ئۆيۈڭلار پەيزىغۇ، شۇغىنىسى سەل تارمۇ - نېمە؟ ھە راست دادا، سەن بىلەن پاراڭلاشقىلى كېلىۋېدىم، مېنى ئۆيگە باشلىمايسەنغۇ؟

- ھە جۇر، قېنى ئۆيگە كىر، - دادىسى قىزنى ئۆيگە باشلىغاچ، شەمسىيەگە ئۆتۈنۈش بىلەن.- بىزنى بىردەم يالغۇز قالدۇرسالڭ بوپتىكەن، - دېدى.

- بولىدۇ دادا. ئاۋارە بولما، كېيىمىنىڭمۇ ئانچە مەخپىيىتى يوق، ئۇمۇ، - چوغلۇق قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، سافاغا يۆلەندى، - كۆز ئادەمغۇ.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. پەقەت شەمسىيەنىڭ سېغىز چاينىغاندىكى يېقىمسىز ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

- دادا، مەن توي قىلاي دېگەن ئىدىم.

- ھە، شۇنداقمۇ؟ - ئالىمجان جوزىنى چېكىپ قويدى. چوغلۇق سۆزلىگەچ ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ چىقتى. مېھمانخانا ھەقىقەتەن زامانغا لايىق ياسالغانىدى.

- تويىڭنىڭ ھەممە تەييارلىقى پۈتكەنىدى . . .

- ھە، پۇل لازىم بوپتۇ-دە؟ - شەمسىيە گەپنى بۆلدى.

- ياقەي، شەمسىيە ھەدە، ئالدىراپ گېپىمگە قوشۇق سالمىسىڭىزچۇ!

- چوغلۇق! - ئالىمجان قىزىغا نارازىلىق بىلەن قارىدى.

- كەچۈرۈڭ دادا ... بىراق يىگىت تەرەپ يېنىپ كەتتى.

- نېمىشقا؟ - ئالىمجان چۆچۈپ قىزىغا قارىدى.

- نېمىشقا؟ بۇنى مەندىن سوراۋاتامسەن؟ راستىنلا بىلمەمسەن؟ - چوغلۇقنىڭ ئىچىدىكى غەزەپ-نەپرىتى چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ئۇ سەل مەسخىرە تەلەپپۇزىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - بىلەلمىگەن بولساڭ مەن دەپ بېرەي، سېنىڭ قىزىڭ بولغىنىم ئۈچۈن!

- نېمە؟ سەن . . . - ئالىمجان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

- ئۇكام، ئۇ دېگەن سىزنىڭ دادىڭىز.

- نېمە؟ - چوغلۇقمۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، - ئىشىڭىزنى قىلىڭ! - دەپ ۋارقىرىدى، - سىز بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ دادا ئىكەنلىكىنى بىلگەنمىدىڭىز؟ دادا، مەن دەپ باقە، سەن ئۆزۈڭنىڭ دادا ئىكەنلىكىڭنى، يەنە كېلىپ قانداق دادا ئىكەنلىكىڭنى بىرەر قېتىم ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ دادا، ماڭا ئالايما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئەلۋەتتە، سەن مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكەن ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى بېسىۋالالايسەن، لېكىن مەنچۇ؟ ئىچىمگە يىغىلغان دەرد - ھەسرىتىمنى كىمگە دەپ بېرىمەن؟ . . . دادا، مەن خېلى - خېلىسىنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك، ئايدەك چىرايلىق قىز، شۇنداقمۇ؟ بىراق ھازىر بۇزۇق دادىنىڭ قىزى بولغىنىم ئۈچۈن، بىر پۇلغا يارىماس بولۇپ قالدىم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ - ئالىمجان ئادەتتە مۇلايىم يۈرۈيدىغان قىزىنى، خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى، - ماڭا چەكچىيىسەنغۇ؟ بۇرۇنقى ھۆرمەت قىلىدىغان چاغلار كەتتى. سەن ھۆرمەت قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن! بالىلىرىڭ چوپچوڭ بولۇپ بويىغا يەتتى. بىراق سەن شۇ بالىلىرىڭمۇ قىلمايدىغان قىلىقنى قىلدىڭ. ئاشۇ ئاپئاق چېچىڭ، دادىلىق ھۆرمىتىڭنى قانداقمۇ دەپسەندە قىلغانسەن؟ ئاپام قېرىپ ساڭا يارىماي قاپتۇ - دە، ياش ۋاقتىدا گۈل كۆرۈنگەن بولغىيتتى؟ شەمسىيە دېگەن بۇ نېمىنىڭ چىرايىمۇ چاغلىق ئىكەنغۇ؟ پاھ، كىرىملىرى، چاچلىرىنىڭ پاسونلىرىدىن ئۆرگىلەي. ئۇ سېنىڭ پۇلۇڭنى دېمىسە، سەندەك قېرىنى نېمە قىلاتتى؟ دادا، مېنى ئويلا، بىر تال قىزىڭنى ئويلا. سەن ئۇنى قانداق ئەتىۋارلاپ

چوڭ قىلغان ئىدىڭ؟ . . . بۈگۈن ئۇ بەختسىز بولۇپ قالدى، بەختسىز! ـ ئۇنىڭ ئۈنلىرى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ـ كىمنىڭمۇ ئۆزى ئۆستۈرگەن گۈلنى نابۇت قىلغۇسى كەلسۇن؟ جېنىم دادا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! ـ چوغلۇق دادىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

ـ قىزىم . . . چوغلۇق . . . ـ ئالىمجان قىزىنى ئاستا يۆلىدى. ئۇنىڭمۇ كىرپىكلىرىدە ئىلىنىپ قالغان مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش يۈزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

ـ جېنىم دادا، قايتىپ كېتەيلى، ماقۇلمۇ؟

ـ قىزىم . . .

ـ ھىم، كېتىش ھەددىمۇ؟ ـ شەمسىيە ھە دېمەيلا چوقان كۆتۈردى.

شۇندىن كېيىن چوغلۇق دادىسىنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم كەلدى.

ـ ئاناڭ مېنى كەچۈرەرمۇ؟ ـ دېدى دادا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم.

## 11

يىللىق ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئاخىرقى ئوقۇش يىلى. بىراق قەدىردانىنىڭ پات ئارىدا بولىدىغان تويى چوغلۇقنىڭ خىياللىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

دوستلىرۇم مېنى ياۋاشلاپ كەتتىڭ دېيىشىۋاتىدۇ. راست، دېمىسىمۇ خۇددى بىردىنلا قېرىپ قالغاندەك، ئېغىرلىشىپ كەتتىم. مۇشۇ كۈندە ئۆزۈمنى ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئىلگىرى مەن قانداق ئىدىم؟ ئاھ! دۇنيادا ئوغۇل بالا دېگەن بىرلا قەدىردان بولمىغاندىن كېيىن مەغرۇر يۈرسەم بولمامدۇ؟ مەن تېخى كىچىك، جاھان دېگەن ئۇزۇن، نى بەختلىك كۈنلەر مېنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟ بىراق بۇ دېگەن كۆڭۈل مەسىلىسىدە. مەن ئۇنى نېمانچىلا ياخشى كۆرىدىغان بولغىيتتىم؟ خەق تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ ئوتى قىرىق يىلغىچە، دېسە نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن. بۇ گەپ راستمۇ قانداق؟ بۇ قەدىردان دېگەن نېمە ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمدۇ؟ . . . ۋاي خۇدايىم، بۇ تۇنجى مۇھەببىتىمنى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بىر نەرسىگە بېغىشلىغان بولغىيتتىم؟ ئىسىت زۇلىيار، ئىسىت زۇلىيار! شۇ تۇنجى مۇھەببىتىمنى ساڭا بەرگەن بولسام، بەلكىم بىر ئۆمۈر قەدىرلەر ئىدىڭ؟ ئاھ پەرۋەردىگار، ئۇنى شۇنداق سېغىنىۋاتىمەن. بىراق قەدىردانىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى مۇھەببەت دېگەن بۇ ئوقۇمنى ماڭا تۇنجى قېتىم تونۇتقان ئادەم شۇ. ئەمدى قەلبىمنى، ھەتتا بارلىقىمنى زۇلىيارغا تەقدىم قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ مۇھەببىتىنىڭ شۇ تۇنجى مۇھەببەتتەك پاك، شېرىن ھەم ئۇنىڭدەك جەلپ قىلارلىق بولۇشى ناتايىن. تەكرارلانغان مۇھەببەت، ئەلۋەتتە، تۇنجى مۇھەببەتتەك لەززەتلىك بولالمايدۇ. بۇنداق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بۇ قەدەمنى ئويلىشىپراق باساركەنمەن. تۇنجى مۇھەببەتنىڭ كىشى قەلبىدە قالدۇرغان نەپرىتىمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك بولىدىكەن. تۇنۈگۈن ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلسە، قەستەن چىقمىدىم. نېمىشقا؟ ئەلۋەتتە چىقمايمەن-دە، ئۇ كىمنى ئەخمەق قىلىدىكەن؟ ياخشى كۆرەرمىش تېخى! ھازىر ئۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتىمۇ يات ئادەم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بالىسى بار بىر يات ئادەم. ئۇنى قانچە ياخشى كۆرسەممۇ، ياشاپ تۇرۇپ ئىنسان قىممىتىنى چۈشەنمىگەن ئۇنداق ئادەم ئالدىدا ھەرگىزمۇ غۇرۇرۇمنى پايانداز قىلىپ بەرمەيمەن. ھاياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ لەززىتى شەھۋانىيلىقتا ئەمەس. مۇشۇنداق ئاددىي بىر ئوقۇمنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئەسلىدە ئۇنىڭ قەلبىدە

مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ مېنى ئەمەس، چىرايىمنى، ئىچىمنى ئەمەس سىرتىمنى ياخشى كۆرگەن ئىكەن . . . ئاھ خۇدا! نېمىشقا مېنى بۇنداق مەسخىرە قىلىسەن، نېمىشقا؟ چىرايلىق بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنچە كۆرەلمەپ، ئېگىزگە چىقىۋالمىغان بولسام، ئۆز قەدىر - قىممىتىمنى ھەقىقىي مۇھەببەتتىن تاپقان بولاتتىم. زۇلپىيار قەدىرداندەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك ھەم ئەخلاقلىق. ھاياتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنەلەيدىغان ئوغۇل بالا ئىدىغۇ؟ بولدى بەس. ئۆتكەن كۈنلەر، ئەلۋىدا! ئەمدى، قەدىردان كۈندە بىر ئەمەس، سائىتىدە بىر كەلسىمۇ ھەرگىز ئېرەنمايمەن، ھەرگىز! ئۆلسەممۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەي. ئۆمرۈمدىكى تۇنجى، شۇ ئەزىز مۇھەببىتىم، مەن بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كەتسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قالغۇچە، قارا تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسۇن!

چوغلۇق كارىۋىتىدا كىتابنى مەيدىسىگە قويغىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. كۆزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار چېكىلىرىنى بويلاپ، چاچلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ياق، بۇ يىغلىغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىسۇن.

ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. شۇندىمۇ ئۇ ئاستا ئۆرۈلۈپ، تام تەرەپكە قارىۋالدى.

مەن شۇنداق بىر ياشايكى، كەلگۈسىدە قەدىردان چوقۇم پۇشايمان قىلسۇن . . . ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ داۋامىنى خەمدەنىڭ:

- چوغلۇق! - دەپ چاقىرىشى بۇزۇۋەتتى، - سېنى مەردان چاقىرىۋاتىدۇ.

- نېمە قىلىدىكەن؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئەجەب ئۆچ بولدۇم بۇ قېرى يىگىتكە! - ئۇ كۆز ياشلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا سۈرتۈپ، ئەينەككە قاراپ ئانچە - مۇنچە پەرداز قىلغاندىن كېيىن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە مەردان چوغلۇق بىلەن خەمدەنى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىم كەلگەنىدى.

- بوپتۇ. بارساق بارايلى، چوغلۇق، ئۇ سېنى چۈشەنمىگەن بولسا، ئۆيىگە بۇنداق يۈرەكلىك تەكلىپ قىلالمىغان بولاتتى . . . ئۇنىڭ قانداق يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلمىسەكمۇ مەيلى، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەمدۇق.

- بىراق . . .

- ھە بىراق دەيسەنغۇ؟ - ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ چېچىنىڭ ئالدىغا قىستۇرۇۋالغان چاچ كۆپتۈرگۈچنى ئېلىۋاتقان خەمدە چوغلۇققا ئالىيىپ قاراپ قويدى، - كىچىك ئاپاڭنىڭ ئوغلىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاكاڭغا ئوخشاش دېگىنە، ئاكاڭنىڭ ئاغىنىسى بولغاندىن كېيىن چاتاق يوقتۇ؟

- شۇنداقمۇ دەيسەن، ئوقەتچى-دە، ئىشەنچ يوق، ئاداش.

-خاتىرجەم بوله، مەن بار! كىمكەن ئۇ ساڭا چېقىلىمەن دەيدىغان. بولدى، ئۇنداق نېمىگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!

- ھا . . . ھا . . . ھا . . . - چوغلۇق ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، - مۇشۇنداق يېرىڭنى دېمىسەم جېنىم ئاداش . . .

– نېمە قىلاتتىم سېنىڭدەك نېمىنى دېگىنە!

– ماڭغىنا نېرى! – چوغلۇق سەل رەنجىش بىلەن قولىدىكى تاغاقنى شىلتىپ قويدى، – شۇنداق چۈشەنگەن بولساڭ بوپتۇ.

– ۋاي تاۋى نازۇكەي، بولدى گېپىمنى ياندۇرۇۋالدىم.

ئارىنى بىر پەس جىملىق قاپلىدى. ھەر ئىككىلىسى نېمە دېيىشىمۇ، يەنىلا كەچلىك مېھماندارچىلىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

چوغلۇقنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوقەتچى ئىدى. پات - پاتلا ئىچكىرىگە كېتىپ، ئۆيىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ كىچىك ئاپىسىنى بەك ئەنسىرىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭلار: «ئۆيلەپ قويساق، بېشى باغلىنىپ قالار» دەپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىككى ئاي بۇرۇن توينى قىلغانىدى. چوغلۇق مەردان بىلەن شۇ تويدا تونۇشقان، ئۇنىڭ ئوقەتچى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، تېخى چوڭقۇر چۈشەنگۈدەك بولمىغانىدى. شۇڭا مەردانىنىڭ ئارىلاپ ئىزدەپ كېلىشى، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئۆيگە تەكلىپ قىلىشى (گەرچە مەقسەت چۈشىنىشلىك بولسىمۇ) يەنىلا چوغلۇقنى شۈبھىلەندۈرەتتى.

– مەردانىنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا ئائىلە ئەھۋالى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ. تەكلىپ قويىدىغانلا بولسا غاچچىدە توي قىلىۋال، ئاداش، قەدىردان ئاغزىنى تۇتۇپلا قالسۇن.

– سەن كەچكىچە خەقنىڭ ئىقتىسادىغىلا قارايدىكەنسەن. ئىقتىسادنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟

– ئەخمەق، بۇرۇنلاردا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دەپتىكەن. مانا شۇ زامان يەنە يېتىپ كەلدى. ھازىرچۇ، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، ھەتتا مۇھەببەتنىمۇ سېتىۋالالايسەن. قارايسەنغۇ، مۇشۇ كۈندە ئوقەتچى بىلەن يۈرۈش مودا بولۇۋاتىدۇ، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ كېيىن بىلىسەن. . . قەدىردانىنىڭ ھالىنى چاغلىقمىكىن دەيمەن، سەن بىلەن شۇنچە يىل ئارىلىشىپ، بىزگە بوسۇغىسىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى، ئۇ پەس.

– پاھ، شۇنچە ئويناتقىنى ھېساب ئەمەسكەن - دە؟

– ئۇ بىر نېمىگە تولا چاپان ياپما، قەلەندەرگە ئاشنا بولساڭمۇ، ئۇنچىلىك ئوينىتالايدۇ.

– شۇنداقمۇ؟! – چوغلۇق كۈلۈپ كەتتى.

– ئەلۋەتتە شۇنداق. سەن قەدىرداننى ياخشى كۆرسەن، بىراق مۇھەببەت مەسىلىسىدە، كۆپ چاغلاردا ئادەم دېگىنىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دۇنيا مۇھەببەت بىلەن نەپرەتكە تولغان. مېنىڭچە، ئادەملەر ئەنە شۇ مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئۈچۈنلا ياشىسا كېرەك، چوغلۇق، چېچىمنىڭ كەينىنى ئوڭشاپ قويە.

– ماقۇل، ئاداش . . . ئىلگىرى قەدىردان مېنىڭ نەزەرىمدە مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئاجايىپ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ مەغرۇرلۇقى بىلەن خۇددى ئۇ پۈتۈن ئالەمگە ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ياشاۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتىم. بىراق ئۇ . . . ئۇھ، – ئۇ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن تىنىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، – ئۇنىڭغا شۇنچە قەددى - قامەت بەرگەن ئاللا يەنە نېمىشقا كىچىككىنە، ھېچ بولمىسا تېرىقچىلىك غۇرۇر بەرمىگەن بولغىيتتى؟ بەزى چاغدا ئۇنىڭدىمۇ گۇناھ يوقتۇ، دەپ ئويلايمەن، بىراق ئۇ ماڭا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشى، ھېچ بولمىغاندا چىرايلىقچە كېلىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى

كېرەكتۇ؟ خۇددى مېنىڭ تاماشامنى كۆرمەكچى بولغاندەك، ئاۋۋال ئاپىسىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، كېيىن قىلغانلىرىغا نېمە دەپ كېتەي، ئۆزى تويغا قوپسۇنۇ، يەنە ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ياخشى كۆرەتتىم دەپ، مېنى ئىزدەپ كەلسۇن. نېمىگە ئىزدەپ كېلىدۇ، نېمىگە؟ سارىڭ گۈشباش. ئويلىغۇچىلىكى بولسا مۇشۇ ئىشلارنى قىلامدۇ؟ ئۆزلىرىچە مېنى: «بۇزۇقنىڭ قىزى» دېيىشىۋاتقاندۇ تېخى! ساناپ كەلسە قىلغانلىرىنى كىرانمۇ تارتالمايدۇ. ھاكاۋۇرلارنىڭ. مۇشۇلارنى ئويلىسام، قەلبىمدىكى شۇنچە زور مۇھەببەت بىردىنلا نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. خەقنىڭ ئالدىدا شۇنچە رەسۋا قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالغۇم، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋەتكىم كېلىپ كېتىدۇ. ئۇنى ئويلىساملا، تۇرمۇش ماڭا ئىنتايىن مەنىسىز، ئۆزۈممۇ ئارتۇقچە ئادەمدەكلا بولۇپ قالىمەن. ئىسىت! ئۇ زۇۋانسىز بولۇپ قالسىچۇ، مەن شۇندىلا ئۇنى ئەيىبلىمەس ئىدىم ...

— ھەي چوغلۇق، قاراپباققىنا، چېچىمنى قالايمىقانلا قىلىۋەتتىڭغۇ؟

— كەچۈرگىن، ھېچ قاملاشتۇرالمايۋاتىمەن. بولدىلا ئۆزۈڭ بىر نېمە قىلغىن!

چوغلۇق كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاداش، كۆڭلۈڭنى غەش قىلغان مەن، ئەسلى بۇنداق قىلماسام بولاتتى. بىراق مەن سېنىڭ ئۇنى تېزراق ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى، ئەمەلگە ئاشمايدىغان مۇھەببەت ئۈچۈن، ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە ئازابلىماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— بۇنىڭغۇ راست دېسەن، بىراق مەنمۇ بىر ئادەم، مەندىمۇ غۇرۇر ھەم ۋىجدان بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ، نېمىشقا؟ ... ھېچ بىلمىدىم، مەن نېمانچە تەتۈر پېشانە؟

چوغلۇقنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار ئۈچىسىدىكى ئاپئاق كۆڭلەكنىڭ ئېتەكلىرىگە تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

— كۆرۈپتۇر، ئۇنى ھامان پۇشايمان قىلدۇرىمەن.

خەمىدە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

— بولدى قىل، جېنىم ئاداش، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، تەييارلىق قىلايلى، — دېدى.

— مېنىڭ بارغۇم يوق.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، كۆڭلۈم تارتماي تۇرىدۇ.

— بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. ۋەدە قىلغان ئىكەنسەن، گېپىڭدە تۇر. كىم بىلىدۇ، بۇ تېخى بېشىڭغا قونغان بەخت قۇشىمۇ.

— ناتايىن. بەخت مەندىن يۈز ئۆرىگەنمىكىن دەيمەن.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ؟ بۇرۇن بىر قازاق شائىر مۇنداق دەپتىكەن:

«ئالدىمدا بىر بەخت بار، يېڭى بەخت،
كىم بىلەر بالدۇر ياكى كەچ كېلىشىن».

## 12

مەردان قىزلارنى كۈتۈرۈپ سىلىنغان، چوڭ ھاۋارەڭ دەرۋازىلىق ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

بۇگۈن ئۇ ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە قارا سارجىدىن تىكىلگەن كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان ئىدى. تېگىدىن بىر خىل سېرىقلىق چىقىپ تۇرىدىغان، دۇپپۇگىملەك تولغان يۈزلىرى خۇش تەبەسسۇمدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ قىزلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

- پاھ، ئۆيلىرى قالتىسكەن - ھە، خەممەد؟!

- ھەئە، ھەي نېمانداق سىرلىق، قورۇدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ.

-شۇنى دەيمەن.

قىزلار سەگەكلەشتى.

ھايال ئۆتمەي مەردان چىرايىدىن ياشلىقىدىكى گۈزەللىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان، ئاللىقون چىشلىق بىر ئايالنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

- سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ مېنىڭ ئاپام.

- نېمە، سىزنىڭ ئاپىڭىز؟ - داڭقېتىپ قالغان ئىككى قىز ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

- كەچۈرۈڭلار، ئەسلى بۇرۇنراق دېيەم بولاتتى، بىراق سىلەرنى كەلمەمدىكىن دەپ ئويلىدىم،- دېدى مەردان.

خەممەد چوغلۇقنىڭ قولىنى تۇتتى - دە، «جور» دەپ سىرتقا تارتتى ۋە:

- سىلەر كىمىڭلارنى ئەخمەق قىلماقچى؟ چوغلۇق ئالدىڭلاردا شۇنچىلىك بولۇپ قالدىمۇ؟ بىر توپ ئالۋاستى ئىكەنىغۇ بۇلار! - دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلدى.

بۇ كېچىمۇ چوغلۇق كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزۇۋەتتى. ئىككى قىز بىر ئېغىزمۇ پاراڭ سېلىشمايتتى، پەقەت بىر - بىرىگە سىرلىق قاراپلا قويۇشاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىدە ئوخشاش بىر سوئال خىل - پال ئەكس ئېتەتتى. كىممۇ مەرداننى قەدىردانىنىڭ ئاكىسى دەپ ئويلىغان؟ بىلمىشمىچە، ئۇلار تۆت ئوغۇل ئىدى. ھېلىقى ئىككى ئاكىسىنىغۇ تونۇيمەن، دېمەك، بۇ ... ۋاي خۇدايىمەي، بۇ زادى نېمە ئىش؟ چوغلۇقنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىيتتى.

## 13

كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتمەكتە. يىللىق ئىمتىھانلارمۇ ئاخىرلاشتى. چوغلۇقنىڭ ئوقۇشىمۇ تۈگىدى. يامغۇر ياغقاندا پاتقىقىدىن، شاراپئىتىنىڭ ناچارلىقىدىن زارلانغان بۇ مەكتەپمۇ ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ قالالمايتتى.

خەير - خوش، سۆيۈملۈك مەكتەپ! ئەتە سەن بىلەن خەيرلىشىپ ھېلىقى خىلۋەت يېزامغا كېتىمەن. بەلكىم، ئەمدى سېنى يوقلاپ كېلەلمەسمەن. ئۇنىڭسىزمۇ تالاي ئەسلىمە، بەخت، شادلىق، ئۇنتۇلغۇسىز قايغۇغا گۇۋاھ بولغان قوينۇڭنى، يوللۇرۇڭنى، مەسكەن تۇرقۇڭنى قايتا كۆرۈپ، يۈرىكىمنى ئازابلىغۇم يوق. سەندە قالغان ھىدىم، سايەممۇ ھامان بىر كۈنى سەندىن يوقايدۇ. سەنمۇ مېنى ئۇنتۇيسەن.

چوغلۇق خىيال بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزلىرىنى بويلاپ توختىماي تۆكۈلەتتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان خەممەد چوغلۇققا ياندىشىپ ئولتۇردى. ياتاقتا ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ھەممىسىنىڭ يۈك - تاقلىرى تېڭىۋېتىلگەن. ياتاق ئىچىنى

بىر خىل غېرىبلىق باسقاندى. پەردىلىرى ئېلىنىۋېتىلگەن ئىشىك - دېرىزىلەردىن چۈشىنىپ بولمايدىغان مۇڭلۇق تۆكۈلەتتى.

— چۈغلۇق نېمىگە يىغلايسەن؟ مەكتەپكە قىيمايۋاتامسەن - يا؟ بولدى قىل، تولا يىغلاۋەرمىگىنە. بىكار مەنمۇ يىغلىۋېتىمەن، - چۈغلۇق يەنىلا يىغلاۋەردى. خەمىدە ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭمۇ كىرپىكلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئىلىنىپ تۇراتتى.

— چۈغلۇق، مەن سېنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىڭنى ھەم شۇ خۇش خۇي مىجەزىڭنى ياقتۇرىمەن. بۇنداق غەم - قايغۇ ساڭا ياراشمايدىكەن، ئاداش.

— جېنىم خەمىدە، مېنى سەنلا چۈشىنىسەن. بۇ قېتىم ھەتتا سەندىنمۇ ئايرىلىدىغان تۇرسام، يىغلىماي قانداق قىلىمەن؟

— قىزىقتە سەن. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، دىلىمىز يېقىن. نېمىدىن غەم قىلاتتىڭ؟ بىردىن ئايرىغان خۇدايىم يەنە بىرىنى بېرىدۇ.

— تولا چاقچاق قىلمىغىنا.

— چاقچاق قىلمىدىم. ماڭا قارا، چۈغلۇق. سەن مۇھەببەت يولىدا كۆپ ئازاب چەكتىڭ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساڭا چىدام ھەم غەيرەت ئۆگەتتى. قانداق ياشاش كېرەكلىكىنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىڭ. مانا بۇ بىرنى تارتىۋالغان تۇرمۇشنىڭ يەنە بىرنى بەرگىنى ئەمەسمۇ؟ . . . بىز ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمىز. مۇشۇ مىنۇتلاردا چۈشكۈن تۇرۇشۇڭنى خالىمايمەن. يېقىندىن بېرى ئۆزۈڭنى تاشلاپلىۋەتتىڭ. سېنىڭ ئۆز قىممىتىڭنى چۈشىنىشىڭ شۇنچىلىكمۇ؟ سەن بىر پاك قىزسەن، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولغۇدەك چىرايلىقسەن. بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دەيدىغان قاراش ھەممىمىزنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتتى. سېنىڭمۇ ئاددىيلا بىر ئايال بولۇپ ئۆتكۈڭ بارمۇ؟ مېنىڭچە، بىز ئۆزىمىزنى خەققە تونۇتۇپ قويايلى! يوللار تېخى ئۇزۇن، ھازىردىن باشلاپ ئىشەنچ تۇرغۇزمىساڭ بولمايدۇ . . . ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچېر خانىم ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئىلگىرى پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپلا يۈرۈيدىغان ئاددىي بىر قىز ئىكەن. ئۇ ھەممىلا ئىشتا قابىلىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىدا پەقەت ئىلگىرىلەش بولماپتۇ. كېيىن ئۇ مۇنداق ئويلاپتۇ: ئەرلەر پۇلى، قابىلىيىتى ۋە كۈچىگە تايىنىپ يۈكسىلەلەيدىكەن. لېكىن ئاياللارچۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانداق قىپتۇ، دېمەمسەن؟ ئۆزىگە مەخسۇس بىر كىيىم تىككۈچى بىلەن بىر ساتىراش ياللىۋاپتۇ. ھەر كۈنى ئىشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ ياسىنىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەينى - كەينىدىن نەتىجە قازىنىشقا باشلاپتۇ. . . مېنىڭچە، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قانچە رازى بولسا، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ شۇنچە ئاشىدۇ. قانداق دېدىم؟

— بۇنىغۇ توغرا دېدىڭ، بىراق مېنى نېمە قىل دەيسەن؟

— ئەخمەق، ھېلىقى چاغلاردىكىدەك ياسىنىپ يۈرمەمسەن؟

— قويە بولدى، كىم ئۈچۈن ياسىناتتىم ئەمدى؟

— كىم ئۈچۈن بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭ ئۈچۈن. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. بۇنى قانداقمۇ باشقىلارغا باغلاپ قويغىلى بولسۇن؟ تۇرە ئورنۇڭدىن، ھازىر بېلەت ئالغىلى بارىمىز.

يولدا قەدىردان كۆرسە ئىچىگە ئوت كەتسۇن!

ھەر ئىككىلىسى ياسىنىپ تەقمۇتەق بولدى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن قەدىرداننىڭ ئاپىسى كېلىپ قالدى.

- ئۆزۈڭنى بىسىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باق. نىمە دەيدىكىن؟

- خاتىرجەم بول، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇيۇنىنىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار. سەن يېنىمدا بولمىساڭمۇ، كۆڭلۈمدە بار. ئۆزۈمنى تۇتالايمەن. بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى!

خەمىدە تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى.

- ئەمىسە، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇراي - ھە؟

- ماقۇل.

چۇغلۇق خەمىدەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ياتاققا قايتىپ كىردى. ئۇلار روبىرو ئولتۇرۇشاتتى. ياتاقنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئىيۇننىڭ ئىللىق شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. قىيپاش چۈشكەن قۇياش نۇرى ياپراقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ياتاق ئىچىگە شۇڭغۇيتتى.



- بىلىپ تۇرۇپتىمەن، قىزىم. سىز مېنى شۇنداق ھىيلىگەر، يامان خوتۇن كۆرۈپ قالدىڭىز. بىراق مەندىمۇ نىمە ئامال؟ ئانا دېگەن بالا ئۇچۇنلا ياشايدىغان ئىنسان ئىكەن . . . بالا بىر ئوتتا كۆيسە، ئانا مىڭ ئوتتا كۆيىدىغان گەپكەن. بۇنى دېگىنىم بىلەن بېشىڭىزغا كەلمىگەندىن كېيىن بىلمەيسىز . . .

ئاۋۋال سىزدىن قايسى كۈنكى ئىش ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن...

ئايال چوغلۇقتا قاراپ قويدى.

— مەردان توغرىلىق ئاڭلاپتىكەنسىز... ئېيتسام گەپ تولا. مەردان ئوغۇللىرىمنىڭ ئۈچىنچىسى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئايالىنى ئۆلتۈردى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان. كۈندەشلىك تۇتسا ئادەم نېمىنى قىلمايدۇ، دەيسىز؟ دېمىسىمۇ ئايالى بەك چىرايلىق ئىدى. ئوغلۇمنىڭ مىجەزىگە يارىشا، ئۇ ئايالنىڭ ئويۇنچىلىقىنى دېمەمسىز. بىر كۈنى ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن قىيا-چىيا چىقىپ كەتتى. يۈگۈرۈپ كىرسەك، كېلىنىمىز قانغا مىلىنىپ يەردە يېتىپتۇ. ئوغلۇممۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كېيىن، ئۇنى ئۈچ يىل تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، دەلىل-ئىسپات تولۇق ئەمەس، دەپ قويۇپ بەرگەن. تۈرمىدىن چىقىپلا بۇ يەردە يۈرۈشتىن خىجىل بولدىمۇ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن... كەلگىنىگە تېخى يېرىم يىلمۇ بولمىدى. نېمە تەقدىر كىن تاڭ؟ قەدىردان ئىككىڭلار ياخشى چاغدا رەسىمىڭىزنى كۆرۈپ، سىزنى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىغا ئوخشىتىپ، نەچچە كۈن يىغلىغان ئىدى. كېيىن سىلەر ئايرىلىپ كەتتىڭلار، ھەي، بۇ مەردانىمىزە... رەسىمىڭىزنى كۆرۈپلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، كېيىن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار، بۇنى بىلمىدىم... شۇنچە نەسىھەتلىرىمگىمۇ قۇلاق سالماي، ھېلىقى كۈنى سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپتۇ... مەندىمۇ نېمە چارە؟ بالىلارنىڭ رايى شۇ تۇرسا... شۇ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ مىجەزى يوق. يۈرىكىدىكى دەردىمۇ ياكى تۈرمە ھاياتىنىڭ يالدامىسىمۇ، بىچارە بالام روھىي جەھەتتىن بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ ئېغىر ئالىدىغان بولۇپ قالدى. جېنىم قىزىم... — ئايالنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، — ئۇنىڭ ھالى بەك خاراب. كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. جۆيلۈپ ياتقىنى ياتقان... ماڭا ياردەم قىلىڭ. بىر يۈرەك پارەم بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمىسۇن، — ئايال يېشىنى سۈرتۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەم، — چوغلۇق سوغۇق كۈلۈپ قويدى، — كەچۈرۈڭ، بۇنداق ياردەم مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىگۈدەك.

— سىز... — ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى، — قەلبىڭىزدە ئازراقمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك يوقمۇ، قىزىم؟

— بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ مەن ئىتلار تالىشىپ يەيدىغان سۆڭەك ئەمەس. لېكىن سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ماڭا ئادەمدەك مۇئامىلە قىلدىڭلارمۇ؟ بىرەر قېتىم ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئادەم قانچە ئاق كۆڭۈل بولسا، شۇنچە زىيان تارتىدىغان گەپكەن. سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆزۈڭلارنى ئويلىغان يەردە، مەن بىر ئادەم ئۆز مەنپەئىتىمنى كۆزلىسەم بولمامدىكەن؟

— بۇنچىلىك دەپ كېتىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ياردەم بېرەلمەيمەن دېگىنىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى، — ئايال ھاكاۋۇرلۇق بىلەن پېشىنى قېقىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى، — ئۇمۇ سىزسىز ئۆلۈپ قالماس.

— توختاپ تۇرۇڭ، ھېچكىم باشقىلار ئۈچۈن ياشاپ بەرمەيدۇ. مەنمۇ پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلا ياشايمەن، خالاس. ئۇمۇ شۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، پېشانىسىگە ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ

تۇسۇپ قالالمايمەن. ئۇغلىڭىزغا دەپ قويۇڭ. ئىرادىسىز ئادەمنى تۇرمۇش مەڭگۈ كۆزىگە ئىلمايدۇ. . . سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىگە بەخت تىلەيمەن. خوش ئەمىسە، ئۇزاتمىدىم.

-ھىم، - ئايال دىمىغىنى سوغۇق قىقىپ قويۇپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئىشىكتىن مەغرۇر چىقىپ كەتتى.

## 14

شەھەرلىك قاتناش بېكىتىنىڭ ماشىنا كۈتۈش زالى. ئادەملەر مىغىلدايتتى. چوغلۇق بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنى خەمدە ئۇزىتىپ چىققانىدى.

-چوغلۇق، مانا ئەمدى ئەسلىڭگە قايتتىڭ. بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. كۆلگەندىمۇ راسا كۈلۈش، يىغلاشقا توغرا كەلسىمۇ قانغۇچە يىغلاش كېرەك، دەيدىغان ئۇزۇڭتىمغۇ. مەنمۇ بۇ سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. بىرىپلا ماڭا خەت ياز، مەنمۇ ساڭا خەت يازىمەن.

-ماقۇل. راست ئاداش، ئەتىگىچە مەردانىنى بىر يوقلاپ قوي. مەنمۇ ئەمدى كەتسەڭ ئۇنى كۆرەلمەيسەن. بىچارىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. ئاپىسىنىڭ دېگىنىمۇ راستتۇ. ھېچ بولمىغاندا تەسەللىي بېرىپ قويارسەن.

-خاتىرجەم بول ئاداش، ئۇنداقلار ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

-نېمىلا بولمىسۇن، مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا قاراپ قويۇشتى.

-ھە راست، چوغلۇق، بېرىپ، پۇرسەت بولسا زۇلپيارنى قايتىدىن تېپىۋال.

-ئەمدىسا؟ - چوغلۇق ھەسرەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. كۆزلىرىدە چەكسىز پۇشايمان داۋالغۇيتتى،- ئەمدى كېچىكتىم. ھازىر ئۇنىڭمۇ يۈرگىنى بار.

-شۇنداقمۇ؟

ھەر ئىككىلىسى جىمىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا قوزغالدى.

-خوش.

- خوش ئەمسە.

ھەر ئىككىسىنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئەگىگەن ياش چاناقلاردا مەرۋايىتتەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

- خوش! - چوغلۇق ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن شەھەرگە قايرىلىپ قارىدى،- خەيرى - خوش، گۈزەل شەھەر.

چوغلۇق يول بويى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە قالدى. ئاپامغۇ رايىش ئايال، ئۇنىڭغۇ قايىل قىلارمەن. شۇغىنىسى ھېلىقى دۆرەك تاغام قانچىلىك سەكرەپ كېتەر؛ نېمىلا بولمىسۇن، دادامنى قايتۇرۇپ ماڭدىم. قالغىنىنى باشقا كەلگەندە كۆرمەمدىمەن.

چوغلۇق مەھەللىگە كېلىپلا بىر نەچچە چوڭ ئايالارنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىملىققا چۆمگەنىدى. چوغلۇقنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىمۇ يەرگە قارىغىنىچە سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. ھېچكىممۇ بالدۇر ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. دەل شۇ ئارىدا ھويلىدا بىردىنلا غەۋغا كۆتۈرۈلدى-دە، ھېلىقى تاغىسى گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە:

- ھەي، ئالىم دېگەن ۋىجدانسىز، بۇ كۆيگە قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ؟ - دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ چوغلۇقنىڭ دادىسىغا ئېسىلدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتى.

-قۇربان ئاكا، دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر.

-كىمكەن ئۇ سېنىڭ داداڭ؟ ئۇ بىر قارا يۈز چوشقا!

-بولدى قىل، جېنىم قۇربان ئاكا. ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام!- چوغلۇق بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئارىغا كىردى، - ئۇ مېنىڭ دادام!

چاۋگىدە قىلىپ تەگكەن بىر كاچات چوغلۇقنى سوپا ئۈستىگە پوككىدە چۈشۈرۈۋەتتى. يۈزى كۆزى بىلەن قوشۇلۇپ لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىر قۇلىقى ۋاڭگىدە قىلىپ، ئېتىلىپ قالغاندەك بىرقىسىملا بولۇپ كەتتى. ئالەم خۇددى چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

-قۇربان! - چوغلۇقنىڭ دادىسى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

-نېمە دەيسەن؟ ماڭا ۋارقىرايسەنغۇ، كۆرگۈلۈكۈڭنى بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام! - قۇربان دىۋەيلەپ كېلىپ، ئالىمغا ئېتىلدى.

-توختا! - چوغلۇق يۈگۈرۈپ قوپۇپ، قۇربانغا ئېسىلدى، - سېنىڭدەك نېمىگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!

-نېمە؟! - ھەممەيلەن خۇددى قېتىپ قالغاندەك چوغلۇققا تىكىلىپلا قالدى.

-ئۇنى مەن ئەكەلدىم. گەپ بولسا قېنى ماڭا دە، ئاۋۋال ماڭا تېتىمامسەن، كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرسەت، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن دادامغا ئېسىل. راست، ئۇنىڭ ساڭا كېرىكى يوق. لېكىن ماڭا كېرەك. بىزگە دادا كېرەك. سەن بىزگە دادا بولالامسەن؟ بىزنى ئۆزۈڭنىڭ پۇشتى دېيەلەمسەن؟ سېنىڭ بالىلىرىڭ سېنى «دادا» دەر، سەن ئۇنى قوغلىۋەتسەڭ، بىز كىمنى «دادا» دەيمىز. دېگىنە قېنى؟ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، قايسىڭ كېلىپ بېشىمىزنى سىيلاشقان ئىدىڭ؟ مېنى خەق دادىسى يوق دەپ كۆزىگە ئىلمىدى. خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندىلەرچە تاشلىۋەتتى. بىگىڭ بولسا مۇشۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ باقامسەن؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بايا ئەجەب گۇركىرەپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدى، زوۋانىڭ ئۆچتىمۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى، ئۇلار بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشتى. ئەمدى بېقىش نۆۋىتى بىزگە كەلدى. دادامنى قوغلىۋېتىش سېنىڭ ھەددىڭ ئەمەس، بىزگە ئاتا - ئانا كېرەك. ئاڭلاۋاتامسەن؟ بۇتتەك تۇرىسەنغۇ؟ سېنىڭ كېرىكىڭ يوق. يوقال كۆزۈمدىن، يوقال!

قۇربان ئاچچىقتىن خۇددى بەزگەكتەك تىترىدى. كېيىن ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى- دە، كۆزدىن غايىب بولدى. چوغلۇق ئۆزىنى باسالماي تېخىمۇ قاتتىق ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىپ، قىزىنى قۇچاقلىدى.

15

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دەل 5 - ئاي مەزگىلى ئىدى.

كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇنئاي پۈتكۈل كائىناتقا سېھرىي قۇدرەت ئاتا قىلغانىدى.

كۈن نۇرلۇق ئۈستەل چىرىغى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان قەلەم تۆۋەندىكى قۇرلارنى قەغەز يۈزىگە

تۆكمەكتە:

«قەدىردان دوستۇم خەمىدە، كۆڭلۈمنى خاتىرە يازمىغىنىمغا ئۇزاق بولدى. بۇ يازغۇدەك ئىشنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، نېمىسىنى ئېيتاي؟...

ئاڭلا دوستۇم!

بۈگۈن سەھەرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدىم. ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ كەلگىنىمدىمۇ، تېخى ھېچكىم ئىشقا چۈشمىگەنىدى. ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ گۈلنار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئىدۇق. ئىلگىرى ئۇ ناھايىتى ئاددىي قىز ئىدى. ھازىر شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇكى، تونۇيالماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

-ھوي، بۇ چۈغلۇقمۇ؟

مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم.

-ۋېيەي، سەنمىدىڭ گۈلنار، ياخشىمۇ سەن؟

-ئۆزۈڭچۇ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن؟

-كادىرلار ئىدارىسىگە كېلىۋېدىم.

-يۆتكىلەي دەپسەن-دە؟

-نەدىكىنى، تېخى ئىش كۈتۈپ يۈرۈيمەن.

-نېمە دەيدىغانسەن، ئوقۇش پۈتتۈرگىنىڭگە خېلى بولغاندۇ؟

-ئىككى يىل بولاي دېدى.

-ۋاي خۇدايىمەي، تەلىيىڭ تازىمۇ كاج ئوخشىمامدۇ؟ بىز مانا ھېچيەردە ئوقۇمايلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەتتۇق.

بۇ گەپ غۇرۇرۇمغا شۇنچىلىك تەگكەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. بۇ ئىككى يىلدىن بېرى بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپمۇ قالغاندىم.

-قەيەردە ئىشلەۋاتىسەن؟

-ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا. شتاتىمۇ ھەل بولۇپ قېلىۋېدى. بۈگۈن رەسمىيەت ئۆتەشكە كېلىۋېدىم.

-ھە، مۇنداق دە. راستىنلا تەلەيلىك ئىكەنسەن، - يالغاندىن كۈلۈپ قويدۇم، ئەمما ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ كۈندە بەك نازۇكلىشىپ كەتتىمىمۇ، ئارتۇق كەتكەن بىر ئېغىز گەپنىمۇ كۆتۈرەلمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئاردا گەپمۇ تۆگمەندەك قىلاتتى. ئىككىمىز خوشلىشىپ ئۆز يولىمىزغا كەتتۇق. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تاكى چېكىلىرىگە قەدەر تارتىپ ياسالغان قىيغاچ قاشلىرىدىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان مەغرۇرلۇق خېلىغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

كادىرلار ئىدارىسىگە كىرگىنىمدە، يۇمۇلمايدىغان كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ھىڭگايغان سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئادەم كۆزەينەكنى ئۈستىدىن قاراپ قويغاندىن كېيىن:

- كېلىڭ! - دەپ، ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان يۇلەنچۇكلۇك ئۇزۇن بەلدىكنى شەرەت قىلدى. ئۇ يەردە تاكى چۈشكىچە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىر ئېغىز گەپكىمۇ ئىگە بولالماي، ئۆيگە

قايتتىم.

مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن بېرى مائارىپ ئىدارىسى بىلەن كادىرلار ئىدارىسىگە تولا قاتراپ، ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالايلا دېدىم. قەيەرگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. ساڭا قارايدىغان ئادەممۇ يوق. كادىرلىققا ئىمتىھان بېرىڭ، دېيىشىدۇ تېخى! قانچە قېتىم ئىمتىھان بەرسەكمۇ يەنە ئوخشاشلا. ھەيران قالىدىغىنىڭ ئاجايىپ بىر سىرلىق ئېقىم. خۇددى «سۇ سايغا، پۇل بايغا» ئاققاندەكلا بىر ئىش، تورۇپلا ئويلاپ قالىمەن: قايسى بىر شورلۇق كۈنى تۇغۇلغان بولغىيتتىمكىن تاڭ؟ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ماڭا يانچۇقىدىن ئاش - نان ئېلىپ بېرىدىغاندەك نېمانچە قىلىشىدۇ؟ دادام بولسا، 30 نەچچە يىللىق ستاژغا ئىگە زىيالىي، يەنە كېلىپ بىرمۇ بالىسى ئورۇنلاشمىغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن زىيالىيلار سىياسىتىدە دەل دادامدەكلەرنىڭ بىردىن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان پرىنسىپ بار، دەپ ئاڭلايمەن. بىراق بۇنىمۇ خۇددى كادىرلىق ئىمتىھانىغا ئوخشاش بىر رەسمىيەتمىكىن دەيمەن. مۇشۇ كۈندە ئەمەلدارلارمۇ ئاجايىپ ئۇستا بولۇپ كەتتى، ئەگەر قىلغان ئىشىدىن بىرەر تىۋىش چىققۇدەكلا بولسا، قىلغان ئىشىغا «زىيالىيلار سىياسىتى» دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق قالپاقتىن بىرنى كىيگۈزىدۇ - دە، شاپپىدە ئىشنى توغرىلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سودا يەڭ ئىچىدە پۈتىدۇ - دە، ھەر كىم ئۆز ئىشىنىڭ پۈتكىنىدىن خوش. قېنى، نوچى بولسا، مۇشۇ كۈندىكى باشلىقتىن بىرەرى، «مېنىڭ ئېلىم پاك» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىپ باقسۇنا؟ مەن شۇنداق ئادەمنىڭ جامالىغا بىر قېنىپ قاراۋالاي. بۇنداق دېسەم، ھەقىچان «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دەۋاتقانسەن. بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن؟ تالاي رەت ئويلىغان. بىراق دادامنىڭ ئايال تونۇشلىرى كۆپ بولغان بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئۈلپەت بولۇپ باقماپتىكەن. ئىش بۇنداق تۇرسا، كىمگە بېرىپ يالۋۇرسەن؟ بۇ باشنى قايسىبىر تۆشۈككە پېتىنىپراق تىققىلى بولسۇن؟

خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش باش - ئۇچىنى تاپقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چىرمىشىپ كەتكەن بۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قورغىنىنىڭ (بىزدەكلەرگە نىسبەتەن) قايسى بىر ئىشىكىنى چەكمە، «پۇل» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايسەن، بىراق ھەر ئىشنىڭ ئېپى كەلمىسە، ئۇنى خەقنىڭ ئالدىغا دوققىدە قىلىپ قويغىلى بولمايدىكەن.

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ ئىشلارغا نېمىمۇ دەيمەن؟ شۇنچە يىلدىن بېرى نېمىشقىمۇ ئوقۇغان بولغىيتتىم؟ ئىلگىرى ئوقۇغان ئادەم يەردە قالمايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ئاتا - ئانامنىڭ تاپقىنىنى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بۇنداق ئىشقا چاچماس ئىكەنمەن. توۋا دەيمەن، ھۆكۈمەت نېمىشقا بۇنداق ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويىدۇ-يۇ، يەنە نېمىشقا شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىگە بولمايدۇ؟ . . . كۆزۈم ئېچىلماي، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرگۈچىلىكىم بولمىغان بولسىدى، بۇنچە ئەلەم تارتماس ئىدىم. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كاللامدا تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار ھۆكۈم سۈرىدۇ.

باشلىقنىڭ بالىلىرى ياكى يېقىنلىرى نېمىدېگەن تەلەيلىك. ئۇلارغا ئىش دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ. ھايات، تۇرمۇش ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى گۈزەل. لېكىن بۇ جاھان مەن ئۈچۈن ناھايىتى تار، ھەتتا پۇت تىققۇدەكمۇ ئورۇن يوق. خۇددى كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن يېتىم بالىدەكلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

خىزمەت، شتات دېگەن نەرسىلەر زادى قانداقتۇر؟ تەمىنى تېتىپ باققىلى بولسىدى، ئېلىپلا

يۈتۈۋېتەتتىم. زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. باشلىقنىڭ سايىسىنى ئايدا بازارغا ساپتۇ دېسىمۇ، چىقىپ سېتىۋالغۇدەكلا يەرگە يەتتىم.

شۇ خىياللاردا كېتىۋاتسام كەينىمدىن بىر كىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چۇغلۇق! — كەينىمگە ئۆرۈلمەي تۇرۇپلا يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ كەتتى. كۆڭۈلنىڭ ئۇلۇغلۇقى راست بولسا كېرەك. ئەسلىدە مېنى توۋلىغان قەدىردان ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ بەكلا ھودۇقۇپ كەتتىم.

— ياخشىمۇسىز؟ — ئارانلا شۇنداق دېيەلىدىم.

— ياخشىمۇ سىز، قاچان كەلدىڭىز؟

— ئەتىگەن، سىزچۇ؟

— بىز تۆۋەنگە چۈشكەن، كەلگىنىمگە بىر ئايچە بولۇپ قالدى.

— شۇنداقمۇ؟ — نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قارىغۇم يوق. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن!

— ھە، ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، — ئۇنىڭ ئالدىدا ئابرويۇمنى چۈشۈرگۈم كەلمىدى. پونى قارىسىغىلا ئېتىۋەردىم،— ئۇلار مېنى ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىغا تەقسىم قىپتىكەن، مەن ياقتۇرماي تۇرۇۋاتىمەن.

— ئاۋۋال ئىشلەپ تۇرۇپ، شتات ئېلىنىۋالغاندىن كېيىن، يۆتكىلىپ كەلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

— ئۇنىغۇ شۇ، بىراق ئاۋۋال يولىنى قىلغاچ تۇراي دەيمەنغۇ؟

— ئەمدى بىز كەلدۇق. كەتكۈچە مېنى ئىزدەڭ، ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، يولۇمنى مېڭىۋاتقانلار بار.

— ئەمىسە بوپتۇ، — نېمىشقىدۇر ئۇ بىر قىسمىلا كۈلۈپ قويدى. كۈلكىسىگە سەل - پەل مەسخىرە ئارىلاشقاندەكمۇ قىلاتتى، يەنە تۇرغۇدەك تاقىتىممۇ قالمىدى. يۈزۈم لەپپىدە ئوت ئېلىپ، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ كەتتى. يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەكلا ھالغا يېتىۋاتاتتىم.

— خوش، — دېدىم-دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم.

— توختاڭ، چۇغلۇق، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى.

— ئەمدىما، ھاجىتى بارمۇ؟

— ھاجىتىغۇ يوق، شۇندىمۇ ئۆتكەن ئىشلارغا چۈشەنچە بېرىشىمگە بولار؟

— ئۆز ۋاقتى بولسىغۇ مەيلىدى. ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ. ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادىمىم بار، خوش ئەمىسە، — دېدىم - دە، پېشىمنى قېقىپلا كېتىپ قالدىم.

ئېيتقىنا دوستۇم، مەن كىمگە كۆڭۈل بۆلىمەن، كىمگە؟ كىممۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى؟ زۇلىيارمۇ؟ ئۇ ئۆتكەن ئىشلار، ئۇمۇ ئەمدى ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىملا ئۇچراتتىم، تۈزۈك پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدۇق. ئوبدان بولدى. ئۆز ۋاقتىدا قىلغانلىرىم ئەمدى ئۆزۈمگە يېنىۋاتسا كېرەك؟ مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ئىللىقلىقىنى زەررىچە ھېس قىلىپ باقمىدىم. ياشاۋاتىمەن دېيىشكە توغرا كەلسە، قوياشنىڭ ئىللىق

نۇرى ئۈچۈن، ئاتا - ئانام ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن، خالاس. مەنمۇ باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھتاج. لېكىن ھازىرقى مۇھەببەتمۇ مال - دۇنيا ۋە سېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭغا بېقىپ بولىدىكەن. ھېچكىم سېنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىڭ ۋە ساپ قەلبىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن. گۈزەل چىرايمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئارا بولالمايدىكەن.

راستىنى ئېيتسام، قەدىردانىنى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدىم. كۆرۈپ مۇرادىمغا يەتكەن، قەلبىمگە ئازغىنا تەسەللىي تاپقان بولسامۇ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمدىن تۇغۇلغان نەپرەتنى بېسىپ قالالمىدىم. يىللار مېنى تاۋلىدى ھەم تاۋلاۋاتىدۇ. ھازىر ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالدىم. لېكىن قەدىردانىغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىمدىن تېخى يانغىنىم يوق. ئەكسىچە شۇنداق بىر ئىرادە - غەلىتە مەقسەت كۈندىن - كۈنگە چىڭىپ ھەم روشەنلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، كەرىمە نادىرنىڭ ھېلىقى «سامان يولى» دېگەن رومانىنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن. بەلكى بىر كۈنلەردە قەدىردانىمۇ ماڭا چەكسىز ئۆكۈنۈش بىلەن تەلمۈرۈپ قالار.

بۈگۈن گەرچە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، ماڭا ھەممىلا نەرسە خۇددى كەچ كۈزنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرىدەكلا سۈرۈن كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭدەك بەختسىزدىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە شۇنچە خۇشالدۇ؟ بايكارنىڭ موككىسىدەك غورقىراپ ئۆتۈۋاتقان كىچىك ماشىنىلاردا ئاللىكىملەرنىڭ مەغرۇر چىرايى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە دەردمەنلەرنىڭ ھالى دەيدىغان كىچىككىنە ئۇقۇم مەۋجۇتمىدۇ؟ ھەيتاڭەي، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ ئورنىلا ھەقاچان. كىممۇ يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن كەتمەننى ئوڭ - تەتۈر چاپمايدۇ، دەيسەن؟ ھېلىمۇ خۇدا ئۆلۈم دېگەن نەرسىنى يارىتىپتىكەن. قانچە قىلساقمۇ، كىمنىڭ قولىدا قالغان جاھان دەيسەن بۇ؟ كونىلار: تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇنى بەك يامان دېيىشىدىكەن. پاھ، بۇ قاراڭغۇلۇق نېمىدېگەن ئۇزۇن! مەن تاڭنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

شۇ خىياللاردا ئىشىك ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا يولغا قاراپ قىيپاش ئۆسكەن شېرىن گۈلنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىمچە، بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم.

ئاھ خۇدا! ئىشىنىڭ يولى نەدىدۇر؟ كاللامدا غەلىتە بىر خىيال غىل - پال ئەكس ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە بۇ خىيالدىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدتەك بىلىنىۋاتىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم. تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىڭدا ھەرگىز مەندىن يىرگەنمە. سەن بەلكى ھېلىقى ساپ نىيەت، ئاق كۆڭۈل چوغلۇق ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشۇڭ، ياش تۆكۈشۈڭ مۇمكىن. سەن قانچە ئاق كۆڭۈل بولساڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىدىكەنسەن. چۈنكى سەن كىشىلەر نەزەرىدە ئەخمەقتە. ياشاشنىڭ ئۆزى جەڭگە ئوخشايدىكەن. كونىلار «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن. شۇ تاپتا مەن ياشاش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان ئادەم ئەمەس، بەلكى ياشاش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. مۇھتاجلىق نېمىنى قىلغۇزمايدۇ؟

ئۇزاق بولدى، دادامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن

جىمغۇرلىشىپ كەتتى. خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا قالغاندەك دائىم ھارغىن يۈرۈيدۇ. بەلكىم بىر مەزگىللىك ھېسسىياتقا تايىنىپ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن، ئالدىمىزدا خىجىل بولسا كېرەك. بۇنداق بولغاندىن كېيىن مەنمۇ ئېھتىياجىم، خىزمىتىم توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئارتۇق بىر نېمە دېمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ يوشۇرۇن خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى ئۇقتۇق. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئاياشقا توغرا كېلىدىكەن. ھەتتا بەزى چاغدا ئۇ ماڭا ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىمەن. بۇ بەختسىزلىكىمنىڭ تۈپ سەۋەبچىسى ئۇ ئەمەستە. ئۆز ۋاقتىدا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كەتكەن بولسام، بارلىق ئازابتىن بىر يولى قۇتۇلغان بولاتتىم. ئاپامنىڭ ھالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، توت ئادەمنىڭ ئالدىدا گېپىنىمۇ جايلاپ قىلالمايدۇ. ئاكام ھېلىقى كەتكەنچە ئىچكىرىدىن تېخى قايتقىنى يوق. يەڭگەمغۇ ئەرگە سادىق، خۇدانىڭ ئەڭ مۆمىن بەندىسى، مانا شۇنداق شارائىتتا باشقىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم...

بىزنىڭ بىر شىرەم تۇغقىنىمىز بار. ھازىر ئۇ قايسىبىر ئىدارىنىڭ جۇيجاڭى. ئۆتكەن بىر كۈنى كادىرلار ئىدارىسىدىن چىقىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «جۈرۈڭ، بۆلۈمگە كىرىڭ، بىردەم پاراڭلىشايلى» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق بىر مۇڭدىشىشقا زار بولۇپ يۈرگەن مۇشۇ كۈندە بۇنداق گەپلەر مەن ئۈچۈن تېپىلمايدۇ - دە...»

چوغلۇق قەلەمنى قويۇپ ئىختىيارسىز خىيالغا كەتتى. بىر چەتتە ئاكىسىنىڭ ئوغلى نىجات بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

چوغلۇقنىڭ كۆز ئالدىدا باداڭ قورساق بىر گەۋدە ئاستا - ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى:

- شۇنداق چىرايلىق قىز تۇرۇپ، بىكار يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىۋاتامسىز؟

- كىم شۇنداق دەيدۇ؟ - چوغلۇق پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، شەلپەردەك قىزاردى.

- قايسى كۈنى دادىڭىزنى كۆرگەن ئىدىم، شۇ چاغدا ئاڭلىدىم. ھەي ... راستىنى ئېيتسام، سىزگە كۈچلۈك تىرەك بولمىسا، ئىشلىرىڭىزدا ئۈمىد يوق. جەمئىيەتتە سىزدەكلەر ئاز ئەمەستە.

- لېكىن مېنىڭ تەلىپىممۇ يۇقىرى ئەمەسقۇ؟

- شۇنداقمۇ دەيسىز، يىغىپ كەلگەندە ئادەم جىق، بۇ كۈندە پۇل بىلەن ھوقۇق بولمىسا جان باققىلى بولمايدۇ.

- بولدى، قانچىلىك پۇل بولسا بىز بېرەيلى. سىز بۇ يولۇمنى راستىنلا مېڭىپ بېرەمسىز، رەپقەت ئاكا؟

- ھوي، ئۇنداق دېمەڭ. بىز دېگەن ئۆز تۇرساق، ھايتلا دەپ قويسىڭىز ئىشلىرىڭىزنى ڧاچچىدە توغرىلىۋەتمەمدۇق؟

- راست، - چوغلۇق كۈلۈپ قويدى، - سىز دېگەن جۇيجاڭ تۇرسىڭىز، بۇنچىلىك ئىش دېگەن قولىڭىزدىن كەلمەمتى؟

ھەر ئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

- بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، سىڭىل. ھە راست، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، بىر نەچچىمىز بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېگەن، بارامسىز؟ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپمۇ قالغانسىز؟

- بۈگۈن بولماسمىكىن؟

- ئىشقىلىپ ئويلىشىپ بېقىڭ. بىزنىڭ بىر ئاغىنە ئىنىمىز بار ئىدى. سىزنىڭ گېپىڭىزنى بەك قىلىدىغۇ، - رەپقەت ھەييارلىق ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ، چوغلۇققا قارىدى. چوغلۇق دەسلەپ رەپقەتكە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى - يۇ، يۈرىكى نېمىندۇر تۇيغاندەك ئەنسىز سېلىپ كەتتى. يۈزلىرىمۇ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك گەپنى يۆتكەپ:

- بۈگۈن راستىنلا بولمايدىكەن، رەنجىمەڭ - ھە، - دېدى. چىرايىدا بولسا ئازابلىق كۈلكە جىلۋە قىلاتتى.

- ھە، ھېچقىسى يوق، بۇندىن كېيىن پۇرسەت دېگەن كۆپقۇ، - رەپقەت ياسىداق بۆلۈمنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ھەدىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ باقمىدىم. قارىماققا خۇشال كۆرۈنگىنىم بىلەن دەردىم تولا، ھەي!-

ئۇ بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئارىنى ئېغىر جىملىق باستى. چوغلۇق ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمگە يەر ئاستىدىن سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېشى 35 لەر ئەتراپىدا ئىدى. يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى سېمىزلىكتىن ساڭگىلاپ كەتكەن بولسىمۇ، قويۇق قاشلىرى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا يەنىلا ئەرلەرگە خاس سېھرىي كۈچ بېغىشلاپ تۇراتتى.

«بىچارە!» چوغلۇق تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇندىمۇ ھېلىقى ئاغىنە ئىنىسى بىلەن «كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ باقمىدىم» دېگەنلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلدى.

ئىلگىرى چوغلۇقنىڭ ئانچە خوشى بولمىسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ ئۇنى كۆرسە ھالى قالمايتتى. شۇڭا ئۇ ئاغزىدا بولسىمۇ «ۋاي، رەپقەت ئاكا» دەپ قوياتتى. بۇ كۈنگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ھوقۇقدار بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، كىممۇ ئويلىغان؟ ئۆزىگىمۇ كولدۇرراق كۆرۈنىدۇ. بىراق ئادەمنىڭ سىرتىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ - دە.

چوغلۇقنىڭ خىياللىرى مۇشۇ يەرگە كەلگىنىدە، ئىختىيارسىز لەسسىدە بولۇپ قالدى - دە، قولىدىكى قەلەمنى ئاچچىق بىلەن پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

## 16

ھۆرمەتلىك كىتابخان، تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى ئادەم ئۆزى سۆزلىگەنگە قارىغاندا ئانچە ئۇقۇشلۇق بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەمسە، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى يەنە بىر ئاز ۋاراقلاپ باقساق، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىپ قالار. قېنى ئەمسە قۇلاق سېلىڭ!

«قەدىرلىك دوستۇم خەممە، ياخشىمۇ سەن؟ چەكسىز سېغىنىش ئىچىدە يېزىلىۋاتقان بۇ خېتىمنىڭ ھەر بىر قۇرى ساڭا يۈرەك قېتىمىدىن ئۇرغۇغان، ئىنسان، جۈملىدىن ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاجايىپ يارقىن دوستلۇقنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى يوللىماقتا.

بۈگۈن شەنبە. كېچە سائەت 12 بولايلا دەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، يالغۇز ئۆيدە جىندەك ئولتۇرۇپ، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا سىرتتا ئىنسان كومېدىيىسى ئۆز يولى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. پەقەت مەنلا ئۇنىڭدىن مۇستەسنا.

قەدىرلىك دوستۇم، ھايات، بولۇپمۇ قىزلىق ھايات نېمىدېگەن سىرلىق.

تۇغۇلۇپ قاپتىمەن پۇشايمىنىم كۆپ،
كۆڭۈللىرىم ئۆتمەكتە ئازاب ئىلكىدە.
مۇھەببەت ۋە نەپرەت چىرماشقان دۇنيا،
تۆرۈلۈپ باراركەن ئىنسان قەلبىدە.

شۇ تاپتا كېيىمنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. توغرا، رەپقەتكامىنىڭ ھېلىقى ياسىداق بۆلۈمىدىن باشلىسام بولغۇدەك.

ئۇ ھېلىقى كۈنى ماڭا «ھايتلا» دەپ قويسىڭىز، غاپچىدە توغرىلىۋېتەمەدۇق دېمىگەنمىدى. ئاخىرى بارلىق يەردىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن، يەنىلا «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ئۇنى ئىزدەپ باردىم ھەم ھە دېمەيلا گەپنى چاقچاقتىن باشلىدىم.

- دۇنيادا ئۆيدە بىكار ئولتۇرماقتىن تەس ئىش يوقكەن جۇمۇ. خىزمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، خەپ، قېرىغاندىمۇ پېنسىيىگە چىقمايمەنغۇ تازا.

- ھە كۆرەرمىز. تۆت كۈن ئىشلەپ زېرىككەرسىز؟

- ھەيتاڭەي.

- قاراڭ ئۇكام، مۇنداق بولسۇن. مۇشۇ شەنبە كۈنى چۈشتە بىر دوستىڭىزنى ئېلىپ، يولغا چىقىپ تۇرۇڭ. مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار. سىزنىڭ ئىشىڭىز پۈتمىدىغان ئورۇندىكىلەرنى جۇيجاڭ - پۈيجاڭلىرى بولامدۇ، ھەممىسىنى تىترىتىۋېتىدۇ، دەڭا، - ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - مەن شۇنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن باراي. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرايلى. كەچتە گۇيۇڭلارغا ئاپىرىپ قويساق بولىدىغۇ؟ ... بۇنداق قىلىشىمىز سىز ئۈچۈن دەڭە. مۇنداقلا تونۇشتۇرغاندىن بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئالايتەن تونۇشتۇرغان باشقىچە بولىدۇ-دە، قانداق دېدىم؟

جېنىم خەمىدە، نېمىمۇ دەي؟ بىر تەرەپتە ئىززەت - ھۆرمىتىم، بىر تەرەپتە ئىستىقبالىم. ھەر ئىككىلىسى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىززەت - ھۆرمەتنى يېگىلى، كىيگىلى، پۇل ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمىسا؟ ...

ئادەم دېگەن ئىتقا ئوخشاش بولىدىكەن، سەن ئىززەت - ھۆرمىتىڭ بىلەن يۈرۈپ، كىشىلەرگە قانچە سەممىي مۇئامىلە قىلساڭ، سېنى شۇنچە كۆزىگە ئىلماي ئەخمەق قىلىشىدىكەن. ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دېگەندەك، سەن ئەسكىلىشىپ، يۈرىكىڭ يوغىناپ، كېرىلگەنسېرى، خەقمۇ ساڭا شۇنچە خۇشامەت قىلغىلى تۇرىدىكەن. ئامەت كەلسە قوش كېلىپ، ئىشلىرىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەتتە ئۈمىد قالمىغاندىن كېيىن، ئىستىقبال ئۈچۈن ئاخىرى ماقۇل بولدۇم. بىرەر قېتىم بارغانغا نېمە بولاتتى؟

يۈرىكىمگە ھەقىقىي قول سېلىپ باقسام، مېنىڭمۇ بۇنداق قىلغۇم يوق. بىراق ئامال قانچە؟

ئاھ جېنىم خەمىدە، ئويلاپ باق، بىز ياشاش ئۈچۈن نېمە دېگەن زور بەدەل تۆلەۋاتىمىز - ھە؟ مەن كېچە - كۈندۈز ئاللادىن ئىشىمىزنى ئاسان قىلىشنى تىلەيمەن. لېكىن ئاللا ئىنساب بەرگەن كىشىلەرگە بەخت - سائادەت بەرمەيدىكەن ... بوپتۇ، بۇمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد.

شەنبىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ كەلدى، خەمىدە، ئىلگىرى خەق «تەقدىر» دېسە، مەن ئىشەنمەيتتىم. بۇ قېتىم «تەقدىر» گە باش قويۇپ، سەجدە قىلغۇدەك يەرگە يەتتىم. نېمىشقا دەمسەن؟

قىزىق. رەپقەتكام كىمنى باشلاپ كەپتۇ دېمەمسەن؟ قەدىردانىنى، پەرۋەردىگارىم، ئۇنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم . . .

بىز دەسلەپ بىر قەھۋەخانىغا كىردۇق. كەچتە تانسىغا باردۇق. بۇ جەرياندا ساڭا سۆزلەپ بەرگۈدەك ئالاھىدە ئىش بولغىنى يوق. تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىنسابىغا رەھمەت دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. نېمىسىنى ئېيتىپ، نېمىسىنى قوياي؟ ئىشقىلىپ تەكلىپ قىلىشلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. ئاخىرى مېنىڭمۇ سەۋر - تاقىتىم چەككە يەتتى. نېمىشقا دېمەمسەن؟ ئاڭلىسام خەق «رەپقەتنىڭ ئۆيىنى بۇزغان چۆغلۈق ئىكەن، پات ئارىدا توي قىلىدىكەن»، دەپ يۈرۈشكىدەك. تۇۋا خەمىدە، بىر چاغلاردا ئېيىپ چىقىپ قالغان قىزلارغا خەق ئۇنداق دەيدۇ، بۇنداق دەيدۇ، دەپ باشقىچە قاراپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، شۇ قىزلارمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئىشنى ئاقتۇرالماي بىكاردىنلا تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن چېغى. مەنمۇ بەلكىم، بىر كۈنلەردە خۇددى شۇلارغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشىم مۇمكىنغۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ ئاسارەتتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلالمايمەنغۇ؟ . . . مۇشۇلارنى ئويلىسام پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ. خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك كۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. جېنىم خەمىدە، مەن بۇ قايىنامغا بەكمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن . . .

مەن بۇ ئىزا - ئاھانەتنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەي؟ ھېلىقى قەدىردان دېگەن ئەرسىنىڭ ۋىجدانى ئۆلگەنمۇ - نېمە؟ ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتىغۇ؟ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى يوق. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن، ئەمدى توختاپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ خۇددى ھايات - ماماتلىق جەڭگە ئوخشاپ قالدى . . . شۇنىڭ بىلەن مەن رەپقەتكامنى ئاشكارا ئىزدەپ باردىم.

- بۇ ئىشنى قانداق قىلىمىز، رەپقەتكا، ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمايدىغۇ؟

- ئۆزۈڭلار قونداقتا چىقىۋالغاڭلار قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ تەكلىپ قىلساق بارمايدىكەنسىز-يا، ئاشۇنداق قىلسىڭىز بولىگىزنى ماڭالمايدۇق نېمە؟ - ئۇ ماڭا ھەم چاقچاق، ھەم سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم خۇددى بىر سوغۇقتىن غۇژژىدە قورۇلغاندەك بولدى. ئاچچىقتىن لەۋلىرىم قۇرۇپ، مېڭىلىرىم چىڭقىلىپ كەتتى. قىزلىق غورۇرۇم تىنىمسىز چۇقان سالماقتا ئىدى.

- شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا باغلىق بولۇپ قاپتۇ - دە . . . مەن ئۈچۈن باش قاتۇرغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت، سىزنى قۇرۇق ئاۋارە قىلغۇچە، ئۆزۈملا بېرىپ قەدىردانىنى ئىزدەي، يات ئادەم ئەمەسقۇ ئۇ، قولىدىن كەلسىلا ياردىمىنى ئايىماس، - دېدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا مېڭىشقا تەمشەلدىم.

- مەيلى، بېرىپ بېقىڭ، بىراق سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي. ئۇ بۇرۇنقى قەدىردان ئەمەس، ئايالى، بالىسى بار قەدىردان. ئۆز ۋاقتىدىمۇ سىزنى تاشلاپ كېتىپتىكەن. ئەمدى ئەسقىتىپ قېلىشىمۇ ناتايىن، يەنە بىر گەپ، ئۇنىڭغا ئۈنچىمۇ ئۈمىد باغلاپ كەتمەڭ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئۇ كېتىدۇ، يەنە سىز بىلەن بىز قالىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھازىرقى ئايالىنى ئالغىنىدىن بەك خۇشكەن، چۈنكى قېيىن ئاتىسى باشلىق ئەمەسمۇ؟ - ئۇ بۇ گەپلەرنى خۇددى مېنى مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا ئېيتىپ تۈگەتتى.

– ئۇنچىمۇ چوڭ سۆزلەپ كەتمەڭ، رەپىقاتكا، قىز بالا دېگەننىڭ يۇرتى يوق، مەن نەلەرگە كېتىمەن، سىز نەدىن بىلىسىز؟ ھىم، قەدىردانىنى قانداق قىلىمەنكىن كۆرۈپ قالارسىز! مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن، ئەمدى ۋاستە تاللىغۇدەك ئورۇن قالمىدى.

بۇ گەپلەرنى قانداق جاسارەتتە دېدىم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران. شۇنداق قىلىپ مۇناسىۋەتنى تېزلا ئۈزۈپ چىقىپ كەتتىم. قارىسام، يېمىگەن ماتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغاندەكلا تۇرىمەن. ھامان خەقنىڭ نەزەرىدە يامان ئاتلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشنى باشتىنلا باشلاش نىيىتىگە كەلدىم.

راستىنى ئېيتسام، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ھاقارەتلىك تۇرمۇش نەدە بار، دەيسەن؟ ھېلىقى كۈنى يېرىم كۈن شۇلار بىلەن بىرگە يۈرگىنىمگە بۇ كۈنگە قەدەر ئازابلىنىپ كېلىۋاتىمەن. بىر دۆۋە ئەخلەت ئاستىدا قالغاندەك سەسكىنىمەن؛ ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن. قايتىدىن تۇغۇلغۇم كېلىدۇ. خۇددى مەن پاكلىقىمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئىچ - ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتىمەن. قەدىردان دېگەن بىلەنمۇ بۇ نورمال مۇناسىۋەت ئەمەستە. گەرچە مۇشۇ كۈنلەر ئۆچ ئېلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئۈچىنچى شەخس بولۇشتەك نەپرەتلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغۇم يوق. ئۇ چاغدا بىر ئۇنىڭدىن ئەمەس، يەنە ئايالى بىلەن بالىسىدىنمۇ ئۆچ ئالغان بولۇپ قالىمىدىمەن. ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ياق، قەدىردان مېنى قانداق تاشلىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئابرويىنى شۇنداق چۈشۈرۈپ، ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەن ئۈچۈن يوللۇق. چۈنكى ھاياتىمدا ئۇ قالدۇرغان بوشلۇق ئاز ئەمەستە؟

تېگى يوق، قارىمۇ قارشى خىياللار قايىنىمىدا خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك ئاجايىپ بىر خىل گاراڭلىق ئىچىدە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇنىڭ مېنى قانچىلىك قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى سەن تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن. ھەتتا مەنمۇ قايسىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق، ئۆسۈش ئالدىدا تۇرغان باشلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئايرىيالماي قالغىلى تاسلا قالدىم.

– قەدىردان، ئاڭلىسام يەنە بىر تۈركۈم شتات كەپتۇ. ھازىر جىددىي مۇزاكىرىدە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلارنى قانداق بولۇپ كەتتىكىن، دەپ سىزنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، قانداق ياردەم قىلالىغۇدەكسىزمۇ؟

– ھە، چاتاق يوق، بۇ قېتىم چوقۇم ھەل بولىدۇ . . . رەپىقەت ئىككىمىز سىزنى ئىزدەپ مەھەللىڭىزگە نەچچە باردۇق. كوچىغىمۇ چىقمايدىكەنسىز، پەقەتلا ئۇچرىتالمىدۇق. ئۆيۈڭلارغا ئۆسۈپلا كىرىشتىن تېخى خىجىل بولدۇق. مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار ئىدى.

– ۋاي ئىسىت! ۋاقتىدا ئۇچرىشالماپتۇق-تە، بېرىۋېرسەڭلارچۇ؟ – شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن؟ گۆشنى قانچە ئۇزاق قايناتساڭ، شۇنچە پىشقانغا ئوخشاش، تۇرمۇش قايىنىمىدا كۆپ چۆرگىلىسەڭ، شۇنچە پىشىدىغان گەپكەن. مەنمۇ «ھە»، دېمەيلا، ھۆل خىشنى قويغىلى تۇردۇم، – ئۆزۈم ئىزدەي دېسەم، پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم، ھېلىمۇ كېچىكمەسمىز، ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ؟

– ھە چۈغلۇق، مۇشۇ كېپىڭىزدە تۇرۇڭ – ھە؟

– ۋېيەي، سەھرالىق دېگەننى بىلىسىزغۇ، ساددا بولغان بىلەن گەنجىڭ كېلىدۇ دەڭە.

بۇ گېپىم ئىككى بىسلىق چىققاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بۇ قەدىردان تۇرمۇشۇمغا قايتىدىن كىرىپ كەلگەندىن بېرى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆز ئىشىمنى ھەل قىلىشقا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرچە خۇدايىم ساقلا!

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاۋغۇست گۈزەل ھۆسنىنى كۆز - كۆز قىلىپ ناز بىلەن كۈلمەكتە.

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ بەتلەرنى يېڭىراقتا بىر تويدىن قايتىپ كېلىپ يېزىۋاتىمەن. باشتا كېچە سائەت 12 بولغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدىم. تۆۋەندىكى ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، بەلكىم بۇنچە كېچىدە قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرماس ئىدىم.

ھازىر مەن ئىنتايىن خۇشال. مەن تېخى ئۆلمەپتىمەن. قەدىرداندىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى، قەلبىمدە مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت، ئۆچمەنلىك تۇپەيلىدىن ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدىم. لېكىن يەنە بىر مۇھەببەت، ئەزەلدىن بار بولغان، تېخى قەدىرلىنمىگەن بىر مۇھەببەت مېنى چىللاۋاتىدۇ، ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەۋاتىدۇ، روھىمنى ئاستا - ئاستا ئويغىتىۋاتىدۇ. بىراق مەن ئۇنىڭغا قانچە تەلپۈنگىنىم بىلەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇ شۇنداق بىر ئېسىل يىگىت تۇرسا!

ھېلىقى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك چىرايلىق قېشى بار زۇلپيار ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بۈگۈن تويغا شۇمۇ بېرىپتىكەن. قايتقاندا مەن يالغۇز قالدىم. كىمنىڭمۇ ئەمدى بۇ نامى سېسىق چۆغلۈقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغۇسى كەلسۇن دەيسەن؟ لېكىن يەنىلا شۇ زۇلپيار ئەسقاتتى.

ئەتراپ ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. ئىككىمىز گەپ - سۆزسىز مېڭىپ، ئۆيگە يېقىنلاپ قالدۇق. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا گەپ باشلاپ قالدى:

- چۆغلۈق، سىزنى ھېلىقى رەپقەت جۇيجاڭ بىلەن توي قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

- راست.

- نېمىشقا؟ - ئۇ دېگىدە چۆچۈپ كەتتى. مەنمۇ قارىسىغىلا جاۋاب بەرگىلى تۇردۇم. ئۆزۈمنى ئاقلاش نىيىتىممۇ يوق. ئۇنى قانچە ياخشى كۆرسەممۇ ئەمدى بەربىر. مەن دېگەن يامان ئاتلىق تۇرسام.

- شۇمۇ گەپمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. سىزمۇ بىرىنى تاللاپسىزغۇ؟

- ئاشۇنىما؟ ... ھىم ... ئۆتكەندە تاللاش نىيىتىگە كەلگەن، لېكىن سىزنى ئۇنتۇيالمىدىم...
...

- شۇنداقمۇ؟ ... ئۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەمتى؟

- ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق، لېكىن ...

- ھە دەۋېرىڭ.

- كېيىن سىز پۇشايمان قىلماسسىزمۇ؟

- نېمىشقا پۇشايمان قىلغۇدەكمەن، ئۇ دېگەن جۇيجاڭ تۇرسا.

- چۆغلۈق، ماڭا قاراڭ. بۇ ھەرگىز سىزنىڭ يۈرەك سۆزىڭىز ئەمەس. سىز بەلكى ... كۆڭلەردىن بىر كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ تالاي ئىشلارغا ھەقلىق تۇرۇقلۇق بىھۇدە قۇربانلىق بەرگەنلىكىڭىزنى ھېس

قىلىسىز. بىھۇدە ئۆتكەن ياشلىقىڭىزغا قاتتىق ئېچىنىسىز. بىراق ئۇ چاغدا ئامالىڭىز يوق ...

- بولدى قىلىڭ، كېپىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق.

- ئۇنداق دېمەي، ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ. مەن خېلىدىن بېرى سىزگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. سىز ئىلگىرى مۇشۇنداقمىدىڭىز؟

- زۇلىيار، بۇ گەپلىرىڭىزنى كىمگە دەۋاتىسىز، ماڭىما؟ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنىكەنسىز، دەڭە قېنى، مېنىڭدەك ئاتىقى يامان قىزنى كىممۇ ئالار؟ - ئۈنلىرىم بوغۇلۇپ كەتتى، راستىنى ئېيتسام، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قېلىۋاتاتتىم.

- مەن سىزگە ئىشىنىمەن، ئەگەر سەۋەبىنى مۇشۇلا دېيدىغان بولسىڭىز، رەپقەت جۇيجاڭدىن سىزنى تالاشقىنىم تالاشقان.

- سىز ... - ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى قانداق بىلسۇن؟ جېنىم دوستۇم، شۇ چاغدا قەلبىم شۇنچىلىك ۋۇلغۇپ كەتتىكى، ھاياجاندىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. بۇ، مانا مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى مەن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئەڭ سەممىي سۆز ئىدى.

- مەن سىزنى زورلىيالمايمەن. ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ.

ئاغزىمغا بىر ئېغىز گەپمۇ كەلمەي قالدى. يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلىۋالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۆكۈم چۈشۈپ قالسىمۇ ئېلىپ بېرىدىغان ئادىمىم يوق، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەسلىدە قول ياغلىقىم چۈشۈپ قالسىمۇ ئېلىپ بېرىدىغان ئادىمىم بار ئىكەنغۇ؟ نېمىشقا ئاران كەلگەن، ماڭا تېگىشلىك بولغان بەختنى قولدىن چىقىرىپ قويغىدەكمەن؟

ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ كەتتۇق. بەختلىك ئۆتكەن ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىز كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ لەپىلدەپ يىغقان قارنى يەنە كۈزنى ياخشى كۆرەتتى. ئاھ، قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى - ھە؟ بىراق ھازىرچۇ؟ ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن، گۈزەللىكنى تۇمان باسقان ئىدى. ئاستا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.

ئەنە مەنمۇ تۇمان ئىچىدە لەيلەپ يۈرىمەن. زۇلىيار قوياش نۇرىغا چۈمۈلگىنىچە، يىراقتىن كېلىپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. بىراق باشقا بىر جۈپ قول كېلىپ، ئۇنى سىلكىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يۈرىكىم چىممىدە قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا قوشنىمىزنىڭ بوغىسى توۋلاپ قالدى. قەدىرلىك دوستۇم، ئۇنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ تورۇپ ئويلىساڭ بەك كۈلكىلىك. سوزۇپ چاقىرغان زىل ئاۋاز.

ھەر ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. دەل شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە قەلبىمنى باشقىچە ئاجايىپ نازۇك، ئىللىق بىر سېزىم چۇلغىۋالدى، قەلبىمدىن ۋۇجۇدۇمغا قەدەر خۇددى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇندالغان ئەڭ نادىر مۇزىكا سىڭىپ بارغاندەك، تومۇرلىرىمدا يېقىملىق بىر سىمفونىيە ئەكس سادا بىلەن ياڭرىدى، ئۆزۈمنى قايتىدىن تۇغۇلغاندەك، خۇددى زەمزەم سۈيىدە يۇيۇنغاندەك يېنىك، غۇبارسىز ھېس قىلدىم.

قەدىرلىك دوستۇم، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن قانچە قۇۋۇلۇق قىلغانسېرى، قەدىردان دېگەن تۇلكە مەندىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭغا قويىرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سالتقىلى بولمىغۇدەك. ئىشلىرىمدا كۆپ ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەن بىلەن گويدانىراق بىر پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. ئەتە ئۇ مېنى بىر يەرگە بېرىپ كۆيناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ناھايىتى كەلسە، ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى يۈرگىنىمغۇ. ئاۋۋال ئىشىمنى ھەل قىلىۋېلىپ، پۇرسىتى كەلگەندە شۇنداق بىر جايلايمەنكى . . . ئاھ! يېنىمدا زۇلپىيار، كاللامدا ئېزىتقۇ خىياللار. بىر يېنىمدا ئەلەك سەممىمىي مۇھەببەت ھەم گۈزەل ھايات، يەنە بىر يېنىمدا خورلانغان تۇنجى مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان، شۇنداقلا يەڭگىلى بولمايدىغان غەزەپ - نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت! مېنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويغۇم يوق. لېكىن مەن مۇشۇ ھالىتىم بىلەن زۇلپىيارغا، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي قەلبىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ناۋادا قەدىردان بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام، مەن ئىشلىرىمنى قانداق ھەل قىلغان بولاتتىم؟ مەن زادى قانداق ئىنسان؟

كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇپ قالدى - دە، زۇلپىيار بىلەن تېزلا خوشلىشىپ قايتىپ كىردىم.

بۈگۈن كېچە ئۇخلىيالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

خەير دوستۇم، ئەتە ئۈچۈن بەخت تىلە.»

17

بۇك - باراقسان ئورمانلىق. يېقىنلا يەردە دەريا سۈيى شارقىراپ ئاقماقتا.

قەدىردان ئۈزى ئېلىۋالغان چاقىقانغىنە پالاسنى قويۇق دەرەخ شاخلىرى قارامتۇل سايا تاشلاپ تۇرغان ياپيېشىل چىملىق ئۈستىگە ئەكېلىپ سالدى. چۆغلۈق قولىدىكى كىچىككىنە سومكىسىنى ئويىنغىنىچە، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دەريانىڭ دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈيىگە قاراپ تۇراتتى.

- قېنى كەلمەمسىز؟ بۈگۈن نېمانداق مۈڭلىنىپ قالدىڭىز؟ كۆلۈپ ئولتۇرۇڭە، بۇ كۈن قولغا ئاران كەلدى، - ئۇ خۇشال ئىدى. ھېچ ئىككىلەنمەي كېلىپلا چۆغلۈقنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، پالاس ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. چۆغلۈقنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى توك تەپكەندەك جۇغغىدە بولۇپ كەتتى. قەلبىدىكى ئۆزىگە بولغان يىرگىنىش بىردىنلا باش كۆتۈردى. خۇددى نىجاسەتتىن قاچقاندەك، ئىتتىكلا قەدىردانىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

بۇ بىر ئايالى بار ئادەم، يەنە تېخى بالىسىمۇ بار. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ ياكى غۇرۇرۇم ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىمنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ بۇ غۇرۇر ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلىش بولماي نېمە؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يەنە قۇربانلىق بېرىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلىمۇ بار ئىدىغۇ؟ نەچچە يىلدىن بېرى يەنىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇسام بولماسمىدى؟ ئالتۇن توپا ئاستىدا قالمايتتىغۇ؟ ئاھ، زۇلپىيار! بۇ مەنزىرىنى كۆرسەڭ مېنى كەچۈرەرسەنمۇ؟ ھۇ ئىپلاس، ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن نېمە؟ بىر پارچە نان تاشلاپ بەرسە ئايناقلاپ كېتىدىغان ئىتنىڭ كۈچىكىدەك خىزمەت، بىر شتات ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىمۇ-يا؟ مەن نېمە دېگەن دۆت! ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن پەقەت بىر كۆڭۈل خۇشى ئىكەنمەن، خالاس. ياق، ئەمدى مەن يەنە قۇربانلىق بەرمەسلىكىم كېرەك. بەس، يېتەر ھەممىسى! بۇ خىياللار چۆغلۈقنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىچىك ماشىنىغا چۈشۈش بىلەن تەڭلا

ئەقلى يورۇغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. قەدىردان ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ كەلگەنىدى.

- قەدىردان، مەن بېرىپ يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەي.

چوغلۇق ماشىنىغا چىقتى - دە، رولغا ئولتۇردى.

پەرۋەردىگارىم، بۇنى قانداق باشقۇرىدىغان بولغىيتتى؟ ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاچقۇچنى بىرلا بۇرىۋىدى، ماشىنا غارلا قىلىپ ئوت ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا قېچىشتىن باشقا ئوي يوق ئىدى.

- چوغلۇق نېمە قىلىۋاتىسىز؟ - قەدىردان چۆچۈپ ۋارقىرىدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى.

- نېمە قىلىۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان. مەن كۈتكەن پۇرسەت ئاخىرى كەلدى. قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتەۋاتىمەن.

- چوغلۇق، سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز!

- توغرا ئېيتتىڭىز، ئىلگىرى نەپرەت مېنى ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قىلىۋەتكەن ئىدى، لېكىن سەممىي، پاك مۇھەببەت مېنى ئويغاتتى. سىز باشلىق بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە. لېكىن مەن نەزەرىڭىزدە نېمە؟ كۆزگۈل ئاچىدىغان قورچاقمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەنىمىڭىزگە يەتكۈچە دەسسىدىم. بولدى ئەمدى. مەن بۇ سودىنى قىلالمىغۇدەكمەن. خىزمەت ئىشلىمەسەم ئىشلىمىدىم. ماڭا ھاياتلىق، ئادەمگە خاس ھاياتلىق كېرەك. مەن ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتكە تەشنا. سىز بۇ توغرىدا ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن كۆپ ئويلاندىم. سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى بەك ئىپلاسكەنسىلەر. ئالا ئېنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دەپ، سىز ئانىڭىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپسىز. ھىم، مەن بولسامۇ ۋىجدانىم بىلەن ياشاپ ئۆلەي. قەدىردان، شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئادەم. ئانىڭىزغا، ئاچا- سىڭىللىرىڭىزغا ئوخشاش بىر ئايال زاتى. ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭىز نۆۋەتتە كەلسە قىزىڭىزغا ھاقارەت قىلغىنىڭىزغا ئوخشاش، سىز ئادەم ئەمەسكەنسىز. مېنىڭ ئاجىزلىقىمدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭىز. كىم دەيدۇ خىزمەت ئىشلىمىگەن ئادەم جېنىنى باقالمايدۇ دەپ، كۆرۈپ تۇرۇڭ، مەن قانداق ياشايمەنكىن - ھە؟!

- چوغلۇق، ئۇنداق قىلماڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتمەڭ. يولغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقنىڭ ئۆزى ئون كىلومېتىر. بۇ يەردە يالغۇز قېلىش بەك خەتەرلىك! - ئۇ ئاستا - ئاستا ماشىنىغا يېقىنلاشتى.

- يېقىن كەلمەڭ، يەنە مىدىرلايدىغان بولسىڭىز ماشىنىغا باستۇرۇۋېتىمەن . . . كىم سىزنى شۇنداق يىراق يەرگە كەلسۇن دەپتۇ. خۇدايىمنىڭ يېرى بۇلا ئەمەسقۇ، مېنى بۇنچە يىراققا ئېلىپ كېلىپ نېمە قىلاي دېگەن ئىدىڭىز؟ ئۆز ۋاقتىدا قىلغانلىرىڭىز يەتمەسمىدى؟

- ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھېچ بولمىسا بالامنى ئويلاڭ.

- بالامنى، ھىم، - چوغلۇق ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، - سىز مېنى ئويلىغانمىدىڭىز؟ مەنمۇ بىر ئاتا - ئانىنىڭ بالىسىغۇ، مەنمۇ شۇ بالىڭىزغا ئوخشاش بىر سەبىي قۇش ئىدىمغۇ؟

- چوغلۇق، ئۇنداق قىلماڭ! - قەدىرداننىڭ تەلەپپۇزى يالۋۇرۇشتىن تەھدىتكە ئۆزگەردى. ئۇ ئىككى قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلەيتتى، - بۇ بىر جىنايەت، بىر تەرەپتىن، بۇلاڭچىلىققا كىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنىڭ ھوقۇقىمغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىسىز.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سىزنىڭ قىلغىنىڭىزچۇ؟ گەرچە، قانۇندىن ئانچە خەۋىرىم بولمىسىمۇ، بۇنىڭ ئاياللارنى ئالداش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

— ئۇنداقتا ھەر ئىككىلىمىز جازالىنىمىز. ئىستىقبالىڭىزمۇ ۋەيران بولىدۇ.

— ئىستىقبال، نېمە ئۇ ئىستىقبال دېگەن؟ مۇشۇ تاپتا مەندە ئىستىقبال بارمۇ؟ مەندە پەقەت كاپالەتكىمۇ ئىگە بولمىغان كەلگۈسىلا بار، خالاس. ئۆزىڭىزچە مېنى قورقىتىمەن دەۋاتامسىز؟ جىنايەتتىن ئەجەب قورقىدىكەنسىز-ھە؟ بۇرۇنقى چۈغلۇق ئاللىقاچان ئۆلدى. ئەمدى چۈغلۇق شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ كېتىۋېرىدىغان ئەخمەق ئەمەس! — ئۇ سۆزىدىن توختاپ سەل جىمىپ قالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. كۆزلىرى قەدىردانىغا مىختەك قادالغان ئىدى، — ئىلگىرى سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئۇ مۇھەببەت ئاللىقاچان ئۆلدى، گورىندا قالغىنى باشقۇرغىلى بولمايدىغان چەكسىز نەپرەت. ئۇزاقتىن بېرى شۇنداق بىر كۈننى كۈتۈپ كېلىۋاتقانتىم. بۇ كۈن ئاخىرى كەلدى. خەق سالاپەتلىك، كېلىشكەن، چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە بۇ يىگىتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ قويسۇن!

— چۈغلۇق، سىز ماشىنا ھەيدىيەلمەيسىز!

— توغرا ئېيتتىڭىز. مېنىڭ مەقسىتىممۇ ۋەقە چىقىرىش، شۇ چاغدا سىز پۈتۈنلەي ۋەيران بولىسىز. بۇ سىزگە بېرىلگەن ئەڭ ئاددىي جازا. خەير - خوش!

چۈغلۇق خوتنى كۈچەپ دەسسىدى - دە، ماينى بولۇشىغا بەردى. ماشىنا دەرەخزارلىق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان تار يولغا خۇددى يادىن چىققان ئوقتەك ۋىژژىدە كىرىپ كەتتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە ئون كىلومېتىر يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولغا قايرىلدى. رولنىڭ ئۇياق - بۇياققا قالايمىقان بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ماشىنىمۇ يولدا ئىككى ياققا چايقىلىپ ئەگرى - بۈگرى ماڭاتتى. چۈغلۇقنىڭ پېشانىسىدىن چىققان مۇنچاق - مۇنچاق تەرگە چۈۋۇلغان چاچلىرى قالايمىقان چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى. قەدىردانىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، مېنى تونتۇۋېلىڭ زۇلىيار، مېنى تونتۇۋېلىڭ! ئۇ تورۇپ - تورۇپ بوش شىۋىرلايتتى. رولنى تۇتقان قوللىرى شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتكەن ئىدىكى، خۇددى ئۈگىلىرى ھازىرلا تېرىلىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. چىشلار تاتارغان لەۋگە بارغانسېرى چوڭقۇر پاتماقتا ئىدى. ئالدىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلگەن بىر يۈك ماشىنىسى يىراقتىن قاتتىق سىگنال بېرىپ كەلدى - دە، سۈركۈلۈپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. چۈغلۇق قورققىنىدىن قاتتىق تۇۋلىۋەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. لېكىن بايىقى ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ سول تەرەپكە ئاققان پىكاپ خۇددى قۇترىغان ئۆكۈزدەك بايىقى يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقان يەنە بىر يۈك ماشىنىسىغا قاتتىق سوقۇلدى. چۈغلۇق قاتتىق سىلكىنىپ رولنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. يۈزىنىڭ بىر يېرى چىمىمدە ئېچىشقاندەك قىلدى. بىراق ئۇ نەرى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىچە ھوشىدىن كەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن خەمدە كېلىپ چۈغلۇقنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ساياھەت رايونى قىلىنغان بىر تاغلىق يېزىدا بولۇپ ساپ ھاۋا ۋە سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە رىۋايەتتىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

چۈغلۇق ماشىنا ۋەقەسىدە تاسادىپىي ئامان قېلىپ، ئېغىر يارىلانمىغان بولسىمۇ، قورقۇنچ ۋە

قاتتىق سىلكىنىش تۇيەيلىدىن ئېسىنى يوقاتقانىدى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايتتى. دوختۇر چۈغلۈقنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ساپ ھاۋالىق تىنچ مۇھىتتا داۋالىنىشىنى بۇيرۇغان ئىدى. شۇڭا خەمىدە ئۇنى يايلاقتا چارۋىچىلىق قىلىدىغان تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى.

چۈغلۈق ھەر كۈنى ئېشىك ئالدىغا چىقىپ، يىراقلارغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە، ئۇن-تىنسىز ھالدا كۈننى كەچ قىلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، قۇياش تاغ كەينىگە باش قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئاق ئاتقا مىنگەن بىر يىگىت ئىككى ئىتنىڭ قاتتىق قاۋىشىغا قارىماي، چېدىر ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خەمىدە ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، تولۇمشەتتى:

- ھوي زۇلپىيار، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟

- ياخشىمۇ سىز؟ سىز ئەۋەتكەن كۈندىلىك خاتىرە ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولمامدۇ؟

- ھە قېنى، جۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى. كەلگىنىڭىزمۇ بەك ياخشى بولدى. ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئەسلىيەلمىگىنى بىلەن «زۇلپىيار» دېگەن ئىسمىنى بىر قېتىممۇ ئاغزىدىن چۈشۈرگىنى يوق.

- ھە، ئۆزى قېنى؟

- ھوي، ھازىرلا مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ، نەگە كەتكەندۇ؟



ئۆيدىكىلەر بىردەمدىلا ئۈپۈر - تۈپۈر بولۇشۇپ كەتتى. ئەتراپتا چۈغلۈقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. چوڭلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە ئات سېلىپ كەتتى. زۇلپىيارمۇ يېڭى ئېچىلغان چىغىر يول بىلەن پاكار دۆڭنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتراپ يېشىللىقتا پۈركەنگەنىدى. ئاللانىڭ كارامىتىمۇ، تىك چۈشكەن قارامتۇل قىيالاردا قارىغايلار مەزمۇت ئۆسۈپ، تاغنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكىگە رومانتىك تۈيغۇ بېغىشلىغانىدى. زۇلپىيارنىڭ بۇ مەنزىرىلەرگە قارايدىغان ھەپىلىمۇ يوق. چوققىلاردا ۋىل - ۋىل - ۋىل پارقىراپ كۆرۈنگەن ئاخىرقى قۇياش نۇرى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. «كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەن بولسىلا بولاتتىغۇ.» زۇلپىيار تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇغا فېرمىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈشىگىلا يىراقتىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك ۋە قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىق تونۇش بىر گەۋدە كۆرۈندى.

- چۈغلۈق! - زۇلپىيار ئاتنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، قىزغا يېتىشتى. چۈغلۈق ئېرەنسىز قاراپ قويۇپ، يولىغا مېڭىۋەردى. چۇۋۇلغان دولقۇن - دولقۇن چاچلار تاغنىڭ لەرزان شامىلىدا ھەريان تولغىنىپ،

ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىك ئۇرۇلاتتى. پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېغىزى يېگىدىن يۇتكەن چوڭقۇر تاتۇق بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ كېتەتتى.

ھەي! - زۇلىيار ئاچچىق تەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى، - رەھىمدىل ئادەملەرنىڭ بىر قېرىندىشىغا قىلغان سوۋغىسى نېمىدېگەن قىممەتلىك، نېمىدېگەن ئېسىل!

- كېلىڭ چۈغلۇق، قايتايلى! - زۇلىيار قىزغا قول ئۇزاتتى. چۈغلۇقمۇ مەقسەتسىزلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، زۇلىيارغا يۆزلەندى. زۇلىيار ئۇنى خۇددى كېپىنەكنى تۇتقاندەك يەڭگىللا كۆتۈرۈپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى. «مانا چۈغلۇق ئاخىرى قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە، ياردىمىمگە مۇھتاج. مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقىنى، ھاياتنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىمەن. چوقۇم ھېس قىلدۇرىمەن، چۈغلۇق! ئەمدى بىر ئۆمۈر يېنىڭىزدىن ئايرىلمايمەن. زۇلىيارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. چۈغلۇقتىن تارقىغان خۇش بۇي ھىد زۇلىيار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس نەپەسكە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇلار بۇغا فېرمىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكە تۇنۇشلا بىر ئاۋاز - ئۇلار قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە قالدۇرغان بۇغا ئاۋازى ئاڭلاندى. زۇلىيار ئىتتىك چۈغلۇقنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ دەسلەپ خۇددى بۇۋاق بالىدەك نۇرسىز كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە ئىپادىسىز قاراپ تۇردى. كېيىن جىمجىت تاغلار قوينىدا ئەكس سادا بىلەن ياڭرىغان ئىنچىكە، زىل ئاۋاز ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. كۆزلىرىدە بىر خىل نۇر ۋاللىدە چاقناپ قالدى.

- چۈغلۇق، بۇغا ئاۋازى، ئاڭلاۋاتامسىز؟

بۇغا ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. بۇ قېتىم چۈغلۇق كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. نېمىندۇر ئەسكە ئالماقچى بولغاندەك قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئات خۇددى ئىگىلىرىگە ھەيران قالغاندەك، پۇشقۇرۇپ قويۇپ، ئورنىدا پىرقىرىماقتا ئىدى.

- ھېلىقى شەنبە كۈنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز سىلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بۇغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدۇق . . .

چۈغلۇقنىڭ قەلبىنى ئاستا - ئاستا ئاجايىپ نازۇك ئىللىق بىر سېزىم ئىگىلەشكە باشلىدى. يەنە ھېلىقى چاغدىكىدەك تومۇرلىرىدا ياڭرىغان ئاجايىپ بىر سىمفونىيە ئاستا - ئاستا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇغا ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. چۈغلۇق تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى لاپ قىلىپ چوڭ ئاچتى ۋە زۇلىيارغا بىر دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

- زۇلىيار! - دېدى - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى.

- ئاخىرى ئەسلىدىڭىز، چۈغلۇق! - زۇلىيار ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. چۈغلۇق بولسا يىغلىماپ قالغان بارلىق دەرد - ئەلەمنى بىر يولىلا چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك، بېشىنى زۇلىيارنىڭ مۈرىسىگە قويغىنىچە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى. زۇلىيار ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىنى بىلەلمەيلا قالدى.

- ئاھ، بۇغا ئاۋازى! سەن مۇھەببەت ئىلاھىسەن. سەن ئۇنى ياراتتىڭ، قايتىدىن ياراتتىڭ! »

- بولدى يىغلىماڭ، چۈغلۇق دېگەنمۇ سىزدەك بولامدۇ؟ چۈغلۇق شۇنداق بىر گۈلمىش. ئۇ پەقەت تاغ - دالىلاردىلا ئەڭ باراقسانلىشىپ ئېچىلىدىكەن. قانچە كۆپ جۇدۇنغا ئۇچرىغانسېرى، شۇنچە

( ئاخىرى 145 - بەتتە)

**ماخمۇت مۇھەممەت**

# ئىككى ھېكايە

## كۆپ گەپنىڭ پايدىسى



يېڭىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان، تومۇز ئىسسىقىدا ئېرىپ، مىچىلداپ كەتكەن يول كۈن چىقىش تەرەپكە ئەگىلىپ، تاپ - تاقىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئارقىسىغا غايىب بولۇپ كېتىدىغان جايدا، خام كېسەك ۋە قوپال رام - كېشەكلەر بىلەن قولنىڭ ئۇچىدىلا ئۆرە قىلىنغان ئۆتەڭ ئۆي ئالدىدا توق كۆك رەڭلىك، دۈمبىسىدە چاڭ باسقان قىزىل بىرىغى بار ساقچى ماشىنىسى توختىتىلىپ قويۇلغانىدى. ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن ماشىنا ئىشىكى ئەينىكىگە دۈمبىسىنى يېقىپ تۇرغان، 30 ياشلاردىكى قاتناش ساقچىسى قولىدىكى «توختاڭ!» دېگەن خېتى بار ئۇزۇن ساپلىق تاختاينى بېشىدىن ئاشۇرۇپ كۆتۈرۈپ، يېپيېشقاق ماي يولدا ۋىژىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان مىنىبۇسنى توختاتتى. ماشىنىدا ئىككىلا كىشى- شوپۇر بىلەن باشلىق سۈپەت بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

—نېمە دەيدىكىنە، بېرىپ باقىنا، — باشلىق سۈپەت ئادەم ھەم ئېرەنسىز ھەرىكەت ھەم سەل جىلى بولغان تەلەپپۇزدا شوپۇرغا مۇراجىئەت قىلدى. ئاڭغىچە ئاسمانايكىلىق، بويىنىغا تەردىن ھۆل بولغان لۆڭگىنى ئارتىۋالغان شوپۇر باش ئۈستىدىكى قىستۇرغۇچتىن رەسمىيەت قەغەزلىرىنى ئېلىپ، ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەرەددۇتلەنگەنىدى. باشلىق سۈپەت ئادەم ئۆز تەرىپىدىكى ئىشىكنى سەل قىيا ئاچقىنىچە ھەم شامالدىغاچ، ھەم ساقچى بىلەن شوپۇرنىڭ پارىڭىنى تىڭشاشقا تەييارلانغاچ كۆزلىرىنى ساقچىنىڭ قولىدىكى ئۆزى ئىلگىرى كۆرمىگەن خۇددى تىكتاك توپ پالىقىغا ئوخشايدىغان نەرسىگە قىزىقسىنىپ تىكتى.

مىنىبۇس بىلەن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 20 قەدەمچە كېلەتتى. تىنجىق ئىسسىقتا ئىككىلىسىنىڭ قىلىۋاتقان پارىڭى خۇددى گەپمۇ ئىسسىقتىن ئېرىپ كېتىۋاتقان يا بولمىسا مۇنۇ ئېرىگەن تاڭگادەك مىلىچلاپ تۇرغان يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك مىنىبۇس ئىچىدە ئولتۇرغان ئادەمگە تولىمۇ بوش ۋە ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئاڭلىناتتى.

قاتناش ساقچىسى شوپۇر ئۇزاتقان ھۆججەتلەرنى كۆرگەچ بىر تەرەپتىن «نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟»، «ماشىنىنىڭ تورمۇز، سىگنال، چىراغلىرى توغۇل ئىشلەمدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى تۆپە - تۆپىلەپ سورىماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ شوپۇرنى ئەگەشتۈرۈپ مىنىبۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئىسسىقتىنمۇ ياكى خىزمەت ئېھتىياجىدىنمۇ،

تۇرۇلگەن چىرايىنى، سۇرلۇك سالاپىتىنى نامايىش قىلغان ھالدا شوپۇرنى رولغا ئۆتۈپ، دېگىنىنى قىلىشقا بۇيرىدى. ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئالدى - ئارقا چىراغلارنى ياندۇرۇپ - ئۆچۈرۈش، سىگنال بېرىش، ئەينەك سۈرتكۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەندەك ئەقەللىي مەشغۇلاتلارنى بىر - بىردىن كۆزدىن كۆچۈردى. ئالدىن شوپۇر ئولتۇرغان تەرەپتىن مىنىبۇس ئىچىگە بويۇنداپ قاراپمۇ قويىدى. باشلىق سۈپەت ئادەم بۇ يول پادىشاھىغا ئىللىقىنە بىر جىلمىيىۋېتىش تەرەددۇتى بىلەن ساقچىنىڭ كۆزىگە چېكىتتەك قادالغانىدى، ئەمما ساقچى ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى.

قاتناش ساقچىسى شۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، گەپ - سۆزمۇ قىلماي ئۆزى ئىلگىرى تۇرغان ئورۇنغا، ساقچى ماشىنىسىنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى. شوپۇرمۇ تاپ باستۇرماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ساقچى كۆك ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، يول تەرەپتىكى ئىشىكىنى ئاچتى. بېشىنى ماشىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، خېلىغىچە جىم بولۇپ كەتتى. قارىغاندا ماشىنا ئىچىدە ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى (ئېھتىمال باشلىقىدۇر) باردەك قىلاتتى. ئالاھەزەل ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن قولىدا مىنىبۇسنىڭ «جان تومۇر»لىرىنى تۇتۇۋالغان ساقچى ماشىنا ئىشىكىنى ياپتى - دە، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان شوپۇرغا يۈزلەندى.

— 50 سوم جەرىمانە تۆلەيسەن، — دېدى ئۇ سۆزى بىلەن تەڭ بېشىنى ئىلدىڭشىتىپ شوپۇرغا.

—نېمە سەۋەبتىن... تۆ... تۆلەيمەن؟ نېمىشقا؟ — شوپۇرنىڭ بوغۇلۇپ چىققان ۋە ئەندىككەن ئاۋازى مىنىبۇستىكى ئادەمگە ھەتتا ئاۋۇ ساقچىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ چىڭراق كېلىپ يەتتى.

— نېمىشقا بولاتتى، ماشىناڭغا ئىدارە نامى يېزىلماپتۇ.

— يېزىلماپتۇ؟ كۆرمەي قاپسىز، x x ۋىلايىتى دېگەن ئىككى خىل يېزىقتىكى خەت ئەنە يوغان يېزىقلىق تۇرمامدۇ. جۇرۇڭە...

— كۆزۈم بار، كۆردۈم، — ساقچى تەگەددىي قىلغاندەك، شوپۇرغا تىكىلىپ قارىدى، — ئۇنىمۇ يازمىساڭ بولاتتىمۇ ئەمەسە؟ مېنىڭ دېگىنىم، ئۆزۈڭنىڭ ئىدارەڭنىڭ ئىسمى، بىلدىڭمۇ؟

—ئۆزۈڭنىڭ ئىدارەڭنىڭ ئىسمى؟ — شوپۇرنىڭ ئۈنى چىڭقىلىپ كەتتى، — نەدە شۇنداق قائىدە بار ئىكەن؟

— تېخى شۇنداق قائىدىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن - دە؟ ماشىنا ھەيدىگىنىڭگە قانچە يىل بولدى؟

—ئالتە... ئالتە يىل.

—ھىم، — قاتناش ساقچىسى قاسقان شەپكىلىك، ئۈسكىلەڭ چاچ بېشىنى تازىمۇ كۈچەپ لىڭشىتتى، — ئالتە يىلغىچە قائىدە بىلمەي يۈرگىنىڭ ئۈچۈن 70 سوم تۆلەيسەن!

— سىز نېمە دەۋاتىسىز ئاكا؟ ئالتە يىلدىن بېرى يولدا يۈرۈۋاتىمەن، مۇشۇنداق... ھېچكىم مېنى ئىدارەڭنىڭ ئىسمىنى يازماپسەن دەپ تۇتۇۋالمىغان.

—ئەمىسە سەن قاتناش قائىدىسىنى بىلمەيدىغان ساقچىلارغا ئۇچراپسەن.

—ئوھوي، ھېچكىم بىلمىگەن قائىدىنى سىزلا بىلىدىكەنسىزا؟

«ئىم، يەنە چالغىپ كېتىۋاتىدۇ، سىلىقراق گەپ قىلسا بولمامدۇ ماۋۇ ئالىجوقا» مىنىبۇس ئىچىدىكى ئادەم ئەندىشىدىن جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. بىراق يەرگە چۈشۈپ ئاۋۇ ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى بولسا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

باشلىق سۈپەت ئادەمنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك

ئىش بۇياقتا ئەمدى يۈز بېرىۋاتاتتى.

-نېمە دېدىڭ؟ بىلمەن، قانداق؟ 90 سوم تۆلەيسەن. يەنە گېپىڭ بارمۇ؟

-تۆلىسەم تۆلىدىم، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن شۇ. بىراق سىزنىڭ ماۋۇ قىلىقىڭىز يولسىزلىق، جۇمۇڭ.

-يولسىزلىق؟ تېخى قاتناش ساقچىلىرىغا ھاقارەت قىلماقچىمۇ سەن؟ 100 سوم پۈتۈن تۆلەيسەن، بىر تىيىنى كەم بولسا بولمايدۇ، يەنە گېپىڭ بارمۇ؟

-گېپىم يوق، - شوپۇر قاتناش ساقچىسىنىڭ بىر قولىدىكى ماشىنا رەسمىيەتلىرىنى يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىغا ئەتەي، رىتىملىق ئۇرۇپ، كۆز-كۆز قىلىپ تۇرغان ھەرىكىتىگە ئەلەملىك كۆزلىرىدە تىكىلگىنىچە شۇنداق دېدى، - گېپىم يوق، سىلەرگە گەپ ئىشلەيتتىمۇ؟ مېنىڭ دېگىنىم، بىزنىڭ ۋىلايەتتە ھازىرغىچە مەيلى قاتناش چولڭ ئەترىتى بولسۇن، مەيلى باشقا ئىدارىلەر بولسۇن، بىزگە مۇنداق تەلەپنى قويمىغان. جەرىمانە تۆلەيدىغان ئىش بولسا ئاشۇ بىزگە گەپ قىلمىغانلار تۆلىمەمدۇ!

«مۇنۇ گېپىڭ سەل جىڭ باستى، لېكىن ئاۋازىڭنى. . . » مىنبۇستىكى ئادەم ئىسسىقىنىمۇ، ھەتتا نەدە ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ غودۇڭشىدى.

-ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، ۋىلايىتىڭ دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ سورىقىنى ئاپتونوم رايون پۈتتۈرۈۋالىدۇ.

گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشە - چۈشمەي، قاتناش ساقچىسى قولىدىكى پالاقنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، يەنە بىر ماشىنىنى جايىغا مىقلاپ قويدى. بۇ چاغدا ئۆتەلڭ ئالدىدا توختاپ قالغان ھەر تۈرلۈك ماشىنىلار بەش - ئالتىگە يېتىپ قالغانىدى.

-خوش، قېنى، جەرىمانىنى تۆلەپ، يولۇڭغا ماڭمامسەن. ئاۋۇ يەردە بىر توقاي ئىش ساقلاپ تۇرىدۇ مېنى، - قاتناش ساقچىسى خېلىدىن بېرى ئۈزۈڭگە قاراپ باش لىڭشىتىپ تۇرغان 50 ياشلاردىكى، يۈزىنىڭ ھەر بىر قورۇقلىرىدىن كۆلكە تەپچىگەن شوپۇرنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئالدى، - تالاشقىنىڭ بىلەن بىكار، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ قايتىپ بېرىپ، قاتناش قائىدىسىنى تازا ئوبدان ئوقۇپ باق.

-بۇ قېتىم بىزنى قويۇۋەتسەڭ، قايتىپ بارغاندا ئىدارە ئىسمىنى يازدۇرساق يازدۇرۇۋالايلى.

-بولمايدۇ، ساڭا ئوخشاش ئۇستاتلاردىن تالايىنى كۆرگەن بىز بۇ يولدا.

-سىز. . . سىز تازىمۇ. . .

-نېمە تازىمۇ، قانداقكەنمەن؟ - ئەمدى قاتناش ساقچىسىمۇ شوپۇردەكلا ھۆپپىدە قىزاردى، - پوزىتسىيەڭ ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن 120 سوم تۆلەيسەن.

مىنبۇسنىڭ ئىشىكى چولڭ ئېچىلىپ، بىر جۈپ پۇت يەرگە ئىرغىپ چۈشتى.

-سىز. . . سىنىڭ نەرىڭ قاتناش ساقچىسى؟

-130 سوم!

-خەجلەيدىغان پۇلۇڭ تۈگىسە يول توساپ پۇل يىغىشاتتىڭمۇ؟

- 140 سوم!

-يولسىز!

-نېمە؟ ئادەم تىللاۋاتامسەن تېخى؟ 150 سوم! بىر تىيىن كەم بولسا بولمايدۇ. قېنى، تۆلىمەي بۇ يەردىن كېتەلىگىنىڭنى بىر كۆرەي.

قاتناش ساقچىسى راستىنلا ھەممە گېپىنى تۈگەتكەندەك، مىنبۇسنىڭ ھۆججەتلىرىنى يانچۇقىغا دەرغەزەپتە سالدى ۋە يېنىدىكى كۈلكە چىراي شوپۇرغا قارىماي، نېرىدىكى يۈك ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

-ھەي، شىياۋۋاڭ! - كېيىنكى پاراڭلارنى

مىنىبۇس ماشىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان باشلىق سۈپەت ئادەم قاتناش ساقچىسىنىڭ كەينىدىن ماڭغان شوپۇر يىگىتنى كەسكىن ئاھاڭ بىلەن چاقىردى، - بۇياققا قارا، بولدى ئۇكا، كۆپ گەپنىڭ پايدىسى يوق، دېگىنىنى تۆلەپ، يولغا ماڭايلى.

شوپۇر يىگىت ئورنىدا چېپپىدە توختىدى-دە، تېخى غەزىپى ئۆچمىگەن كۆزلىرىنى باشلىق سۈپەت ئادەمگە تىكتى.

-تالون ئېلىڭلار - ھە!

ئۆتەڭ ئالدىدا توختاپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن مىنىبۇس ماشىنا كۆنىنىڭ بارغانچە قاتتىق قىزدۇرۇشى بىلەن تېخىمۇ مېھىلداپ كەتكەن پارقىراق قارامايلىق يولدا غايەت زور يىلاندەك ئۈششۈلدىگىنىچە ئاۋاز چىقىرىپ يولغا راۋان بولدى. شوپۇرنىڭ باش ئۈستىدىكى قىستۇرغۇچقا 150 سوم جەرىمانە پۇلىنى تۆلىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن كېسىلگەن تالوندىن باشقا يەنە ئاللىقانداق بىر نەچچە پارچە جەدۋەلدەك نېمىلەر ھەممە باشلىق سۈپەت ئادەم غەزەپتىن تاشتەك قېتىۋالغان قاتناش ساقچىسىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن جەرىمانىغا ئۇستەكلەپ بېرىلىپ - يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران تەستە ياندۇرۇۋالغان مىنىبۇسنىڭ ھۆججەتلىرى قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى.

## ئەمەل دەرىخى

مەلۇم شەھەرنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بىناسىنىڭ كەڭرى ھويلىسى تۈزتاش يېشىلچىلىققا چۆمگەنلىكەن بولۇپ، كىچىك بالىنىڭ قوچىقى يەتمەيدىغان ئاقتېرەكلەر پاسىل رېشاتكىسىنى بويلاپ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەنىدى. رەڭگارەڭ گۈلزارلىقنىڭ ئارا - ئارىسىدا بولۇق مېۋىگە كىرگەن ئالما، شاپتۇل، قوتۇر ئامۇت دېگەندەك مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ شاخلىرىغا سانسىزلىغان كۆمۈش قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ، سالماق بېسىپ تۇرۇشاتتى.

پەقەت بىرلا نەرسە بۇ ھەيۋەتلىك، پاكىز ھويلىنىڭ سىياقىغا ئانچە ياراشماي، ئايرىمچە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ بولسىمۇ بەش قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىدا كەڭ - كەڭرى ئېلىنغان سېمونت پەلەمپەينىڭ ئىككى بۇرجىكىدە تۇرغان ئىككى تۈپ ياش سېرىن دەرىخى بولۇپ، ھازىر ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بوپقالغاچقا، ئاللىقاچان گۈللىرىنى تۈزىتىپ بولغان شاخلار شالاڭ يوپۇرماقلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تىمتاس تۇراتتى. بېلەكچىلىك تومۇلۇقتىكى سېرىن غولى بىر غولاچتىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكىچە سېپسىدام، نە شاخ - پۇتاق، نە يوپۇرماقتىن خالىي بولۇپ، خۇددى يامغۇردا كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورۇق، ئېگىز بويلۇق قىز ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. شۇ تۇرقى بىلەن بۇ ئىككى تۈپ سېرىن دەرىخى ھويلىدىكى يېشىلچىلىققا، بۇ كىچىككىنە، جۇملىدىن كۆڭ بىلەن بويى تالىشىپ، ئۆرەدەشىپ تۇرغان ئاقتېرەكلەرگە، بولۇق مېۋىگە كىرىپ قانات - قۇيرۇقلىرىنى كەرگەن مېۋىلىك دەرەخلەرگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان، يېگانىچە مېھماندەك چېنىپلا قالغانىدى.

بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى مۇشۇ بىنانىڭ گەۋدىسى بۇ ئەتراپتا قەد كۆتۈرۈشى بىلەنلا، ھازىرقى ھەيۋەت يېشىلچىلىقنىڭ باشلانمىسى بولغان ئەۋرىشىم نوتا - جىرىملار چىلان تۇپراق يەرگە ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ يېڭى بىنانىڭ ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئىنتايىن پۇختا ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ھەر قانچە مۇشكۈل ئالدىدا ئېگىلمەس، ياناماس روھقا ئىگە، قەيسەر ئىرادىلىك رەھبىري كادىر ئىكەنلىكى بىلەن ئەل ئارىسىدا شۆھرەتلىك ئىدى. ئورگان بىناسى ئالدىغا دەل

شۇ كىشى ئۆزى بۇيرۇتۇپ، مىجەزىگە ماس كېلىدىغان دەرەخنى، ئىككى تۈپ ياپپېشىل قارىغاينى ئالاھىدە تىكتۈرگەنىدى. ئارىدىن بىر نەچچە يىللار ئۆتتى. يەرلىك ئورۇننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى قابىل رەھبەرنىڭ باشلامچىلىقىدا كۈنسايىن روناق تېپىپ باردى. ھېلىقى ئىككى تۈپ قارىغايمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ، باغجانلىنىپ، ئۆرلەپ ئۆسۈۋەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى رەھبەر تېخىمۇ جاپالىق بولغان ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر رەھبەر كەلدى. ئارىدىن ئاز ئۆتمەي، رەھبىرىي ئورگان بىناسىغا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار بىر يېڭىلىقنى - بىنا ئالدىدىكى قارىغايلارنىڭ نەگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى بولسا ئىككى تۈپ دۇپ دەرىخى كۆچىتىنىڭ ئالغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يېڭى كەلگەن رەھبەر ياش ۋاقتىدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ھەممە نېمىسىگە ئالاھىدە ھەۋەس قىلىدىكەن. دۇب دەرىخى كۆچەتلىرى توختىماي سوقۇۋاتقان ھايات شاماللىرىدا ئالدىرىماي - تېنىمەي تەۋرىنە - تەۋرىنە يىلتىز تۇتۇپ قالدى. سۆلەتكىمۇ كىردى. ئەپسۇس ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈچ قېتىم ئالمىشىپ ئۈلگۈرمەيلا يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلدى. سەۋەبى، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ ئورۇنغا ئالمىشىپ كەلگەن يېڭى رەھبەرنىڭ كۆزىگە ئۈچ يىلدا غولى گۈرجەككە ساپ بولغۇدەكمۇ چوڭايمىغان دۇب كۆچەتلىرى سىغماي قالغانىدى. بۇيرۇقتا بىنائەن ئورگان قورۇسىنىڭ كۆكەرتىش ئىشچىلىرى بوشاپ قالغان ئىككى ئورەككە ئالاھىدە زاكاز بىلەن ئەپكەلدۈرۈلگەن ئىككى تۈپ ئانار دەرىخىنى ئولتۇرغۇزدى ۋە ئالدىنقى مەزگىللەردىكىدەكلا يېڭى كۆچەتلەرنى ئەستايىدىل ئاسراپ، پەرۋىش قىلىشقا كىرىشتى. ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان ئەمدىكى يېڭى رەھبەر بىناغا كىرىپ - چىقىش ئارىلىقلىرىدا پات - پات كۈندىن - كۈنگە ئاينىش تېپىۋاتقان ئانار دەرەخلىرىگە زوقى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى ۋە كۆكەرتىش خادىملىرىغا ئېرىنمەي تۇرۇپ بۇنى تاپىلاپ تۇراتتى. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل گاھ يېشىل، گاھ قىزىل، گاھ ئالتۇن رەڭ بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئانار دەرەخلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە، دىلىغا سىڭىپمۇ قالدى. بىراق بۇ كۈنلەرمۇ ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. يەرلىك ئورگاننىڭ نۆۋەتتىكى رەھبەر ئالمىشىشىدا، يېڭىدىن كەلگەن رەھبەرنىڭ تەلەپچان مىجەزىگە يارىشا ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېتلارنى بۆلەكتىن بىر قۇر رەتلەپ، رەھبەرلىكلىرىنى باشقىدىن سەپلەپ چىقىشقا ئەگىشىپ، ئىككى تۈپ ئانار دەرىخىنىڭ تەقدىرىمۇ ئالاھىدە ھەل قىلىندى. بۇ ئىككى «جانىۋار»مۇ ئىلگىرىكى سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا بۆلەك جايغا يۆتكىۋېتىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن ئادەملەر كۆرۈپ باقمىغان، كەسىپ ئەھلىلىرىدىن باشقىلار ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر جۈپ كۆچەت تىكىلدى. قۇياش يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋەردى. ئىسمى نامەلۇم بولغان ھېلىقى ئىككى تۈپ ياش، يۇمران كۆچەت ئۆز خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، تېزلا تۇتۇپ، ئەي بولۇپ، باراقسانلىشىپ، كۆرگەن ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىپ، ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ ئالىي ئورگاننىڭ كەڭ - كەڭرى ھويلىسىغا سىڭىشىپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا جاھاندا، جۈملىدىن مۇشۇ رايوندا ئۆزگىرىشلەر بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى بېسىپ، ھەممە نەرسە يېڭىلىنىپ، ئۆسۈپ، قېرىپ، يەنە تۇغۇلۇپ، ئىز بېسىشنى داۋام ئەتكۈزمەكتىدى. ئىسمىنى كۆپ كىشىلەر

بىلمەيدىغان ھېلىقى ئىككى تۈپ كۆچەتمۇ ھەش-پەش دېگۈچىلا دەرەخ قىيامىغا كىرىپ ئۈلگۈردى. ئەمدى كىشىلەر ئاشۇ رەھبىرىي ئورگان قورۇسىنى تىلغا ئالغاندا گۈللىرى ئۇششاق، ئۇرۇقىنىڭ تەگىدىن تولىسى پىشىپ ئۈلگۈرگىچە يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىدىغان دەرەخلەرنى تەبىئىي سۈرەتتە تىلغا ئېلىشاتتى. گويا ئۇلار ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە باردەك، بەش قەۋەتلىك بىنا بىلەن بىللىلا ئۇ ئەتراپقا ئاپىرىدە بولغاندەك تۇيغۇ بىلەن ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى سۆھبەتلىرى ئارىسىغا قىستۇراتتى، ئەمما. . .

ئەمما بىر كۈنلەر كېلىپ، قارىغاي، دۇپ، ئانار دەرەخلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت ئىسمىنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان ھېلىقى ئىككى تۈپ نەۋقىران دەرەخنىڭمۇ بېشىغا چۈشتى. بۇ چاغدا ئەشۇ دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. رەھبەرنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، مەركىزىي شەھەرگە يۆتكەلگەن، ئۇنىڭ ئورنىنى بولسا، ئۆزىدىن خېلىلا ياش ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزى ئالاھىدە تەربىيىلەۋاتقان مۇئاۋىنى ئىگىلىگەنىدى. رەھبەر يۆتكىلىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ ئالدى-ئارقىسىدا كۆپ كىشىلەر يەرلىك ئورۇننىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە، قىياس، غۇلغۇلا قىلىشتىن خالىي بولالمىدى. بەزىلەر ئارىلىقتا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ تەقدىرىنىمۇ چاقچاق ئارىلاش تىلغا ئېلىشقان بولدى. ھېسسىياتلىق، ئەۋرىشىم بويلۇق، سىلىق-سىپايە يېڭى رەھبەر چوڭ يىغىنلاردا ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەھبەرنىڭ خىزمەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەسىرلىك نۇتۇقلار سۆزلىدى. ئۇ باشلىغان، ئورۇنلاشتۇرغان بىر مۇنچە ئاساسىي قۇرۇلۇش، سىناق، تەجرىبە خىزمەتلىرىنى ئەينەن داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەسىرلىك ۋەدىلەر بەردى. دەل ئۇ ئەشۇنداق ھاياجانلىق نۇتۇقلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنى سۆزلەۋاتقان بىر ئەتىگەنلىكى، ئورگان قورۇسىدا كۆكەرتىش خادىملىرى ئۈنسىز، داغدۇغىسىزلا بىر ئاددىي ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشتى. ئاللىقاچان بىكارلىنىپ، قايتىدىن تۈجۈپىلەپ راسلاپ قويۇلغان ئىككى ئورەككە ئىككى تۈپ سېرىن تىكىلدى.

يېڭى بىر باھار كەلدى. ئورگان قورۇسىدىكى بارلىق دەل-دەرەخلەر قاتارىدا، ئالدىنقى يىلى كۈزدە كېلىپ قونغان ئىككى تۈپ ياش سېرىن ئەستايىدىل پەرۋىشتىن يايراپ، كۆكلەپ-ياشناپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي دەسلەپكى سۆسۈن رەڭلىك، غۇژمەك-غۇژمەك ساپاقلار خۇش پۇراق تارقىتىپ، ئۆزلىرىگە كاتتا ئىناۋەت بەرگەن يېڭى رەھبەرنىڭ دىل بەھرىدەك ئېچىلىشتى ۋە ئورگان قورۇسىنى بىر رومانتىك تۇسكە بۆلەپ قويدى. بۇ پۇراق، بۇ تۇس كىشىلەرگە نۆۋەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ يېقىملىق، سىپايە ئوبرازىنىمۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىدىن-يېڭى ئىشلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنىمۇ بىلدۈرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى، بۇ شەھەردىكى كىشىلەر بولسا ئادەتلىنىپ كەتكەن سىزگۈلىرىگە ئاساسەن پات-پات «بۇ سېرىن گۈللەر بۇ يەردە قاچانغىچە تۇراركىن؟» دېيىشىپ قوياتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

## تۇرسۇنئاي ھۇسەين

## شېئىرلار

### خەقلەر

قاباھەتلىك چۇشتەك بىر كۈنى،
قىزىل قانغا بويالدى رەستە.
زەخمەت يېدى ياشانغان ئادەم،
زوۋان سۇردى تولىمۇ تەستە.

قۇتقۇزغۇچلار سىلەرنى سۆيگەن،
يازغۇچىمەن، - دېدى ئۇ ئىنسان.
تونۇمىدى ئاھ، ئۇنى ھېچكىم،
ھەسرەت بىلەن ئەدىب بەردى جان.

* *

رۇس يېرىدە، كىيۋدا يۇرسەم،
گۈلستانلار ئۇچرار ھەر سائەت.
شۇ گۈلزاردا چاقنىتىپ كۆزنى،
مىس ھەيكەللەر كېرىدۇ قامەت.

بىرى شائىر، بىرى يازغۇچى،
شۇ مىللەتنى كۆتۈرگەن كۆككە.
بىرى ئالىم، بىرى سەنئەتكار،
شۇ مىللەتنى تونۇتقان كۆپكە.

سۇرىتىنى ئاسىدۇ تۆرگە،
نەقىش قىلىپ ئويار ئىزناكقا.
سۆيۈنۈشكە چۇمۇلۇپ چەكسىز،
پەخىرلىنىپ تاقار كۆكرەككە.

ئەلگە شۆھرەت ئەكەلگەن زاتنىڭ
مۇزېيى بار قەدەم-قەدەمدە.
ئويغىتىدۇ ئىشەنچ ۋە ھۇرمەت
زىيارەتكە كەلگەن ئادەمدە.

يازغۇچىنى تونۇيدۇ خەقلەر،
ئالىملارنى بىلەر ئەلۋەتتە.
يوللىشىدۇ ھۇرمەت سالامىن
پىئونېرلار تىزىلىپ سەپكە.

### قورچاقلىرى ئۇنتۇلغان قىزچاق

كېتىپ بارار ئاپتوبۇس يۈگۈرۈپ،
داللارنى، دەرەخلەرنى ھەم
ئۆزى بىلەن بىرلىكتە سۆرەپ،
ئولتۇرىدۇ ئاق ساقال بوۋاي
ئۇخلاۋاتقان مومايىنى يۆلەپ
ۋە بەزىدە ئۆزىمۇ مۈگدەپ.

ئولتۇرىدۇ ئوماق بىر قىزچاق،
قوللىرىدا رەسىملىك كىتاب.

رەسىملەرنى كۆرۈپ-كۆرۈپ ئۇ،
زېرىككەندەك قويىدۇ ئەسنەپ.
شۆكلەپ قالدى (قىلمايدۇ شوخلۇق)
كېزەر خىيال بېشىدا شۇ تاپ.
ئاتا-ئانام يىراق-يىراقتا،
قىلارئىمىش ئالدىراش خىزمەت.
مېنى كۆندە كۆرۈپ كېتىشكە،
دەيمىش ئۇلار چىقمايدۇ پۇرسەت.
ئاپام بولسا توي قىلغان ئىمىش،
ئۇ داداشىنىڭ ئىسمى مىرەخمەت.
دادامنىڭ ھەم بالىسى بارمىش،
ئايالىنىڭ ئىسمى گۈلجەننەت.
مېنىڭ تاتلىق بوۋام، مومام بار.
مېنى ئۇلار سۆيىدۇ قەۋەت.
مەنمۇ بەكمۇ بەك...

قالدى ئۆيدە كىچىك پويىزىم،
تۆگە بىلەن ئاتلارنى سۆرەپ.
قالدى يەنە قورچاقلىرىممۇ،
مېنى ئىلدام يېنىپ كەلگىن دەپ.
ئاھ، ئۇلارنى كەلدى بەك كۆرگۈم،
بارغۇم كېلەر قېشىغا يۈگۈرۈپ،
يىغلىغۇممۇ كەلدى شۇ تاپتا،
توختىماي ھۆكىرەپ.

پۈرۈچ قورچاق قىزىم ئامىنەم
تۇرامدىكىن سېغىنىپ، يىغلاپ.
قارا چاچلىق ئوماق پاتىمەم
تۇرامدىكىن مېنىلا ئويلاپ.
كېپىنەكلىرىم، قوزىچاقلىرىم
ئوينىيالماس قىيغىتىپ، تاقلاپ.
ئاھ، ئۇلارنى قويدۇقۇ سولاپ،
قالار نېمە دەپ.

گۈيلامدىكىن ئويۇنچۇقلىرىم،
مېنىڭ ئامراق ئۇ قورچاقلىرىم.
بىزنى تاشلاپ نەگە كەتتى دەپ،
سېغىنغانىدەك مەنمۇ ئۇلارنى
يىغلىغاندۇ كۆرگۈم كەلدى دەپ،
بەلكىم ئېسەدەپ.

يىغلىۋەتتى ئاشۇ دەم قىزچاق
تۇتالماستىن ئۆزىنى ئەپلەپ.
ئۇزۇن يولدا چاپار ئاپتوبۇس
توپا، ئېدىر، تاغلارنى سۆرەپ.
ئولتۇرىدۇ ئاقساقال بوۋاي
نەۋرىسىنى سۆيۈپ پەپىلەپ.
موماي بولسا چايقىلار ئۈگدەپ،
قىزچاق ناخۇش،
تۈگەپ قالدى گەپ.

1995-يىل يانۋار

## تەبىئەت دوختۇرخانىسى

ئوت ئارىشانىڭ ئىچىدە يالقۇنجايدۇ ئوت،
قىزار ئۆي تونۇردەك ھۆل-ھۆلگە تولۇپ.
نان پىشار، سۇ قاينار تەپتىدىن ئۇنىڭ،
قاقلانساڭ ۋۇجۇدۇڭ ئاقار سۇ بولۇپ.

پۇت ئارىشانىڭ ئىچىدە قاقلىساڭ پۇتنى،
ئوت سالغان سەندەلدەك قىزىتار ئاۋۋال.
كەلسەڭ گەر تايىنىپ ھاسا تاياقتا،
كېتەردە ئىرغىتىپ تاشلايسەن دەرھال.

بەل ئارىشانىڭ تېمىنىڭ ئاراشلىرىدىن،
تۇرۇلۇپ، تۇرۇلۇپ چىقىدۇ يالقۇن.
يۆلەنسەڭ، قاقلانساڭ ئۇنىڭغا بىردەم،
ۋۇجۇدۇڭ ئوت بولار، يۈزلىرىڭ گۈلگۈن.

كىرسەڭ گەر ئىچىگە سىماب ئارىشاڭنىڭ،
ئاقار بىر ئىللىق سۇ بەئەينى سىماب.
ھەيدەيدۇ كېسەلنى تېنىڭدىن بىر-بىر،
ئالسىمۇ ۋۇجۇدنى ھەر قانچە چىرماپ.

كۆز ئارىشاڭ كۆزۈڭدەك مۆلدۈرلەپ باقار،
باش ئارىشاڭ بېشىڭغا ياقىدۇ شۇنداق.
قۇلىقىڭ ئىچىدىن تارتىدۇ دەردىنى،
قۇلاقتەك ئارىشاڭمۇ شىپالىق شۇنداق.

ئاجايىپ خىسلەتلىك دوختۇرخانىنى،
قۇدرەتلىك ئىگىسى ياراتقان شۇنداق.
پۇل دېمەس ۋە ياكى ئېگىز - پەس دېمەس،
ئايرىماس ئىنسانىنى تۇرلەرگە ئۇنداق.

ھەممىنى داۋالار (قويماس نائۇمىد)
ھەممىنىڭ رەنجىگە بولىدۇ شىپا.
ھەممىگە مېھرىبان ئانىدەك غەمخور،
ئاھ، ئاللا ياراتقان بۇ دوختۇرخانا.
1992-يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

**ئەخمەت ۋاھىدى**

## ئاي باللادىسى

**مۇقەددىمە**

نېمىشقا مۇڭلۇق ئۇ ئاسماندىكى ئاي؟
نېمىشقا ئالەمنى كېزىدۇ تىنماي؟
ئەجەپكى، كېچىنى ئەيلىسە كۈندۈز،
تەڭ بەھىر ئالىدۇ شاھ بىلەن گاداي.

نە سەۋەب يېرىم ئۇ، بەزىدە پۈتۈن،
ئۇ قاچان ئاسماندا بوپقالدى پەيدا؟
پارلايدۇ ھەقىقەت، ياغىدۇ ھېكمەت،
سۆزلەيمەن تىڭشىغىن، ئەي نۇرغا شەيدا.

1

ئالتۇن كۈز،
گۈگۈمدا ئۇگدەيدۇ يېزا،
كېسەلچان بوۋايدەك مۈكچەيگەن بېلى.
زالىمنىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ ئەتراپ،
ئۆچكەندەك ئالەمدە ھايات مەشئىلى.

ئايدىڭكۆل يېزىسى شەھەردىن يىراق،
بىر چېتى تەگرىتاغ، بىر چېتى قۇملۇق.
دېۋلەر قاقاقلار تەكلىماكاندا،
ھوقۇشلار تىلەيدۇ ھاياتقا شۇملۇق.

كىمخاب تون پۈركىنىپ ياتار ئايدىڭكۆل،
قاناتنى كەڭ يايغان سۇمۇرغدەك گويا.
زۇمرەت سۇ ھالال، پاك ئانا سۈتىدەك،
ياشنايدۇ ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىپ دۇنيا.

تىمتاس كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ يىگىت،
چىللايدۇ يارىنى مۇڭلۇق چېلىپ نەي.
گاھىدا ئاھ ئۇرۇپ تۆكەر يېشىنى،
گاھىدا ۋارقىراپ ھوشىنى بىلمەي؛

«كەلسەڭچۇ، ئەي مېنىڭ سۆيگەن نىگارىم،
تاقىتىم تاق بولدى يولۇڭغا قاراپ.
سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتەندى يۈرەك،
ۋە ياكى مەيلىمۇ مەن تارتسام ئازاب.

ھىدىڭنى پۈرايمەن باسقان ئىزىڭدىن،
مەست قىلدى سابادا قالدۇرغان تىنىق.

گۈللەردىن سورايمەن زىبالىقىڭنى،
چولپاندىن ھۆسنۈڭنى كۆرىمەن ئېنىق.

نېمىلەر ۋەجىدىن كەلمىدىڭ جېنىم،
يولۇڭنى توستىمۇ پالاكەت تېغى.
سۇغىرىپ تۇرمىساڭ مېھرىڭ سۈيىدە،
قاغجىراپ قالمامدۇ كۆڭلۈمنىڭ بېغى.

ئەجەبمۇ يامانكەن ئىشىق سەۋداسى،
كۈنۈ تۈن دەردىڭدە يۈرىمەن غەمناك.
بىلمىدىم تەگكەننى كىرىپىك ئوقلىرىڭ،
مەجنۇنمەن، يۈرىكىم ھىجرانىڭدا چاك.

ئېيتقىنا، ۋەدەڭدىن تاندىڭمۇ جېنىم،
ياكى بىر يالماۋۇز سالدىمۇ چاڭگال.
پادىچى يېتىم، دەپ كەلمىسەڭ بوپتۇ،
ئىشقىڭدا جان بېرەي، «ئۆزۈڭ بىلىپ قال.»

يېگانە كەپىدىن كېلىدۇ زۇۋان:
«يىغلىما، بىچارە ئاشىق بالام» ـ دەپ.
يىگىتنى بەزلەيدۇ پىچىرلاپ شامال:
«تاقەت قىل، كېلىدۇ يارىڭ سالام دەپ.»

نەغمىدىن توختايدۇ گۈلشەندە بۇلبۇل،
ياڭرىسا قومۇش نەي يېرىپ دالانى.
ئەل- ئىقلىم سۈكۈتتە سالىدۇ قۇلاق،
ئۇنتۇشۇپ جىمىكى دەردۇ بالانى.

ياڭرايدۇ توختىماي نەينىڭ ساداسى،
مۇڭىدا قالىدۇ تولۇنئاي مۈگدەپ.
سارايدا مەشۇقنىڭ كۆزلىرىدە ياش،
يىغلايدۇ ۋاپادار يارىنى ئەسلەپ.

2

بار ئىدى بىر شاھنىڭ چىرايلىق قىزى،
ئايدىڭكۆل بويىدا ـ قەدىمكى يۇرتتا.
خۇلغۇلا سېلىپ شۇ قىزنىڭ جامالى،
ئىشقىدا ئۇرغۇن جان كۆيەتتى ئوتتا.

شۇلارنىڭ بىرى دەل ۋەزىرنىڭ ئوغلى،
ئۇزاقتىن ئايگۈلگە كۆيەتتى جاندىن.
كۈيئوغۇل بولسا ئۇ شاھقا ئۆزىچە،
شاھلىق تەختىنى ئالاتتى ئاندىن.

بىر تۇغقان بولغاندەك دان بىلەن سامان،
ھەر جايدا بار ئىكەن ياخشىغا يامان.
بىرلىرى ۋەتەن دەپ كەچسە جېنىدىن،
بىرلىرى خەلقنى يەيدىكەن ھامان.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى تاز، كەتكەن تەييار تاپ،
يۈرۈيدۇ ئوردىنى بېشىغا كىيىپ.
سەلتەنەت كۈچىدىن بولۇپ پالانى،
شۈنچىلىك ھاكاۋۇر يۈرەر گىدىيىپ.

بۆك دېسە ئاتىسى كېسەتتى باشنى،
سۈيىقەست پىلانلاپ شېرىن تەمەدە.
دەريانى لېيىتىپ تۇتۇشقا بېلىق،
پەيت كۈتۈپ تۈلكىدەك ياتتى كاماردا.

ئۇخلىدى سۇ، لېكىن ئۇخلىمىدى ئۇ،
كۆڭلىگە پۈكۈپ بىر رەزىل نىشاننى.
مەرىپەت يۈزىگە چاپلىدى قارا،
پىر تۇتۇپ ئۆزىگە سوپى - ئىشاننى.

ھەيۋەتلىك سارايدا ئۇزۇلمەس كېڭەش،
ئايگۈلگە تاللىشىپ مۇناسىپ لايىق.
نى كاتتا ئەلچىلەر قايتتى جاۋابسىز،
سۆز -چۆچەك قىلاتتى ئاڭلاپ خالايىق:

- ئايگۈل بىر مالچىغا كۆيۈپ قاپتۇمىش،
ئايدىڭگۈل بويىدا تېپىشىپ پات -پات.
كۆنمەسمىش قىزنىڭ تەلىپىگە شاھ،
قىز مالچى دەردىدە چېكەرمىش پەرياد.

شاھ دەيمىش، كۆيئوغۇل بولسا پادىچى،
ئەمەسمۇ شاھ دېگەن ئابروييۇمغا سەت.
قوغلاڭلار پادىچى سولتەكنى يۇرتتىن،
ئايگۈلنى قىلىڭلار مەڭگۈ نەزەربەنت!

ئانىسى دەيمىش: شاھ ئېيتىمدۇ دۇرۇس،
مال - دۇنيا ئىگىسى يىگىت ئاخۇنبەگ.
قىز دەيمىش، غەزەپتىن ئوغىسى قايناپ،.
ئۇ ماڭا ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ پەسەنت .

- قىز تاپقان كىشىگە نە ئات، نە نومۇس،
ئاي ئۆتتى شاھنىڭ بېشى قاتقىلى.
قاچارمىش قىز تېخى پادىچى بىلەن،
جاھاننىڭ چېتىدىن ماكان تاپقىلى.

* *

پىژىلداپ كۆيسىمۇ قىزنىڭ يۈرىكى،
ئۆيىدىن چىقىشقا تاپالماس چارە.
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلەر ھەر كۈنى كەچتە،
قىزنىڭ دەردىدە ئانا بىچارە.

ئاخشىمى ئىشىك -رام ئېتىلگەن مەھكەم،
ھويلا، باغ تاملىرى سېپىلدەك ئېگىز.
ئولتۇرار پەيلىرى قىرقىلغان قۇشتەك،
ئىجازەت ئالالماي ئانىسىدىن قىز.

قومۇش نەي ياڭرىسا شامۇ سەھەردە،
قىيامەت دەھشىتى سېزىدۇ ئۇ شاھ.
سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىپ قىزى،
خورسىنىپ ئۆرىدۇ بىردەمدە مىڭ ئاھ.

«جەننەتتەك سارايلار كۆركەم، ئازادە،
ئالتۇن - زەر قولىدا، كىيىمى پۇزۇر.
قىزىنىڭ كۆڭلى خەش كۆلمەيدۇ پەقەت،
يىغلايدۇ نېمىشقا سۇرەلمەي ھوزۇر؟»

نەچچە رەت ئېيىقتەك ھۆركىرىدى شاھ،
نەچچە رەت بۆلۈنتەك گۈركىرىدى شاھ.
بالىنىڭ دەردىگە چىدامدۇ ئاتا،
(بۇنىڭغا ئەزەلدىن كەتمەيدۇ ئىزاھ.)

ئۆتمىدى نەسىھەت، ئۆتمىدى دۇئا،
باخشىلار، داخانلار كەلمىدى كارغا.
ئاقىۋەت يىگىتنى كۆرۈپ باقاي دەپ،
شاھ، ۋەزىر ئاتايىن چىقتى شىكارغا.

* *

ئاي كۆلگەن، كۈن كۆلگەن تارىم بويىدا،
بار ئىدى يىگىتنىڭ غېرىب كەپىسى.
ئولتۇرار ئىدى چاق ئىگىرىپ ئانا،
ئاڭلاندى ئاتلارنىڭ تۇياق شەپىسى.

ئانىنىڭ بېشىدىن چىقتى ئىس-تۈتەك،
كىرگەندە ھويلىغا ئاتلىقلار بېسىپ.
كىبلەرمۇ پىشكەللىك ئوغلى بېشىغا،
بولامدۇ ياكى بىر ئۆلۈغلۈق نىسىپ.

«مېھمانلار» كىردىيۇ بولۇشتى ھاڭ-تاڭ،
ئۇرۇلۇپ دىماغقا ئەتىرنىڭ ھىدى.
مومايمۇ گاڭگىراپ كۆلۈپ زورمۇزور،
كېلىڭلار مېھمانلار، مەرھابا — دېدى.

«مېھمانلار» شۇنچىلىك سىرلىق-سىپايە،
قاراشتى بىر ھازا تالغا-باراڭغا.
مەرۋايىت ئۆزۈمگە تەككۈزۈپ ئېغىز،
ئولتۇرۇپ سۇپىغا چوشتى پاراڭغا:

شاھ دېدى: ئەجەبمۇ ئوخشاپتۇ ئۈزۈم،
ئېيتسىلا، قېنى شۇ باغۇەن ئەرلىرى؟
- ئېرىم يوق، ئوغلۇم بار، - دېدى موماي شاد، -
مېۋىنى ئوخشاتقان ئالتۇن تەرلىرى.

- يىراقتىن كەلگەن بىر كۆچمەنمۇ سىلەر،
ۋە ياكى بۇ يۇرتتا بارمۇ ئەزەلدىن؟
- قەدىمكى ئايدىڭكۆل ئەۋلادلىرى بىز،
سۇ ئىچىپ كۆكلەيمىز ئۇسسۇل، غەزەلدىن.

- ئۇنداقتا، قېنى شۇ غەزەلچى يىگىت،
ئاڭلايلى چاپسانراق مۇقامدىن پەدە.
- بىر پارچە نان ئۈچۈن كەتكەنتى ئوغلۇم،
مال بېقىپ يۈرۈيدۇ يىراق بىر يەردە.

- يىگىتنى ئېلىپ كەل، - دېدى شاھ شۇئان،
ئىككىسى شامالدەك كېتىشتى ئاتلىق.
مومايىنىڭ كۆڭلىگە بەرمەيتتى ئارام،
ئۇستۇنلۇك تالىشىپ قايغۇ ۋە شادلىق.

- جەننەتكەن بۇ ھويلا، - دېدى شاھ كۈلۈپ،
گۈللەرنى ئارىلاپ، ئۈزۈم يېگۈچە.
گاڭگىراش ئىلكىدىن قۇتۇلدى موماي،
كېپقالدى ئوغلىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە.

- ئەسسالام! - دەپ يىگىت ئېگىلدى شاھقا،
قول بەردى شاھ تۇرۇپ ئۆز ئورنىدىن دەس.
يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ئۇزاق،
پاراسەت بابىدىن ئاڭلىغاندەك دەرس.

قىرانلىق چېغىنى ئەسلەتتى شاھقا،
يىگىتنىڭ قاپقارا يۇمران بۇرۇتى.
دالالەت قىلاتتى ئىنسابقا شاھنى،
مومايىنىڭ ئوقۇغان ئايەت-دۇرۇتى.

يىگىتنىڭ قولىنى قىسقىنىدا شاھ،
قول ئەمەس، خۇددى چوغ-گۈلخان تۇيۇلدى.
ئىنسانلىق تەختىگە چىقتى ئىمانى،
كۆڭلىگە مۇھەببەت، ئىنساپ قويۇلدى.

«مېھمان» نىڭ خۇش چىراي تەكلىپى بىلەن،
ياڭرىدى پەلەككە قومۇش نەي ئۈنى.
تونۇتتى «مېھمان» غا يىگىتنى ئېنىق،
قۇلاققا ئۇزاقتىن تونۇش نەي ئۈنى.

تۇراتتى داپ، دۇتار، تەمبۇر ۋە قالۇن،
«مېھمان» لار ئالدىدا تىزىلىپ قاتار.
شام كەبى ئېرىدى شاھنىڭ يۈرىكى،
يىگىتنىڭ قولىدا سايرىسا ساتار.

پۇشۇلداپ ئولتۇرار ۋەزىر يۇمۇپ كۆز،
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۆزىنى دەڭسەپ.
ياقامدۇ ئىت يۈرەك مەخلۇققا غەزەل،
ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەۋزەلى مەنسەپ.

چەببىيات، راك، ئەجەم، ناۋا مۇقامى،
ئۇزۇلمەي پەلەكتە كەتتى جاراڭلاپ.
- ياشاپ كەت ئوغلۇم، - دەپ ۋارقىرىدى شاھ،
ھاياجان ئىلكىدە ناخشىنى ئاڭلاپ.

قىزىنىڭ ئاشىقى نەيچى يىگىتكەن،
دېدى شاھ كۆڭلىدىن قوغلاپ گۇمانىنى.
يىگىتمۇ «مېھمان» نى بىلدى قەلبىدە،
پارلىدى بىر قۇياش يېرىپ تۇمانىنى.

ناخشىنىڭ مۇڭىدىن سېھىرلەندى شاھ،
بىلىندى قىزىغا ئۇيدە كەم نەرسە.
مۇھەببەت ئۇلۇغكەن، دېدى كۆڭلىدە،
مەيلىلا قىزىمغا كەم لايىق كەلسە.

يېقىملىق ساپ ھاۋا، جىمجىت، گۈزەللىك،
بېھىشكەن ئەجەب بۇ يوقسۇلنىڭ ئۆيى.
ھېلىمۇ بۇ دەردكە چىداپتۇ قىزىم،
مېنىمۇ كۆيدۈردى مۇقامنىڭ كۈيى.

كۈيئوغلۇم بولسا شۇ مۇقامچى يىگىت،
مېنىڭدىن ئۆلگىچە رازى قىزىممۇ.
ئۇلارغا قالدۇرسام مالۇ مۈلكۈمنى،
جاھاندا كۆمۈلمەس باسقان ئىزىممۇ.

بايلىققا كۆمۈلدۈم، غەمگە چۆمۈلدۈم.
بىر ئوغۇل پەرزەنتنى بەرمەي خۇدايىم.
خىزىردەك يىگىتكە ئېرىشتىم بۈگۈن،
بىكارغا كەتمەپتۇ قىلغان دۇئايىم.

شۇ پىكىر چاقنىدى شاھنىڭ كۆڭلىدە،
پورەكلەپ يۈرەكتە ئىنسابنىڭ گۈلى.
ئېچىلىپ يىگىتكە ۋاپا قۇچىقى،
سايرىدى خوش ناۋا ئۈمىد بۇلبۇلى.

3

ۋەزىرنىڭ ئىچىدە قاينىدى ئوغا،
ئولتۇردى يىگىتكە نەپرەت ياغدۇرۇپ.
دېدىكى: ئۇندۇرۇپ تۇخۇملارغا تۇلۇك،
ئۇردىنى قان قىلاي شاھنى ئاغدۇرۇپ.

ئىلاھا قولۇمغا بەرگەيسەن مەددەت،
شاھنىڭ مېڭىسىدىن چىقىراي تۇتۇن.
ئوغلۇمغا ئەپ بېرىپ قىزى ئايگۈلنى،
جىمىكى بايلىقنى يۇتاي مەن پۈتۈن.

ئولتۇرار مۇڭلىنىپ ئانا بىر چەتتە،
تومەنىڭ غەم بىلەن يۈرىكى سىلىپ.
- بۇ قانداق كىشىلەر؟ - دەيتتى ئىچىدە، -
شۇ يالغۇز ئوغلۇمنى كېتەرمۇ ئېلىپ؟

شاھ دېدى يىگىتكە:
ئاتاڭغا رەھمەت!
پېشاناڭ ئوڭ ئىكەن، مېنىڭ بىلەن كەت.
رازىمەن بولۇشقا ساڭا باشپاناھ،
قۇتۇلۇپ كەمبىدىن مۇرادىڭغا يەت.

شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ئانا،
ياش تۆكۈپ باھارنىڭ يامغۇرسىمان.
ئوغلۇمدىن ئايرىلسام ئۆلىمەن، - دېدى،
چۆرگىلەپ ئالدىدا يەر بىلەن ئاسمان.

- مىڭ رەھمەت شاھ ئاتا، - دېدى يىگىتمۇ،
ھۆرمەتتە قولىنى ئېلىپ كۆكسىگە. -
ئەل-يۇرتتىن ئايرىلماي ياشايمەن بىللە،
مېھرىبان ئانامنىڭ يېتىپ قەدرىگە.

يالۋۇرۇپ دېدى: شاھ نادانلىق قىلما،
بۇلبۇلدەك ناۋا قىل بېھىش بېغىمدا.
مىراس قىپ قالدۇراي تەختى-بەختىمنى،
مەن ئۆلۈپ كۆزۈمنى يۇمغان چېغىمدا.

- ياش تۆكۈپ خۇداغا نالە قىلمامدۇ،
قەپەسنىڭ ئىچىدە سايرىغان بۇلبۇل.
ھۆرلۈكۈم ئەلادۇر تاجۇ تەختتىن،
قۇرۇيدۇ بەرگىدىن ئۈزۈلگەندە گۈل.

ھەسرەتتە ئۆلەمدۇ ئانام بىچارە،
سارايغا كەتسەممەن كەمبىدىن كۆچۈپ.
چەيلىنىپ كېنىدىك قان تۆكۈلگەن تۇپراق،
قالامدۇ ئاتامنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ؟

ئەجەلنىڭ قولىدا يىقىلغان ئاتام،
سازلارنى ئۆگىتىپ قىلغان ۋەسىيەت.
ئاناڭدىن ئايرىلما دېگەنتى ماڭا،
ھېلىمۇ يادىمدا قىلغان نەسىھەت.

قوزغالدى شاھ ئۇزاق دۇئادىن كېيىن،
بىر ئۇلۇغ ئارمانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.
ئانىنىڭ يۈرىكى چۈشتى ئىزىغا،
ئۇزاتتى «مېھمان»نى خىيالغا چۆكۈپ.

4

قايتتى شاھ شىكاردىن ئالغاندەك شەھەر،
پاكلاندى ۋۇجۇدى، قۇتۇلدى غەمدىن.
جاكارلاپ شىكارنىڭ خاسىيىتىنى،
قىزنىڭ كۆزىنى قۇرۇتتى نەمدىن.

باشلاندى ئوردىدا توي تەييارلىقى،
يىتنىنى تۈگەتتى مەسلىھەت چېيى.
قۇربان ھېيت تاللاندى توي ۋاقتى ئۈچۈن،
(جىمى جان كۆكلىگەن نورۇزنىڭ ئېيى.)

— ئاشىقلار ئىچمەكچى ۋىسال شەربىتى!
خوش خەۋەر تاراتتى جىلغۇدار سابا.
مۇھەببەت تېگىدىن ئويغاندى زېمىن،
بۇلبۇللار گۈلشەندە دېدى: مەرھابا!

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ئاي، كېپقالدى نورۇز،
كۆتۈرۈپ مۇبارەك ۋىسال جامىنى.
كۆيمەكتە قوش يۈرەك چاپچىتىپ يالقۇن،
مۇھەببەت پەرلەپ چىن ھايات شامىنى.

مىڭ ئەپسۇس، ئامەتكە پىشكەللىك يېقىن،
تىكىنى بولغاندەك خوش پۇراق گۈلنىڭ.
ئېشەكلەر ھاڭرايدۇ ئەركىن دالىدا،
ئەجەبكى، تار قەپەس جايى بۇلبۇلنىڭ.

جان بەرگەن پەرھاتمۇ شېرىن ئىشقىدا،
تاھىرمۇ زۆھرە دەپ ئاققانتى سۇدا.
لەيلىنىڭ دەردىدە مەجنۇن يۇمدى كۆز،
بۈيۈك قىپ ياراتقان سۆيگۈنى خۇدا.

ئاخشىمى ئاسماندا كۆرۈنمىگەچ ئاي،
سۇرۇلدى كەينىگە ھېيت نامىزى.
قاناتتى يۈرىكىنى تەقدىر چاقچىقى،
تەگكەندە ئاشقا بىر يېتىمنىڭ ئاغزى.

ئايدىڭكۆل ئاسمىنى قاپقارالغۇ كۆز،
ئاشىقلار ئولتۇرار كۆزلىرىدە نەم.
خۇدادىن تىلەيتتى ئاينىڭ نۇرىنى،
پەرىشان يۈزلەردىن تۆكۈلەتتى غەم.

جامائەت خۇداغا قىلار ئىلتىجا،
تەڭرىتاغ بېشىغا كىيدى ئاق لىچەك.
كۆل يىغلاپ ياتاتتى زارىقىپ نۇرغا،
تارىممۇ دەۋرەيتتى چېچىپ ئاق چېچەك.

كەلدىدە شۇ چاغدا بىر توپ قاراقچى،
يىگىتنى چىڭ باغلاپ تېرەككە ئاستى.
باشلاندى ئايكۆلگە تۇتقۇنلۇق ھايات،
بۇ يۇرتنى جاھالەت، قورقۇنچ باستى.

* *

يۇلتۇزلار ئىچىندى يېشىنى تۆكۈپ،
ھەسرەتلىك ئايدىڭكۆل يىگىت-قىزىغا.
ئاشىقنىڭ دەردىنى تىڭشىدى جاھان،
تەڭرىتاغ سىلكىنىپ چۈشتى ئىزىغا.

يىگىت دەر: ئەلۋىدا ئەي جان-جىگىرىم،
مەن كېتەي دۇنيادىن، سەن تاپقىن ئارام.
نە كېرەك بۇ ھايات ماڭا سېنىڭسىز،
كىيگىنىم كېپەندۇر، يېگىنىم ھارام.

قاراقچى دېدى: كىم ئازدۇردى سېنى،
نېمىشقا تاللىدىڭ شەيتان يولىنى؟
يىگىت دەر: جۆيلىمە، ۋىجدانىم بىلەن
سۇغاردىم مۇقامنىڭ قىزىلگۈلىنى.

قاراقچى دېدىكى: شەيتانۇ جىنسەن،
يات بىزنىڭ يوسۇنغا ئۇسسۇل ۋە غەزەل.
يىگىت دەر: ئەقلىڭگە مىنىپتۇ ئىبشەك،
ئۇسسۇل ۋە غەزەلسىز ئۆلگىنىم ئەۋزەل.

قاراقچى دېدى: خوپ كۆرمىگەچ خۇدا،
دەھشەتتە قالدى يۇرت، كۆرۈنمىدى ئاي.
يىگىت دەر: زۇلمەتنى كۆرمەستىن راۋا،
ئاي يۇمدى كۆزىنى دەردكە چىدالماي.

ئايلاندى ياۋۇزغا شۇئان قاراقچى،
ئۇنىڭ سۆز دەسمىيى چىقتى غالتەككە.
مات بولغان شەرمەندە جاللات ئاخىرى،
تاياندى توخماقۇ نەيزە-كالتەككە.

يىگىتنىڭ باش- كۆزى بويالدى قانغا،
ۋە لېكىن كۈچ بەردى ئاخىرقى تىنىق.
يىگىتنىڭ زۇۋانى گۈلدۈرمامىدەك
ياڭرىدى، جاھانغا ئاڭلاندى ئېنىق:

- يامانغا يان تاياق، ياخشىغا قاماق،
مىڭ لەنەت، ئەي تەتۈر، كۆزى يوق پەلەك.
ئاھ، دېدۇق زۇلمىڭغا بىرەلمەي چىداش،
بىگۇناھ قانلارغا سۆزى يوق پەلەك!

ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتەي مەن بۈگۈن،
ئەلۋىدا ئەل-يۇرتۇم، ئەلۋىدا ئانا!
رازى بول ئەي مېنى سۆيگەن گۈل مەشۇق،
سەن ئۈچۈن ياشىدىم، قان تۆكتۇم مانا.

ئاي دېسەم ئاغزىڭ بار، كۈن دېسەم كۆزۈڭ،
جىمىكى گۈزەلگە ئۆزۈڭ مۇئەللىم.
مەن ئۈچۈن ياش تۆكمەي ياشا خاتىرجەم،
ئۆزۈڭنى شۇنداق دەپ بىرەتتىڭ تەلىم.

قەھرىم ئوت مۇھەببەت جاللاتلىرىغا،
كۆزۈمنى ئويساڭمۇ تۆكۈلمەيدۇ ياش.
مەن كەتتىم ئارماندا نۇرغا زارىقىپ،
سالام، ئەي ئەتىكى پىغانلىق قۇياش!

* *

توزۇتتى گۈلنى ئاشىق-مەشۇقنىڭ،
مۇھەببەت بېغىدا ئۈنۈپ شۇم بۇيا.
ئايگۈلنى زورلىدى ۋەزىر ئوغلىغا،
ئاھ، تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك گويا.

قىرىق بىر كېچىنىڭ ئاخىرقىسى ئەڭ،
قىز بىر يول تاللىدى بولغاندا تۈن تەڭ.
قاچتى ئۇ ئوردىدىن دېدەك سۈرەتتە،
ھاياتتا ھاياتچۈن قىزىماقتا جەڭ.

قالدى تەخت، ئانىسى، قالدى ئالتۇن-زەر،
ئۆلۈمدىن باشقىسى كەلمىدى ئەسكە.
جاھالەت قاپلىغان مۇدھىش زاماندا،
مەشۇققا ئۆلۈممۇ چۈشمەكتە تەسكە.

يالاڭىياق پۇتلاردىن قالدى قان ئىزى،
ھەر گىياھ، ھەر تاشقا ئاققۇزدى كۆپ ياش.
قۇچاقلاپ سۆيدى يار ياتقان تۇپراقنى،
نالىلەر دەستىدىن ئېرىپ كەتتى تاش.

— ۋىجداندىن تۆرەلگەن يىگىت ئىدىڭ سەن،
ئۆمۈرلۈك شەپقەتچىم، ماڭا پىر-ئۇستاز.
بايلىقىم، شادلىقىم، غۇرۇرۇم ئىدىڭ،
سۆيگىنىڭ ئەل ۋەتەن، جېنىڭ ناخشا-ساز.

ۋە لېكىن مۇرادقا يەتمىدۇق تىرىك،
زالىملار روھقىمۇ سالغاچقا كىشەن.
ناپاكنىڭ يۈزىگە قارىغىچە تىنىك،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى، ئىشەنگىن ئىشەن!

قېنىسەن، ئانا يەر، ئاچقىن قوينۇڭنى،
ياتايمەن نەم قۇمغا كۆزلىرىم تولۇپ.
ئۆنەيلى قىزىلگۈل بولۇپ ئىككىمىز،
زېمىندا قالسۇن قان شاھىدى بولۇپ.

ياق، چىقاي ئاسمانغا، كۆرەي ئەلنى تەڭ،
كۆلنىمۇ ياۋۇزلار قىلار دەپسەندە.
نۇر چاچاي ئاي بولۇپ ھەممىگە ئوخشاش،
جاھاننىڭ ھۆسنىگە بولۇپ پەيۋەندە.

توختىدى تونۇش كۆل بويىدا ئايگۈل،
ئەتراپقا بىر ھازا قاراپ كەتتى ئۇ.
خوش دېدى ئۆزىنى تاشلىدى كۆلگە،
سۇ ئىچرە نۇر بولۇپ تاراپ كەتتى ئۇ.

* *

نورۇزمۇ ئۆتتى مۇڭ - ھەسرەتلەر بىلەن،
ياڭرىماي سۇناي ۋە ناغرىنىڭ كۈيى.
پىتنىخور دېدىكى: خالىماي خۇدا،
ماتەمگە ئايلاندى مالچىنىڭ تويى.

قاپلىدى يىغا-زار، باشلاندى قاچ-قاچ،
ئايدىڭكۆل يېزىسى بولدى تار قەپەس.
بۇ يۇرتتا ياشماق بولدى چوڭ گۇناھ،
يۈرەكلەر مۇجۇلۇپ، بوغۇلدى نەپەس.

بىر كۈنى ئاخشىمى شەپەق قىزارماي،
شۇ كۆلنىڭ ئىچىدىن كۆتۈرۈلدى ئاي.
چۇقانلار سېلىشتى بۇ كارامەتكە،
ئەل-ئاۋام شادلىقى يۈرەككە پاتماي.

بەئەينى كۈندۈزدەك يورىدى ئەتراپ،
تەبرىكلەپ كىشىلەر كەلدى يىراقتىن.
كۆرگەنلەر دېدىكى: قاراڭلار ئەنە،
كۆلدىنمۇ ئاي چىقتى ئىشقى-پىراقتىن.

ئاي ئەمەس، نۇر چاچار كۆلدە بىر پەرى،
نۇر بىلەن سۇمبۇلدەك چېچىنى تاراپ.
قولىدا قومۇش نەي ياردىن قالغان،
قاقاقلاپ كۈلەتتى ئىنسانغا قاراپ.

كۈلكىسى پەلەكنى ياردى قىلىچتەك،
ساداسى سامادا كەتتى جاراڭلاپ.
ئەسلى ئۇ مالچىنىڭ مەشۇقى ئايگۈل،
تىرىلگەن ئەل-يۇرتنىڭ زارىنى ئاڭلاپ.

ئۇ كۈلگەن پېتچە چىقتى ئاسمانغا،
بۇ كەڭرى زېمىننى نەپرەتكە كۆمۈپ.
ئىزدىدى توختىماي كېزىپ ئالەمنى،
يارىنىڭ ئىشقىدا ھەسرەتكە چۆمۈپ.

ئاھ، ئاشىق زېمىندا، مەشۇق ئاسماندا،
ئايرىدى ئەركىدىن قان تامغان قىلىچ.
نەپرەتلەر ياغدۇرۇپ زۇلمەت تەختىگە،
دەريالار چايقىلىپ تۇرمايدۇ تىنچ.

كۆل سۈيى ئايلىنىپ ئابىزەمزەمگە،
ياشنىدى، گۈللىدى، جان كىردى چۆلگە.
تارىلىپ جاھانغا ئاشىق قىسسىسى،
ئايدىڭكۆل دېگەن نام سىڭگەن بۇ كۆلگە.

**خاتىمە**

نەئايكى، جاھاننى كېزىپ ھارمىغان،
زېمىنغا پاتمىغان ئۇيغۇر قىزى ئۇ.
كىم دەيدۇ، يولىنى سامان يولى دەپ،
يارىنى ئىزدىگەن قىزنىڭ ئىزى ئۇ.

نە يۇلتۇز، تۈنلەردە زېمىنگە باققان،
سۆيگۈدىن يارالغان قىزنىڭ كۆزى ئۇ.
كېپەنسىز يارىنىڭ داۋا-دەردىنى،
شىكايەت ئەيلىگەن قىزنىڭ ئۆزى ئۇ.

1995-يىل 8-ئىيۇل، ئاقسۇ

ئەلئەت قادىرى

# بولسام ئاقلىق، پاكلىق مىسالى

## كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم

قان تۆكمەكتە دولقۇنلارغا جۇلالىق،
چوققىلاردا سۇنۇپ قالغان شەپەقلەر.
يورىماقتا بىر - ئىككىدىن قەۋەتلەر،
ھەر رۇجەكتە بىردىن يۈرەك ئوراقلىق.

باردى ئىزلار بىر - ئىككىدىن كۆپىيىپ،
خاتىرىلەر بۇندا يەنە نۇرلاندى.
ئاق تۆشەكتە تەنھا قەلب ئويغاندى،
كىرپىكىدىن تارام يۇلتۇز ئۈزۈلۈپ.

ئىشىك چېكىپ يۈرەر پەقەت قەسىمىم،
چېچىمىڭ ياتار چۇشلىرىڭگە ئىلىنىپ،
تۇزار خىيال شامالدىرەك سىلىكىپ،
ئۇخلىمايدۇ كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم.

## ئاق قار

ئېيتقىن، چۈشەپ قالغانمىدىڭ ئاق قارنى،
شەپىسىزلا ئويغىنىپتۇ ئاق ئالەم.
سەن تۇغۇلدۇڭ ئاق دۇنيادا ئاق لالەم،
كىم يوق دەيدۇ قار ئاستىدا باھارنى.

يۇزلىرىڭنى سۆيسە قارلار بىلىنمەس،
يۈرىكىڭگە سىغماي قالدى شادلىقى.
لېكىن ماڭا لازىم قارنىڭ ئاقلىقى،
پەسىل بويلاپ ئۆچمەس ھەمدە ئېرىمەس.

* *

تۇنجى قىش ۋە تۇنجى سەھەر، تۇنجى قار،
ئويغىتىدۇ يۈرەكلەردە ئوت - باھار
بولغاچقا ئۇ پاك دۇنيانىڭ سىماسى،
ياغسام دەيمەن تۇنجى قاردەك چۈشۈڭگە،
ياغسام دەيمەن تامىلىرىڭغا - تۆيۈڭگە،
بولۇپ قالسام پاكلىق، ئاقلىق مىسالى.



## ماقالىلەر

**چېن خۇگبو**

# ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرەيلى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاچقان چاغدا ئىجادىيەت يىغىنى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت پىلانى يىغىنىنى چاقىردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش دۇەن تۇڭخۇا يىغىندا چاغدا ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يازغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇلتۇرقى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى، بۇ يىللىق ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق ئىجادىيەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى، ئىجادىيەتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى.

مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق كوپچىلىك ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىغا پائال ئاتلىنىپ، سەرخىل ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى كۈچلۈك ياڭراتتى. مەيلى تېما، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتە بولسۇن ياكى دەۋر تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىش، چېگرا رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشتە بولسۇن، مەلۇم يېڭىلىق ياراتتى ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلدى. دەۋر روھى ئىپادىلەنگەن، قەھرىمان شەخسلەر مەدھىيىلەنگەن، كىشىلەرنى تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىغا ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 80 رومانى، 76 پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، 60 نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى، 108 شېئىرلار توپلىمى، 39 ئوبزور توپلىمى نەشر قىلىندى. كەسپىي يازغۇچىلىرىمىز ئىدىيىۋى، بەدىئىي سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ كۆرسىتىپ، ئەدەبىي

ئىجادىيەتتە تايانچلىق رول ئوينىدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى 12 كەسپىي يازغۇچى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا 13 رومان، 28 پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، 31 شېئىرلار توپلىمى، توققۇز كىنو-تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى نەشر قىلدۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار. بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشقا، ئاساسىي قاتلامغا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. تەسىرى چوڭراق، ئاپتونوم رايونىمىز، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس. خىزمەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرمىللەت ئەدەبىياتچىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش تارا يېتەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى يېقىنقى بىللاردىن بېرى ئاجىزلىشىپ قالدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت - ئالىيجاناب خىزمەت. ئۇ خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ سەرخىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش دەۋرنىڭ تەلىپى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى. بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رومان، كىنو-تېلېۋىزىيە ۋە بالىلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەسەر ئىجادىيىتىنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن بېرى ئېلىمىز ئىقتىسادى مىسلىسىز گۈللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جەمئىيەتتىكى چوڭ ئۆزگىرىش، ئىقتىسادتىكى زور گۈللىنىش مۇقەررەر سۈرەتتە ئەدەبىيات ئىشلىرىغا چوڭ ئۆزگىرىش ۋە زور گۈللىنىش ئاتا قىلىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ كەڭلىكى ھەم چوڭقۇرلۇقى ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئىنتايىن مول تۇرمۇش ئاساسىنى سېلىپ بەردى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بىز بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋرگە مۇناسىپ ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، زاۋۇت، يېزىلارغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇرچۆكۈشى كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايىگە، ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھىغا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلەش كېرەك. مۇشۇنداق يېڭى كىشىلەر ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاساسىي مۇقامىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش، يەنى ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مەدھىيىلەش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە

روھنى مەدھىيىلەش؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، خەلققە بەخت يارىتىشقا پايدىلىق ئىدىيە ۋە روھنى، ھالال ئەمگەكنى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش ياراتقانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە روھىنى مەدھىيىلەش كېرەك.

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ئىشى، شۇنداقلا ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان كونا مەسىلە. نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە بۇ كونا مەسىلىمۇ يېڭى مەزمۇنغا ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇشى، يازغۇچىلىرىمىز ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشى، داۋاملىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ۋەزىيەتتە، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىز تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە يەنىلا ئىلگىرىكى كونا شەكىل، كونا ئۇسۇل، كونا كۆزقاراش بىلەن مۇئامىلە قىلساق ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كېتىمىز، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. شۇڭا كەسپىي يازغۇچىلىرىمىزدىن بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتتە يېڭى بىر يول ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنى، كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، ئىدىيىۋى تونۇش سەۋىيىسى بىلەن كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇشى، يېڭى ۋەزىيەتكە ئىدىيە جەھەتتىن يېتىشتۈرۈلۈشى كېرەك.

ياخشى ئەسەر، سەر خىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىمىز دېسەك، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە، ھەر مىللەت يازغۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شەنشى ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە يازغۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە «ئۈچتە بىر قۇرۇلۇشى»نى ئوبدان تۇتۇشنى، يەنى مەملىكەت بويىچە داڭلىق يازغۇچىدىن ئون نەچچىنى، ئۆلكە بويىچە داڭلىق يازغۇچىدىن يۈز نەچچىنى، ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە داڭلىق يازغۇچىدىن 1000دىن ئارتۇقنى يېتىشتۈرۈشنى، بولۇپمۇ ياش يازغۇچىلارنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر بىزمۇ شەنشى ئۆلكىسىگە ئوخشاش ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە مەملىكىتىمىز، ئاپتونوم رايونىمىز، ۋىلايەت، ناھىيىلەر بويىچە داڭلىق بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىساق، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە شىنجاڭدا ھەر مىللەت ياش يازغۇچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان زور يازغۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىققىلى، ئەدەبىيات ساھەمىزدە كىشىلەر ئالقىشلايدىغان بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىمىز ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ مەخسۇس خىراجىتىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھەمدە باشقا كىرىملەر ئارقىلىق ئىجادىيەت خىراجىتىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرنەچچە

يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات فوندىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ 1 مىليون يۈەن ئەدەبىيات فوندى ئاجرىتىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئالاقىدار ئورۇنلار، كارخانىلار بىلەن كەسپىي ياكى كارخانا ئەدەبىي ئىجادىيەت فوندى بەرپا قىلىش. شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت خىراجىتىنىڭ مەنبەسىنى بىر قەدەر مۇقىم، ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، يىلىغا 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، مەملىكەتلىك «بەشتە بىر قۇرۇلۇشى» ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى مۇكاپاتلاش؛ تۆتىنچىدىن، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىش، ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئالدى بىلەن كەسپىي يازغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش؛ بەشىنچىدىن، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاش، خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش، كەسپىي يازغۇچىلارغا تېخىمۇ كۆپ مەخسۇس كۆرسەتكۈچ ھەل قىلىپ بېرىش؛ ئالتىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ياخشى تۇتۇش؛ يەتتىنچىدىن، ياش يازغۇچىلارنى ۋە ئاھالىسى 100 مىڭدىن تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش، مۇشۇ يىلىنىڭ ئىچىدە ئاھالىسى 100 مىڭدىن تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنىنى ياخشى ئېچىش؛ تەشۋىقات بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە يىلىغا بىرقاراردىن ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇھاكىمە سىنىپى ياكى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياش يازغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ سەككىزىنچىدىن، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياكى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە تونۇتۇش ھەمدە پائال تەدبىر قوللىنىپ، تەرجىمە، نەشر قىلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش؛ توققۇزىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قۇرۇش نىشانىسىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇنى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مەركىزى، تەتقىقات مەركىزى، ئەسەرلەرنى يىغىپ ساقلاش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش؛ ئونىنچىدىن، كەسپىي يازغۇچىلارغا سىياسىي ئۆگىنىشتە، يەتكۈزۈلىدىغان ھۆججەتلەرنى ئاڭلاشتا باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار بىلەن بىردەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە تېخىمۇ ياخشى شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئۇندىن باشقا، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا ياخشى، ئازادە سىياسىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشكىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ خاراكتېرلىك چوڭ خاتالىققا ياتمىسىلا يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ يەڭگىللىك بىلەن تۇتقىغا كۆتۈرمەستىن، بەلكى تەنقىدىي ياردەم بېرىش، ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، ئادەمنى بىر كالتەك بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىيات پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى. ئەدەبىيات ساھەسىمۇ مۇشۇ چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى، مۇشۇ چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن

خىزمەت قىلىشى كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش شىنجاڭدىكى ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى، بولۇپمۇ كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق ھەر مىللەت يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يېتەكلەش، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يېتەكلەش، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يېتەكلەش كېرەك. بۇ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپە. بىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا خىزمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. بىز يەنە ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىتتىپاقلىق - ئالىيجاناب ئەخلاق. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىش، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماسلىق، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز ئىشلارنى قىلماسلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي تۈردە چىڭىتىش كېرەك.

نۆۋەتتە ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، بولۇپمۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارقا-ئارقىدىن ئاچقان بىرنەچچە قېتىملىق ئالاقىدار يىغىنلار ئارقىلىق ۋەزىيەتنى يەنىمۇ تونۇۋالدۇق، ۋەزىپىلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئۈمىد زور. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرنىيەت-بىرمەقسەتتە ئىش قىلىپ، چاڭسا يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى ئىجادىيەت پىلانى يىغىنىمىزنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرسىلا، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە چوقۇم يېڭى، خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

(بۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش چېن خۇڭبونىڭ ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي يازغۇچىلار ئىجادىيەت پىلان يىغىنىدا قىلغان سۆزى)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەمتىمىن يۈسۈپ

# فاشىزمغا قارشى جۇڭگو ئەدەبىياتى ھەم دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ شانلىق ئۆتۈقلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەسىرى

ئىنسانىيەت مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈردى، بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىزم ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىمەكتە. بۇ 50 يىل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى قىسقا بىر مۇساپە. بۇ ئۇرۇشنىڭ قارا تۆتەكلىرى پەيدا قىلغان چوڭقۇر يارا ئىزلىرى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا تېخى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك ساقلىنىپ تۇرماقتا.

1

دۇنيا خەلقى بۇ ئۇرۇشنىڭ بالايى - ئاپەتلىك يىللىرىدا ئۆز تەقدىرىنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل بىر دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مانا بۇ تارىخىي رېئاللىق ئۇرۇش ئوتى يامراپ كەتكەن مەملىكەتلەردە بەدىئىي ئەدەبىيات ئەينى زاماندا يۈرۈتقان ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۆپ ۋاقىتلارغىچە يۈرۈتۈپ كەلگەن ئاساسىي تېمابولۇپ قالدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى تېمىسى بويىچە يارىتىلغان دۇنياۋى ئەدەبىيات تېما، تېماتىكا دائىرىسى، مەزمۇن كۆلىمى ھەم چوڭقۇرلۇقى، ژانىرلار تەرەققىياتى، بەدىئىي، تەربىيىۋى رولى، ئۆزئارا تەسىرى، بەدىئىي مەھسۇلاتلىرى ۋە سەۋىيە دەرىجىسى بويىچە دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئاجايىپ شانلىق بىر سەھىپىسىنى ھاسىل قىلدى.

خەلقچىل، ئىنسانپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار ئەدىبلەر تارىختىن بۇيان ئىلغار ئىنسانىيەت بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، خەلقىگە، ۋەتىنىگە، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىزلەپ كەلگەن. تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىملارغا، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرگە، زۇلۇم - زورلۇققا قارشى چىققان. زوراۋان ۋە قارا كۈچلەرنى پاش قىلغان، ئۇلارغا زاۋاللىق تىلەپ، خەلققە ھېسداشلىق قىلغان. ياۋروپا ھەم ياپونىيىدە فاشىستىك ئىدىيىلەر ۋە فاشىستىك سىياسىي كۈچلەر پەيدا بولۇشى بىلەنلا دۇنيانىڭ ئىلغار يازغۇچىلىرى ئۇلارغا جىددىي دىققەت قىلغان، فاشىزمنىڭ ئىنتايىن زوراۋان ۋە ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل سىياسىي ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بالايى - ئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى، دۇنيانى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار دەرھال

ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق فاشىزمغا قارشى تۇرغان، دۇنيا خەلقىگە ئۇنىڭ ماھىيىتى بىلەن خەۋپىنى تونۇتۇشقا تىرىشقان. 1935 ـ 1937 ـ يىللىرى پارىژ ۋە لوندون قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن دۇنيا ئىلغار يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى يىغىنلىرى بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا ئىلغار يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ئەسەر يېزىشى ۋە فاشىزمغا قارشى پائالىيەتلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى يىللاردىلا باشلانغان. فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىلا بىخلىنىپ چىققاندى. دۇنيادىكى ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ بۇنداق سىياسىي سەگەكلىكىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، ئەلۋەتتە. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، روسىيىدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ياۋروپا ئەللىرىدە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشى، جاھانگىر مەملىكەتلەردىكى پرولېتارىياتنىڭ بىر قانچە قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى، مەسىلەن، 1918 ـ 1919 ـ يىللىرى فىنلاندىيە، ۋېنگرىيىدە ۋە گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى، 1920 ـ يىلى ئىتالىيىدە يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتلارنى، دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتى، 1919 ـ 1920 ـ يىللىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ سوۋېت روسىيىسىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان زور كۆلەملىك ئىش تاشلاشلىرى، 1918 ـ يىلى ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئاچ قالغان پۇقرالارنىڭ گۈرۈچ بۇلاش ھەرىكىتى، 1918 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە نويابىر ئىنقىلابى، 1919 ـ يىلى باشلانغان چاۋشيەننىڭ ياپون مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، ھىندىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، تۈركىيە كامال ئىنقىلابى، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى، ئېپوپىيىنىڭ ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى، ئىسپانىيىنىڭ فاشىزمغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فاشىزمغا قارشى ئاكتىپ تەشكىلاتچىلىق ۋە تەشۋىق-تەرغىباتچىلىق پائالىيەتلىرى قاتارلىق ھەرىكەتلەر دۇنيا يازغۇچىلىرىنى فاشىزمغا قارشى ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن قوراللاندۇردى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ماداراچىلىق پوزىتسىيىسى سەۋەبىدىن ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشىنى چەكلەپ قېلىش مۇمكىن بولمىدى، ئۇلار ياۋروپادىكى بەزى ئەللەرنى گېرمانىيىگە سېتىۋېتىش يولى بىلەن گېرمانىيىنى سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرماقچى بولدى. دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشنىڭ ھارپىسىدىلا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ يول قويۇشى، ھەتتا ھەمكارلىشىشى بىلەن گېرمانىيە 1938-يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋستىرىيىنى يۇتۇۋالدى، ئارقىدىنلا گىتلېر فاشىستلىرى پولشىدا تىنچ ئاھالىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلدى، پۈتۈن ئۇرۇش مەزگىلىدە پولشىدا ئۆلتۈرۈلگەن پولەكلەر 6 مىليوندىن ئاشتى، بۇ پۈتۈن ياۋروپادا گىتلېر فاشىستلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان يەھۇدىيلەرنىڭ ئومۇمىي سانىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بۇ باسقۇچىدا گېرمانىيە فاشىستلىرى دانىيە، نورۋېگىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە، ئارقىدىن فرانسىيىنىڭ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچىنى

غەربكە قارىتىپ، بىرىتانىيە ئۇرۇشىنى قوزغىدى. گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تەھدىتى بىلەن ۋېنگرىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فاشىستىك ئىتتىپاققا قاتناشتى، ئەمما يۇگوسلاۋىيىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، گېرمانىيىپەرەس ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇپ تاشلانغاچقا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى 1941 - يىلى 4 - ئايدا يۇگوسلاۋىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1941- يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى فاشىستلار گېرمانىيىسى 190 دىۋىزىيە ئەسكەر، 3700 دىن ئارتۇق تانكا، 5000 ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىگە كىردى.

فاشىستلار گېرمانىيىسى ئۆزىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مەملىكەتلەردە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتىنچە قولدىن كەتكەن زېمىنىدا فاشىستىك ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى غالجىرانە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى گېرمانىيىگە توشۇپ كەتتى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقىنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۇلارنى قۇل قىلدى. مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ خەلقلەرنى قىرغىن قىلدى، خورلىدى ھەمدە جازا لاگېرى، يىغۋېلىش ئورنى، كانلار ۋە ھەربىي زاۋۇتلاردا ئاپتومات ئاستىدا ئىشلەتتى، قېرىلار، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ تۈركۈملەپ ئېتىپ تاشلىنىشى بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى رېئاللىقىنىڭ مەزمۇنى بولدى. بۇ مەملىكەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ، شائىرلارنىڭ تەقدىرى، خۇددى ئەزەربەيجان شائىرى سەمەت ۋۇرغۇننىڭ «ۋەتەننىڭ قىسمىتى سېنىڭ قىسمىتىڭ!» دېگەن مىسراسىدا ئېيتىلغاندەك، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن باشقىچە بولمىدى. ئىشغالىيەت رايونىدىكى خەلقلەر يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، فاشىست ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغاندا، شائىر، يازغۇچىلارمۇ بۇ كۈرەشنىڭ ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق يازغۇچىلىرى ھەربىي سەپەرۋەرلىككە قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە باردى. قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلدى. ھەربىي مۇخبىر ۋە تەشۋىقاتچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرى فاشىزمغا قارشى ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولدى. فاشىزمغا قارشى قەيسەر جەڭچى، شائىر مۇسا جەلىل، چېخ يازغۇچىسى يۇلىئۇس فۇچىك قاتارلىقلار فاشىستلارنىڭ تۈرمىسىدە دەھشەتلىك تۈردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

كۆلەم، چوڭقۇرلۇق ۋە سەۋىيە يېقىدىن ئېيتقاندا، ئەينى دەۋردىكى سوۋېت يازغۇچىلىرى فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇلار فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا، ھەر خىل ژانىرلاردا ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى ۋە نەشىر قىلدۇردى. مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ئالېكسېي نىكولايېۋىچ تولستوي (1883 - 1945) 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان تىرىلوگىيىسى - «سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا»دىن كېيىن، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا «رۇس خاراكتېرى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ۋە «رىيازەتلىك يىللار»، «دەھشەتلىك ئىۋان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى.

ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ فادېيېۋ (1901 ـ 1956) ئىچكى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان «تاشقىن»، «تەتۈر ئېقىم» ناملىق پوۋېستلىرى ۋە «تارمار» ناملىق رومانىدىن كېيىن، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەربىي مۇخبىر سالاھىيىتى بىلەن ئالدىنقى سەپتە يۈرۈپ، «قامال قىلىنغان كۈنلەردىكى لېنىنگراد» ناملىق ئوچېركلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى ھەم 1943 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر رومانى ـ «ياش گۋاردىيە»نى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئەسىرى ئۇرۇشتىن كېيىن 1 ـ دەرىجىلىك ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1950 ـ يىلى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1952 ـ يىلى لېنىن تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رۇس يازغۇچىسى ئىليا ئېرېنبورگ (1891 ـ 1967) نىڭ «ساداقەت» ناملىق پوۋېستى، «پارىژنىڭ قولدىن كېتىشى» ۋە «بوران ـ چاپقۇن» ناملىق رومانلىرى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## 2

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولدى. 1929 ـ يىلى پارتلىغان دۇنيا ئىقتىسادىي بوھرانى ئاساسەن ئېكسپورتقا تايىنىپ جان باقىدىغان ياپونىيىگە قاتتىق زەربە بەرگەنىدى؛ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياپونىيىدە فاشىستىك كۈچلەر باش كۆتۈردى. بۇ ئۇرۇشخۇمار فاشىستىك كۈچلەر 1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە جۇڭگوغا قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلاپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋېلىپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاسىيادىكى مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى. 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياپون مىللىتارىستلىرى مەملىكەت ئىچىدە ھەربىي فاشىستىك دىكتاتۇرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇپ، جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىشنى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللەرگە قاراپ كېڭىيىشنى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى قوزغاشنى پىلانلىدى.

ياپونىيە فاشىستلىرى 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگوغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىدى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ بايرىقى ئاستىدا، ياپون فاشىستلىرىغا قارشى سەككىز يىل قانلىق جەڭ قىلدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇش دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا جۇڭگو يازغۇچىلىرى فاشىزمغا، ۋەتەن ساتقۇچلۇققا ۋە فېئودالىزمغا قارشى تېمىلاردا ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازدى. جۇڭگودا 20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي يازغۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققان، ئۇلار ھەر خىل يېڭى ئەدەبىيات ئۇيۇشمىلىرى، تەشكىلاتلىرى ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىگە ئۇيۇشۇپ، ئاخىرىدا سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان؛ ئورگان ژۇرنىلى چىقىرىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ھېكايە، رومانلىرىنى تەرجىمە قىلغان، بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى لۇشۈننىڭ (1888 ـ 1936) «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش»، «دوست دۆلەتلەر ئەجەبلەنمەكتە» قاتارلىق جەڭگىۋار فېليەتونلىرى، ماۋدۇن

(1896 - 1981) نىڭ «تۈن يانغاندا» ناملىق رومانى، باجىننىڭ «ئائىلە» ناملىق رومانى، لاۋشېنىڭ «شياڭزى تۆگە» ناملىق رومانى، شاۋجۈننىڭ «نى خۇنجى» ناملىق ئەسىرى، ساۋيۈنىڭ «گۈلدۈرماما»، «كۈن چىققاندا»، «دالا» قاتارلىق دراممىلىرى، تيەن خەن، شيايەنلەرنىڭ دراممىلىرى، جېڭ جېنچيۇنىڭ «قىيىنچىلىق ئىچىدىكى ئەر - خوتۇن» ناملىق كىنو ئەسىرى، سەي چۇشىڭنىڭ «بېلىقچىلار كېمىسىدىكى نۇر» ناملىق كىنو ئەسىرى قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، شائىر ئەي چىڭنىڭ «شىمال»، «ئادەم تېرىسى» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ۋە فاشىزمغا قارشى تېمىدىكى شېئىرلىرى، زاڭ كېجيانىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى، مەشھۇر يازغۇچى گومورونىڭ «تاڭدى گۈل»، «چۈي يۈەن» قاتارلىق تارىخىي دراممىلىرى، شيايەننىڭ «فاشىزم باكتېرىيىسى» ناملىق ئەسىرى، چېن بەيچېننىڭ «مەنسەپتە ئۆرلەش» ناملىق ئەسىرى، ئازاد رايونلار بويىچە ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى بولغان جاۋشۇلىنىڭ «شياۋئېرخېينىڭ تويى»، «لى يۈسەينىڭ قوشاقلىرى»، «لى جياجۇاڭنىڭ ئۆزگىرىشى» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلدى. جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەنئەتكارلىرىدىن تۆت چوڭ ئارتىسنىڭ بىرى بولغان مېي لەنفاڭ (1894 - 1961) ئىشپىيونلار، ۋەتەن خائىنلىرى قايتا - قايتا تەھدىت سېلىپ قىستىسىمۇ، پايدا - مەنپەئەتكە قىزىقتۇرسىمۇ، يۈكسەك مىللىي روھىنى ئىپادىلەپ، ياپونلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. تۇرمۇش غورىبەتچىلىكىدىن بېيجىڭدىكى قورۇسىنى سېتىۋېتىپ كۈن كەچۈردىكى، سەھنىگە چىقمىدى، پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن قايتىدىن سەھنىگە چىقتى. تۆت چوڭ ئارتىسنىڭ يەنە بىرى بولغان چېڭ يەنچيۇمۇ ياپونلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىپ، سەھنە ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ، تاغدا جاپالىق تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزدى، مۇزىكانت نيې ئېر، شەن شىنخەيلەر «پىدائىيلار مارشى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى، «پىدائىيلار مارشى» نىڭ «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار...» دېگەن غەزەپلىك، يالقۇنلۇق مىسرالىرى دۆلەت شېئىرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ياڭراپ كەلمەكتە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە 1942 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندە ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا ماۋزېدۇڭ مەشھۇر نۇتقى - «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى ئېلان قىلدى. بۇ نۇتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈردى. جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى تېمىدا ياراتقان ئەدەبىياتى بۇ تېمىدىكى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

1937 - يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئارقا سېپىگە ئايلاندى. بۇ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ۋە دېڭىز بويىدىكى پورتلارنى ياپونلار بېسىۋالغان، جۇڭگونىڭ خەلقئارا قاتناش ترانسپورتى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغ ئىدى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئېچىلىپ، ياپونغا قارشى ترانسپورت لىنىيىسى شەكىللەندى، بۇ لىنىيە ئۆتىدىغان ناھىيە، بازارلاردا ئايرودروم ۋە ئاپتوموبىل بېكەتلىرى قۇرۇلدى. 1937 - يىلى نويابىردا

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قۇمۇل ئايرودرومىغا كۆپلىگەن كۆرەشچى ئايروپىلان، يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، رازۋېتكا ئايروپىلانى ۋە ترانسپورت ئايروپىلانلىرى كەلتۈرۈلگەن. قۇمۇل ئاپتوموبىل بېكىتىگە قورال بېسىلغان ئاپتوموبىللاردىن كۈنىگە 50 ـ 60ى كېلىپ تۇرغان. كېيىنچە قۇمۇل ئايرودرومىدا ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلىدىغان بولغان، ئايروپىلانلارنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇپ كېلىنىپ، قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن. 1937- يىلى قىشتا قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا15 — U تىپلىق قوش قاناتلىق كۆرەشچى ئايروپىلاندىن نەچچە يۈزى قۇراشتۇرۇلغان. شۇ يىلى 2 - تۈركۈمدە قۇراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلارنى ئىچكىرىدىن ئۇچقۇچىلار كېلىپ، ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. خەلق قولىدا نېمىسى بولسا، شۇنى ئىئانە قىلغان، ياپون فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، ئالتۇن ۋە نورغۇن كىيىم -كېچەك ئەۋەتىپ بەرگەن. ھەتتا ئاياللار ئۆز قوللىرىدىكى بىلەيزۈك، ئۈزۈك، قۇلاقلىرىدىكى زىرىلىرىنى ئىئانە قىلغان. پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ياپونغا قارشى داغدۇغىلىق تەشۋىقات ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، فاشىزمغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندا مىڭلاپ شېئىرلار، قوشاقلار يېزىلغان، كونسېرتلار ئوينالغان. بۇ مەزگىلدە، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يەرلىك ئارمىيە -ھۆكۈمەت، سودا-سانائەتچىلەر ۋە كەڭ يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى زاماندىكى ۋەكىللىرىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىت ئارمىيە داموللا، نور بوساقوۋ، زۇنۇن قادىر، ئەھمەت زىيائى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىقلار فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ، فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتقا ئۆز ئۈلۈشىنى قاتتى. ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرى، فېلىيەتونلىرى ۋە «كۆرەش قىزى» ناملىق ئوپېراسى بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ خاراكتېرلىكتۇر.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى كەڭ بىر كۆلەم ھاسىل قىلدى. ئۇنى يارىتىشقا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى قاتناشتى، فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ۋە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش رېئاللىقى تېمىلىرىدا ئەسەر يېزىش 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا باشلىنىپ تاكى ھازىرغا قەدەر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. كۆپلىگەن يازغۇچىلار بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىنى بېغىشلىدى، فاشىزمغا قارشى ئەدەبىيات شانلىق ئۇتۇقلارنى قازاندى.

بۇ ئەدەبىيات مەزمۇنەن فاشىزمنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىشغالىيەتچىلىكنى ئەيىبلىدى، فاشىستلارنىڭ زوراۋانلىقىغا ۋە ھاكىممۇتلەقلىققە تايىنىپ، خەلقلەرنى ۋە مىللەتنى مەڭگۈ قۇل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى،

ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشقان مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارغا شانۇ شەۋكەت ئاتا قىلدى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ خائىنلىرىغا نەپرەت ياغدۇردى. خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاچچىق تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، زۇلمەتنىڭ چەكلىك، يورۇقلۇقنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى، زۇلۇم - زورلۇق ۋە بۇلاڭ - تالاڭنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەنلىكىنى، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەت، تىنچلىق ۋە ئورتاق تەرەققىيات يولىنىڭلا ئىنسانىيەتنى ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، ۋەيرانچىلىق، نامراتلىق، ئاچارچىلىق ۋە ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ئاپەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى، ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكىنىڭ يەنىلا پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات بەدىئىي جەھەتتە يۈكسەك سەۋىيە ياراتتى. پېرسوناژلار ئوبرازىنى جىددىي، مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلىي ۋە كەڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە يارىتىش، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن روھىي قىياپىتىنى ئالاھىدە ئەجىر قىلىپ سۈرەتلەش، ئۇلارنىڭ مول ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئالىيجاناب روھىنى غايىۋىلاشتۇرۇش ۋە تەبىئەتلەشتۈرۈش، قايناق، لىرىك ھېسسىيات بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، يۈكسەك ئىنقىلابىي روھ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەم قەھرىمانلىقنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىك بۇ ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى بولدى.

جەمئىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى توپ مەزمۇن قىلغان رېئالىزم بۇ ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەللەردە ئاساسىي، غول ئېقىمغا ئايلاندى، ئەسىر ئاتلىغان ئەدەبىيات گىگانتلىرى ئارقىلىق 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگە ئۆتكەن بۇ مېتودولوگىيە راۋاجلاندى ۋە كېڭەيدى. بۇ ئەدەبىيات دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ ئوچۇق بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇ ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئەقلىگە ۋە ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تولۇقلاپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنى قوزغىغانلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولغان ئاقىۋەت بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ ئۇرۇشتا جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى مونوپول كاپىتالىزم ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مۇستەملىكە، يەنى كاپىتال، خام ئەشيا ۋە بازار ئىزلىگەن بولسا، دۇنيا خەلقى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشتى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوكيانىيىدە باشلانغان ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن كېڭەيدى ھەم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئونلىغان، يۈزلىگەن مۇستەملىكىلەر مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئۆز زېمىنى ۋە ئۆز ھوقۇقىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ مەملىكەتلەردە مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئەدەبىياتى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەدەبىيات

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە قوزغالغان بولۇپ، فاشىزمغا قارشى ئەدەبىياتنىڭ زەنجىرسىمان تەسىرىنى ھاسىل قىلدى.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مول مېۋىلىرى ئەدەبىي تەرجىمە يولى بىلەن 40- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ئىچىگە كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرناللار ۋە باشقا مەتبۇئات تارماقلىرى ئۆزلىرى تېزلىك بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىققان قابىل ۋە بىلىملىك زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، بۇ ئەدەبىياتنى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەن. 1950 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن مەدەنىيەت كېلىشىمىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا ئاساسەن، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مەتبۇئات - نەشرىياتلار بۇ ئەدەبىياتنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ نەشر قىلىپ، شىنجاڭغا كىرگۈزدى، بۇ ئەھۋال 1950 - يىلدىن 1962 - يىلغا قەدەر توپتوغرا 12 يىل داۋاملاشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ، كونكرېتراق ئېيتقاندا، سوۋېت ھەر مىللەت خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ، ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىندى. فاشىزمغا قارشى بۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ۋە يېتەكلىشى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز فاشىزمغا قارشى بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن قوللىرىغا قەلەم ئالغان. بۇ بىر تارىخىي رېئاللىق، بىز بۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

(بېشى 115 - بەتتە)

ئاينىيدىكەن، قېنى كۆرمەمسىز؟ - چوغلۇق ئۇنىڭغا قاراپ ھەم كۈلەتتى، ھەم يىغلايتتى. زۇلپىيارنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

- بولدى قىلىڭ، زۇلپىيار، خۇددى مۇمامدەك چوچەك ئېيتقىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ياخشىسى، شۇ چوغلۇقنى تاپقىلى بارايلى! ماقۇلمۇ؟ - چوغلۇقنىڭ خۇش تەبەسسۇمدا ئېچىلغان گۈلنىڭ بەرگىدەك قىزارغان لەۋلىرىدىن تۈنجى بولۇپ شۇ سۆزلەر چىقتى. نىگارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ كۈلگىنىمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغىنىمۇ ئاجايىپ سۆيۈملۈك - تە!

- قېنى، ئەمىسە ماڭايلى! - زۇلپىيار ئاتنىڭ چولۋۇرىنى سىلكىپ قويۇپ، خۇددى تۇزۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەندەك چوغلۇقنىڭ مۇرىلىرىدىن ئاۋايلاپ تۇتتى. چوغلۇقمۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ زۇلپىيارغا يۆلەندى. ئات بىر خىل يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. چوغلۇقنىڭ شەپەق ئەكسىنى تاپقان ھال رەڭ يۈزلىرىدە راھەتلىنىش، خاتىرجەملىك جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار شۇ مىنۇتىشىدا شەپەق نۇرىغا تولغان تاغ باغرىنى بويلاپ، ئۇيۇق بىلەن زېمىن چېگرىسىدا ئېرىلىپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاقتەك قۇياشنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئادىل تۆنىياز

## شېئىرلار

### كېسەلخانا

كەلتۈردى ئاغرىپ قالغۇچىنى
ياش ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈچى
دوختۇرخانا توغرىلىق ئېلان.

كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە،
ھەممە ئادەم كېسەلدۇر كېسەل.
چاڭ توزان، شولا، نەي، لامپا
شۇنچە يېقىن قالغان كارىۋاتقا،
ئاستا، ئېغىر جىمجىتلىق ئارا.
قات - قات كېسەل،
خۇددى قات - قات كىيىم ئىچىدە
قىيپالىڭاچ تۇرغان ئايالدەك.
دوختۇرلاردىن تۇغقىنىڭ بولسا،
ئاغرىپ ياتساڭ ھەپتە-ھەپتىلەپ.
چۈشلىرىڭدە ئۆلسەن خىرە
ئەتىگەندىن تا كەچ كىرگىچە.
كىرىپ چىقار يېنىڭغا پات-پات
ئاق كەپتەردەك بىر توپ پەرىشتە.
ئۇيغۇر تىلىدا كارىۋات لەقەملىك
ئۇ ئىسسىق تاۋۇت.
قىستاپ كىرىپ ۋاقىت يېنىڭغا
ئۇزۇن-ئۇزۇن ياتار سوزۇلۇپ،
ياتار ھالسىز،
گەجدەك ئاقىرىپ.

قاناتلىرى ھايات بوۋاقنىڭ
چاقنىماقتا رۇجەكتىن
دادام ياتقان كېسەلخانىدا.

### شېئىرسىراش

كاللام قۇرۇق، قۇرۇق تۆت ئەتراپ،
چۈشىن بەك چولڭ، مەنىسىز كارىۋات،
بىر قول چىقار تاملاردىن پات-پات...

ئىشىك تۈۋىدە ئايال (جىمجىتلىق)
پايپىقىنى ئوڭشىغان بولۇپ
يوتىسىنى ئاچماقتا ئەتەي
ئۇزۇن بولدى بەك ئۇزۇن بولدى
يامانلاپتۇ ئىلھام پەرىسى،
يازالمىدىم بىر مىسرامۇ ھەي...

پاتقاق رەڭلىك سەھرا شائىرى،
كەمبەغەلدۇر دېھقاندىن بۇ دەم.
ياز يامغۇرى يېغىپ خامانغا،
باشاقلارنى قىلار تىنىماي نەم.

ئۇزۇن-ئۇزۇن سانايدۇ سائەت
يوپۇرماقنى، تامنى، قەدەمنى،
كوچىدىكى ھەر بىر ئادەمنى.

ئىسمىڭ نېمە؟ گۇگۇم. ئەي گۇگۇم،
كۆرۈندۇ باقسالڭ رۇجەكتىن
ئاي شەكىللىك ساقلىغان شائىر،
شائىر كەتسە تاش سەھەرلەردە
ئورنىغا كىم بولاركىن ھازىر،
شۇ يىگانە خۇدادىن باشقا؟!

شېئىرسىراپ كەتتىم شۇ قەدەر،
كەل شېئىرىم، كارىۋىتىمغا كەل.
ئالقىنىڭغا قويۇپ بېشىمنى
يېتىۋالاي جىمجىت بىر مەھەل.
كوچۇكىڭمەن، سىلاپ قوي ئاستا،
كىملىكىڭ خوپ ئاياندۇر ماڭا.

پاتقاق رەڭلىك سەھرا شائىرى،
ئاپرېلدىكى قۇياش ئاستىدا
يېشىل رەڭگە كىرىدۇ جەزمەن.

## كېچە ۋە باشقا بىر سۆكۈت

ئۇ بالا
تۈنىنىڭ يېشىل تۇخۇملىرىنى
ئۆگزىلەردىن كېتەر ئوغرىلاپ،
كېچە بولماس شۇنىڭدىن باشلاپ.

بىز ئىككى ئۇچى پۈتۈك نەي،
ئەي بالا چالساڭچۇ كېلىپ
نەي چالغۇچى مويسىپىت بالا.
بىز ئېگىز بىر قەلئە ئىچىدە
ئاتلاپ تۇردۇق ئات دەۋرىنى،
ئەي چەۋەنداز، سەن قايسى يولدا؟
گوي گويلايمەن ئۆيۈمدا مەن يوق.
ئۆيگە كىرسەم ئۆيۈمدە مەن يوق،
نەگە بارسام سەنلا ئەي خۇدا.
مەن ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ تۇرىمەن،
سەن سۆزلىمەيسەن جامائەت توپلاپ،
ئىنسانلارنىڭ نۇتقى شەكلىدە.
سەن مۆرىمەيسەن ئالا موزايدەك،
سەن كىشنىمەيسەن شاش ئارغىماقتەك،
سەن مىياۋلاپ قويمايسەن پەقەت.
مەن يەنىلا ئاڭلاپ تۇرىمەن،
بوغۇزۇڭدىن چىققان ئاۋازلار
ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا بولۇپ،
پايانى يوق يۇلتۇزلۇق تۈندە
تارقىلىدۇ جىمجىتلىقسىمان،
شۇ ۋەھىينى تىڭشايمەن ھامان
ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان.
كېچە،
دۇپ-دۇگىلەك سېمىز غازلارنىڭ
ئارىسىدا ئۇ بالا
كۆرۈنمەستىن ئوينار يەنىلا.

سەرسان بولغان ئادەم ئاتىدەك
سۆكۈت قىلدىم ئۇيغۇر تىلىدا.

## چۈشنىنى كۆزىتىش

قايغۇ سۇزۇك-سۇزۇك ياسالغان،
ئېسەدىيدۇ كۈمۈش رەڭلىك جام.
نېمىلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن،
قىيپاش ئۇچۇپ كېلىپ توساتتىن،
بىر چۈشنىنى مەيگە چىلانغان.

قېنى دەرەخ، سۆزلە، مەيپۇرۇش،
نەدىن كەلدى بۇنداق كىچىك قۇش؟

چېكى چۈشتە كىمىز بولماس لال،
ئىچ كىيىمى نېپىز بۇ ئايال
يۇيۇنغىلى چۈشسە كۆلچەككە.

يامغۇرلۇق كەچكى پويىزدا
نېمىلەرنى دەر ئۆز-ئۆزىگە،
ئۈچ تۈپ ئامۇت تۈۋىدە ياتقان

قانىتى ھۆل ئۇيغۇر پەرىشتە.
چىقتى سۇدىن نوھنىڭ كېمىسى①
يارىتىلدى ئالەم قايتىدىن
دۇم قىلىنغان قەدەھ رەڭگىدە.

- ھوي، كۈتكۈچى
ئېلىۋېتىڭ ماۋۇ چىۋىننى!

ئىبراھىم نىياز

## ھىجران غەزەللىرى

1

پېشانەمگە پۈتۈلگەنمۇ ۋىسالىڭغا يېتەلمەسلىك،
مېنى قىيناپ يۈرۈۋەرسەڭ، سېنىڭدىن يا كېچەلمەسلىك.
تىلەمسەن يا قىيامەتنى مېنىڭدەك بىر بىچارەڭگە،
ئۆزۈڭ خۇشمۇ نېسىپ بولسا، لېۋىڭدىن سۇ ئىچەلمەسلىك.
جاھان غەۋغالىرى كۆپكەن، بۇنى بەلكىم چۈشەنمەيسەن،
ساڭا شادلىق بېغىشلامدۇ مەھەللەڭدىن كېتەلمەسلىك.
ئېيت، دەيمەن بۇ باغرىمغا، كاۋاپتەك تولغىنىپ كۆيدى،
ئازاب بولدى بۇ كۆڭلۈمنى ساڭا ئىزھار ئېتەلمەسلىك.
ئەگەر ئاشىق بولۇپ باقساڭ بىلەتتىڭ دەردىنى ئۇنىڭ،
ئازاب ئىكەن كۆيۈپ تۇرۇپ جانانىنى سۆيەلمەسلىك.

2

بىلەمسەن، ئەي نىگار، كۆڭلۈم سېنىڭ سۆزلىرىڭگە زاردۇر،
سېنىڭ گۈلدەك جامالىڭغا مېنىڭ ئىنئاملىرىم باردۇر.
ماڭا تەئەللۇق سەن گۈلنى جاھان مەككارلىرى قىسسا،
يۈرەك باغرىم تولار قانغا، ماڭا ئاسمان-زېمىن تاردۇر.
يۈرەكىمنى يېرىپ بەرمەك سېنىڭ رايىڭغا باقمايدۇ،
ئەگەر شۇنى راۋا كۆرسەڭ تۇرۇپ بېرەي ئۇنى ياردۇر.
ئەگەر سازەندە بولساڭ سەن قولۇڭغا ئالچۇ زەخمەكنى،
نىدا تىڭشاپ باقار بولساڭ يۈرىكىم سەن ئۈچۈن تاردۇر.
ئازاب-ھەسرەت تولۇپ كەتتى ۋۇجۇدۇمغا ئوتۇڭ بىرلە،

① نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپاندىن قۇتۇلۇش رىۋايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇئان بىلسەڭ مېنىڭ كۆزۈم، سېنىڭ كۆزۈڭگە بەك زاردۇر.

3

كۆيۈپ قالدىم ساڭا ئەمدى ئۈمىدتە باققىنىم باققان،
ئاشۇ ئوتنى ۋۇجۇدۇڭغا مېنىڭمۇ ياققىنىم ياققان.
مېنى كۆيمەمدىكىن دېمەسەن، قېشىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتسەم،
مۇھەببەتتە ساڭا ھېكمەت بېتىنى ئاچقىنىم ئاچقان.
مېنى نېمە دېسەڭ مەيلى، سېنىڭ چوغدەك جامالىڭغا،
قۇياشتەك كۈن بويى يارقىن نۇرۇڭنى چاچقىنىم چاچقان.
قىيامەت بولسىمۇ مەيلى، سېنى كۆيدۈرمىسەم بولماس،
جىمى ئۇيغۇر قىزى ئىچىدە سېنىلا تاپقىنىم تاپقان.
ئىدى ئەسلى ۋۇجۇدۇمنىڭ مۇھەببەت بەتلىرى ئاپئاق،
ئۆزۈڭ باستىڭ مۆھۈر باشتا، مېنىڭمۇ باسقىنىم باسقان.

4

ئۆزۈڭگە مۇپتىلا بولغان مېنىڭدەك گۈلخۇمار بارمۇ،
سېنى ساقلاشقا ياد كۆزدىن مېنىڭدەك تىلتۇمار بارمۇ.
سېنىڭ كۆڭلۈڭنى شاد ئەيلەپ، مۇھەببەت كۆيگە قاتقان،
قېنى، ئۇشبۇ بىساتىڭدا مېنىڭدەك غەمگۇزار بارمۇ.
ئۆزۈڭ گويا كېپىنەكتەك بېغىمدا شوخ قانات قاقتىڭ،
ساڭا شۇنداق بەخت بەرگەن مېنىڭدەك لالىزار بارمۇ.

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

## قەلب ئىزنالىرى

### چۈچۈك ئەسلىمە

ئۇ يوللار ھېلىمۇ باردۇر ئېسىمدە،
مۆيمەكتە ئاھ، ئۇنى تاڭدىكى تۇمان.
پادىچى قاي ۋاقىتتا كېتىپ قالدىكىن،
ئۇ پەقەت بىر كۆيگە كۆيلەيتتى ھامان.

ئاھ، مېنىڭ قۇشلىرىم، رەڭدار قۇشلىرىم،
كەلمەمسەن كەلگىنە مۇڭداش مەن بىلەن.
قاقشايتتىڭ، زارلايتتىڭ مۇشپىق مۇئەللىم،
ئېيتىپ بەر نېمە ئۇ جىگدە ھىد دېگەن؟

مەن يەنە چېچەكلەر تېرىپ يۈرىمەن،
پەسىلدىن - پەسىلگە ھەممىسى باھار.
ئېھ، ئىشچان قوغۇنچى تېنىڭ ساقمىكىن،
مەسچىتكە ماڭدىڭمۇ ئاق ساقال دىندار؟

ياق ناۋاي ئەمەسسەن، چۆچەكسەن بوۋا،
ئۇزاقراق سۆزلىگىن بۈگۈن بىر قېتىم.
مەن سېنى بىلمەيمەن مېھرىبان موما،
قەبرەڭگە گۈل قويدۇم ئالا بوينىقىم.

سالام ئەي سۇپسۇزۇك شىشىدەك ئاسمان،
نە دەردە بار تۈن-تۈنلەپ تۆككەن يېشىڭدا؟
مەن ساڭا كۆپ ئوسما ئوغرىلاپ كەلدىم،
سۆيگۈنۈم سەن يەنە توققۇز يېشىڭدا.

### ئارزۇ پۇقراسى

قۇي دوستۇم، قەدەھنى لىقلىغىن، لىقلا،
بۈگۈنلا قانغۇدەك بولغۇم بار كېيىپ.
سىزمەسەن نەقەدەر بىمالال قەلبىم،
مۇڭ باسقان ھاللار ياتار جىلمىيىپ.

•

بىز ناخشا ئېيتايلى ئۈزۈندىن-ئۈزۈن،
ئاشقىلىق ياشىسۇن، ئۆلتۈرسۇن مېنى.
كىم كىرەر بۇ قىيا ئۇچۇق ئىشىكتىن ؟!
تومانلىق شەھەردە پارلار ئاي نۇرى.

قارىغىن، مەن قۇشقا ئايلىنىپ بولدۇم،
سۆيگەن شۇ كىشىڭگە سالىمىڭ يوقمۇ؟
ئۇ ساڭا گۈل تەرگەن باھار پەيتىدە،
مەرھەمەت ئەيلىدى سوغۇق قىشتىمۇ.

ئۇنتۇلۇش — ئادەمنىڭ تەتۈر قىسمىتى،
كەچمىشىم ئويمان-دۆڭ يوللاردا قالغان.
شۇڭلاشقا بۇ شەھەر يانۋاردەك سوغۇق،
شۇڭلاشقا سەھەردە نەمخۇشتۇر تۇمان.

قۇي دوستۇم، قەدەھنى لىقلىغىن، لىقلا،
چوغدۇرمىز ئىككىمىز يانبىغان گويا.
سۆزلىگىن تىڭشايمەن، تىڭشاشقا مەن بار،
قۇلاقلىق يارالغان ئەزەلدىن دۇنيا.

**مۇساجان يۇنۇس**

## غەزەللەر

1

جاننى ئالساڭمۇ نىگارىم دوستقا يات قىلما مېنى،
شۇم رەقىبلەرنىڭ كۆزىچە زادى مات قىلما مېنى.
ئوخشىساڭ گەر زەر ئۈزۈككە، كۆز بولاي ئالماس كەبى،
ۋە لېكىن تۆمۈرگە يۇققان ئەسكى دات قىلما مېنى.
خۇددى زۇمرەتكە مىسال ئەت دىل كۆكىمنىڭ سەتھىنى،
جادۇ-تىلسىمغا يولۇققان پىلسىرات قىلما مېنى.
مەن باراي شەپقەت-ۋاپا دەپ بۇيرىساڭ دوزاققىمۇ،
بىۋاپالىق جەننىتىدە كاتتا زات قىلما مېنى.
ئۆز ھاياتىنىڭ سۆيگۈسى قەلبىمگە ئاتا قىلسۇن ئىمان،
ئېتىقادىم، ئارمىنىمدىن ھۆر-ئازاد قىلما مېنى.
يول ئاچاي تاغلارنى چەيلەپ، چۆلنى زار-زار يىغلىتىپ،
تار-چىغىر يولدا مۆدۈرگەك سالپا ئات قىلما مېنى.
جۇش ئۇرۇپ ئاقسۇن تومۇردا نۇر، باھار، سۆيگۈ - مېھىر،
جۇتقا، زۇلمەتكە ھېرىسمەن كور ھىمات قىلما مېنى.

2

مېنى سۆيگەن ئىدىڭ دىلبەر ۋاپا-شەپقەتنى پەش ئەيلەپ،
قەسەم خامانىغا تاغدەك ئۇلۇغ سۆزلەرنى چەش ئەيلەپ.

بىھوشلانغان ئىدىم ئىشقى پىراقىڭدا سەبىيلەرچە،
يۈرەك باغرىم لاۋا بولغان ۋۇجۇد-جىسمىمنى مەش ئەيلەپ.
نىچۈنكى بىلمىدىم ئەمدى تومۇزدا قار يېغىپ قالدى،
ئەقىدەمنى كىيىپ ئالدىڭ پۈتۈنگىغا رەزگى كەش ئەيلەپ.
مېنىڭ خارلانغىنىم يالغان، (پەقەت كۆردۈم رەزىل بىر چۈش)
يامان يانغىنىغا سۆ سەپتىڭ قەسەم-ۋەدەڭنى لەش ئەيلەپ.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن جۇدا بولغانغا مىڭ شۈكرى،
بىراق يۈرمە ئۆزۈڭ ئاخىر دىلىڭنى ئەسكى-غەش ئەيلەپ.

3

يار سېنىڭ كۆلپەتلىرىڭگە مەن جەسۇر قاتىل بولاي،
جۆت بېشىڭغا سالسا سايە كۆن كەبى ھاسىل بولاي.
سەن تامان يامراپ، كۆۋەجەپ كەلسە دەھشەتلىك قىيان،
مەن سېنى ئاسراپ توپاندىن تاغسىمان پاسىل بولاي.
گەر سېنىڭدىن بولسا يارلىق مەن باراي دوزاخقىمۇ،
ئاتلىنىشتا پىلسىراتقا شىرسىمان دادىل بولاي.
سەن ماڭا سۇنساڭ سوغۇق سۆ مەن سۇناي شەربەت ساڭا،
سۆيگۈ بابىدا ھەقىقىي مەرد، سېخىي، ئادىل بولاي.
سەن قۇياشتەك مۆھتەرەم بول، پارلىسۇن چېھرىڭدە نۇر،
نۇر ئىمەر تۇپراق، گىياھدەك مەن ساڭا مايىل بولاي.
سەن ماڭا جان بول، ئۆزۈڭمۇ ھەم مېنى جان ئەت ئەبەد،
مەن سېنى سۆيگەنلىكىمگە شادلىنىپ قايىل بولاي.
يەر جاھان بولسا مېنىڭكى كەچ دېسەڭ بوپتۇ كېچەي،
ۋە لېكىن سەندىن كېچىشتە بەكمۇ چىڭ جاھىل بولاي.
سەن يىتىپ كەتسەڭ جاھاندىن بىتۇيۇق، بەرمەي خەۋەر
مەن قىيامەتلىك يېگانە ئەل كېزەر سائىل بولاي.
پانىي ئالەمدە نىگارىم يوق ئىمرۇر بىزگە قېنىش
باقىي ئالەمگە بېرىپمۇ ئاھ، ساڭا نائىل بولاي.

4

قانىمغانتىم مەن ساڭا ھېچ، بەكمۇ تېز قاندىڭ ئۆزۈڭ،
زادى تانمايتتىم سېنىڭدىن، ئالدىراپ تاندىڭ ئۆزۈڭ.
سېنىلا سۆيگەنلىكىمنى ئەلگە قىلغانتىم جاكار،
پاك، سەبىي سۆيگۈمنى خارلاپ، ئويلىماي چاندىڭ ئۆزۈڭ.
مەن ئەبەد ماڭغان يولۇمدىن يالتىيىپ، قايتماس ئىدىم،
يول يېرىملاشماي تۇرۇپلا ئارقىغا ياندىڭ ئۆزۈڭ،
مەن ۋاپادارلىڭ بولاي دەپ دائىما قىلدىم نىيەت،
چىن ئەقىدەمنى پېتىقلاپ بەكمۇ زوقلاندىڭ ئۆزۈڭ.
يىغلىسام كۆلدۈڭغۇ (مەيلى ئۆچمىسۇن كۆلكەڭ پەقەت)
نەق ئازابقا يىغلىدىم ھەق، قەرزگە شادلاندىڭ ئۆزۈڭ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت**

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

## بىر خىل سيۇژېت شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزچىللىقى ھەققىدە

### ــ «قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلى ھەققىدە ئىزلىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈشى ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ تورمۇشى يېزىلغان، بىر خىل ئەدەبىي شەكىل يارىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى بولغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە خېلى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە، روشەن ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدىكى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىدىن بىرى قىلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى پروزىچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھازىرقى زاماندىلا ئاندىن ئاساسلىق ھەم مۇھىم ئەدەبىي شەكىل بولۇپ قېتىلدى. 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە زونۇن قادىرى قاتارلىق بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ پروزىچىلىقتىن ئىبارەت بۇ بوش ساھەسىدە يول ئېچىش خاراكتېرلىك قەلەم تەۋرىتىپ، «ماغدۇر كەتكەندە» گە ئوخشاش ياخشى ھېكايىلارنى ئىجاد قىلىپ، بىزدە يېڭىچە ئەدەبىي شەكىل ھېسابلىنىدىغان ھېكايىچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاساس سالدى. پروزىچىلىقنىڭ ھېكايىچىلىقتىن ئىبارەت دەسلەپكى شەكلى ئەدەبىياتىمىزدا تېخى ئەمدىلا مەيدانغا كېلىۋاتقان مەزگىلدە پروزىچىلىق ساھەمىزدە يەنە پروزىچىلىقنىڭ نىسبەتەن يىرىك ھەم ئالاھىدە شەكلى بولغان رومانمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ رومان بىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمىز بولغان «قانلىق يەر» رومانىدۇر.

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ كاتتا بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدىغان «قانلىق يەر» رومانى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىياتىمىزدا رېئاللىقتا بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىنغان رومان بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى ھەمدە ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان رومانچىلىق تارىخىمىزنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى. شۇڭا بۇ رومان ئەدەبىيات خەزىنىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئارقىلىق بىز ئاز بولمىغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز.

«قانلىق يەر» رومانى ئۇيغۇرلارنىڭ 40 ـ يىللاردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىقتىدارلىق زىيالىيلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەتئىمىن توختايوپ تەرىپىدىن 1945 ـ، 1946 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە يېزىلغان.

لېكىن بۇ رومان ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بىلەن ئەينى يىللاردا يۈز كۆرۈشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن رومان خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئىتى» دېگەن خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 1951 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. گەرچە بۇ رومان كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بولمىغاچقا، خەلقىمىز بۇ روماندىن خەۋەرسىز يۈردى، ئۇ ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنمىغانىدى. پەقەت 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشىۋالىرى بۇ رومانىنى ئىزدىدى، ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن بۇ رومان 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن دىدارلاشتى ھەمدە شۇندىن تارتىپ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ھەقىقىي ئورنىنى تاپتى.

نېمىلا دېگەن بىلەن ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدىكى «قانلىق يەر» رومانى بىر پارچە تەرجىمە رومان — ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، يەنە خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان رومان. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەدەبىي تەرجىمە ئادەتتە «يېرىم ئىجادىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتاشنىڭ مەلۇم سەۋەبلىرى بار: تەرجىمە ئەسەر ئەسلى ئەسەردىن خېلى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تىل، ئەسەر كەيپىياتى، ئاپتور تەۋە مىللەتكىلا خاس بولغان ئامىللار قاتارلىقلارنى تەرجىمىدىمۇ ئەينەن چىقىرىش تەس، بەزىدە تەرجىمان ئەسەرنىڭ مەنىسىنىلا تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى ئەسەرنى تەرجىمىدە مەنىسىنى يوقاتمىغان ھالدا «بۇزىدۇ». تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا «قانلىق يەر» رومانىغىمۇ بەزى تەرجىمە تەركىبلىرى قېتىلىپ قالغان. گەرچە رومانىنى خەنزۇچىغا ئاپتورنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، تەرجىمىدە قېتىلغان بولۇشىمۇ، مۇھەررىر قاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلىدىغان: «... ئولانئۇسۇ دەرياسى بەئەينى سوزۇلۇپ ياتقان ھادىس يوغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ»، «... بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكى باھار پەسلىدىكى جياڭنەننىڭ گۈزەللىكىدىنمۇ چەندان گۈزەل ئىدى»، «... بۇ، جەرقايىسى مەسچىت مەزىنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى نامازشام ئوقۇشقا چاقىرغان ئەزىنى ئىدى. مۇئمىن مۇسۇلمانلار مەيلى قەيەردە بولسۇن - ئۆيىدە، يولدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان قىلىۋاتقان گەپ - سۆز، ئىش - پىشىنى توختىتىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى...» دېگەندەك تەسۋىر، بايانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تەرەپلەر بىزنىڭ رومان ھەققىدە تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن تەرجىمىمۇ ئەسلى شەكلىنى ئۇنچە ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدىغان ئەسەر ئامىلى — سيۇژېت ھەققىدە، قانلىق يەر رومانىنىڭ سيۇژېتى ھەققىدە كىتابخانلار بىلەن قىسقىچە ئورتاقلىشىمىز.

«قانلىق يەر» — مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان، قىز - يىگىتنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان تراگېدىيىلىك ئەسەر. ئۇنىڭدا يېڭى مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى سادىقنىڭ شۇ يۇرتتىكى گۈزەل قىز رەناخاننى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى، رەناخاننىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى، لېكىن رەناخاننىڭ دادىسى قايىتئاخۇننىڭ سادىقنى نامرات كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ توي قىلىپ ۋىسال تېپىشىغا يول قويماي، قىزىنى شۇ يۇرتتىكى يەنە بىر باينىڭ ئوغلى قادىرغا بەرمەكچى بولغانلىقى، رەناخاننىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولماي، توي كۈنى ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ سادىقنى تاپقانلىقى، قادىرنىڭ سادىققا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنلىكى، سادىقسىز ياشاپ بولالمىغان رەناخاننىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ... دىن

ئىبارەت ۋەقەلىك ئاساسىي سيۇژېت قىلىنغان. بىزنىڭچە، بۇ سيۇژېت ئادەتتىكى سيۇژېت ئەمەس، شۇنداقلا مۇشۇ رومانغىلا تالىق بولغان سيۇژېتمۇ ئەمەس. مۇبادا بىز ئۇنى بىر خىل سيۇژېت شەكلى دەپ قارىساق، بۇ خىل سيۇژېت شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاساسى چوڭقۇر، تارىخى ئۇزۇن، شۇنداقلا قوللىنىلىشىمۇ نىسبەتەن كەڭ ھەم ئۇنۇملۇك بولۇپ، بۇ روماندا يەنە بىر قېتىم قوللىنىلىپ، بۇ خىل سيۇژېت شەكلىنىڭ قوللىنىلىشىنى بىر خىل ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان ھەمدە ئەسلى داستانچىلىق ئۈچۈن مۇھىم بولغان سيۇژېت شەكلىنى پروزىچىلىق ساھەسىگىمۇ ئېلىپ كىرىپ، سيۇژېت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ھەمدە «قانلىق يەر» رومانىنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخانغا مەلۇمكى، رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «پەرھاد ـ شېرىن»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق يىرىك داستانلارنىڭ سيۇژېت شەكلى بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە، شۇنداقلا ئۇ ئاساسەن بىر دەۋردە يېزىلغان «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ سيۇژېت شەكلى بىلەنمۇ خېلى روشەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇنداق ئوخشاشلىق ھەرگىزمۇ تەقلىد قىلىش ياكى تەسىرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىللىقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، مۇھەببەت تراگېدىيىسى يېزىلغان بىر مۇنچە يىرىك ئەسەرلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان ھەم شۇ ئەسەرلەردە قوللىنىلغان بىر خىل سيۇژېت شەكلى بار. شۇڭا بىز بۇ يەردە مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان سيۇژېتلارنى «سيۇژېت شەكلى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىدۇق.

ئەدەبىيات تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، «قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېتىغا ئوخشاش يىگىت بىلەن قىز بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدىغان، لېكىن قىزنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قارشى تۇرىدىغان، قىز مەجبۇرلانغان لايىق بىلەن توي قىلىشقا رازى بولمايدىغان، بۇنىڭ بىلەن يىگىت زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ياكى ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان، كەينىدىن قىزمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ياكى ۋەقەلىكنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سيۇژېت شەكىللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. نىسبەتەن بالدۇر مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىلىدىغان «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ سيۇژېتى دەل مانا مۇشۇنداق سيۇژېت شەكلىدە، خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان باشقا بىر مۇنچە داستانلارمۇ مۇشۇنداق سيۇژېت شەكلىدە يېزىلغان. قارىغاندا بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى ھەققىدىكى يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ياكى ئاساسلىق بولغان بىر خىل سيۇژېت شەكلى بولسا كېرەك. شۇڭا ئەلشىر ناۋائى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازغاندا، باشقا شەرق شائىرلىرىنىڭ داستانىدىن پەرقلەندۈرۈپ، داستانىنىڭ سيۇژېتىنى ئاشۇ سيۇژېت شەكلىگە يېقىنلاشتۇرغان. بۇ ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. ئەلشىر ناۋائىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىمۇ ئاساسەن مۇشۇنداق شەكىلدىكى سيۇژېت مەۋجۇت. ئەلشىر ناۋائى مۇشۇ خىل سيۇژېت شەكلىنى ئۆزىنىڭ داڭلىق داستانلىرىدا قوللىنىش ئارقىلىق بۇ خىل سيۇژېت شەكلىنى ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە قىلدى. بىز بۇنى ئەلشىر ناۋائى ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى دېمەي تۇرالمايمىز. ئەمدى بىز «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكىنى سيۇژېت شەكلىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنداق تىزىپ كۆرۈپ باقايلى:

(1) پەرھاد شېرىننى جاھاننەما ئەينىكىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋىسالىغا

يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

(2) شېرىنمۇ پەرھادنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ ھەم ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

(3) پەرھاد بىلەن شېرىن توي قىلماقچى بولۇشىدۇ.

(4) ياۋۇز ھەم كۈچلۈك پادىشاھ خىسراۋ شېرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ.

(5) شېرىننىڭ ھىماتچىسى مېھربانۇ خىسراۋ بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، شېرىننى خىسراۋغا بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

(6) پەرھاد خىسراۋ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ، خىسراۋ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، خىسراۋنى مات قىلىدۇ ھەم شېرىننىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك مۇھەببىتىنى قوزغايدۇ.

(7) خىسراۋ رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، زورلۇق ئىشلىتىپ شېرىننى ئالماقچى بولىدۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، شېرىن بارلىقىنى پەرھادقا بېغىشلايدۇ.

(8) خىسراۋ جادۇگەر موماينى ئىشقا سېلىپ، پەرھادنى ھالاك قىلىدۇ.

(9) پەرھادنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىمىغان شېرىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

(10) كىشىلەر پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ جەسىتىنى بىر يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ پۈتۈن داستاننىڭ ھەممە سۇژىتى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇ سيۇژىتنىڭ ئاساسلىق ۋە زۆرۈر مەزمۇنلىرى. شۇڭا بىز ئادەتتە ئەلشىر ناۋائىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى دېگەندە ئاساسەن مۇشۇ سيۇژىتنى ـ ۋەقەلىكنى تىلغا ئالىمىز، پېرسوناژلارنىڭ ئوخشۇشسىز سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تراگېدىيىلىك تەقدىرىگە دىققەت قىلىمىز.

كېيىنكى دەۋرلەردىكى شائىرلىرىمىز ئىچىدە ئەلشىر ناۋائى ئىجادىيىتىدىن تەسىر ئالمىغان بىرمۇ شائىر يوق دېسەك، بۇ سۆزىمىز مۇبالىغە ھېسابلانماس. ئەلشىر ناۋائى ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرىگە ھەممىدىن بەك ئۇچرىغان، ئەلشىر ناۋائىنى ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلىگەن شائىر دەپ بىز ئابدۇرېھىم نىزارىنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ئەلشىر ناۋائىدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا «خەمسە» يازغان (تۈزگەن)، مۇھەببەت داستانلىرى يېزىشتا داڭق چىقىرىپ، چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بولدى. ئۇ «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرىنى ئەلشىر ناۋائى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ داستانلىرىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققانىدى. گەرچە ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ بۇ داستاننى يېزىشتا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلشىر ناۋائى داستانىغا تەقلىد قىلغانلىقىنى ئۆزى ئېيتقان. ئۇندىن باشقا بىز ئابدۇرېھىم نىزارى داستانىدا: «كى مۇندا بۇ سۆزنى قىلىپ ئىختىسار، ھەممە سۆز ناۋائى كالامىدا بار»، «كى خەمسە، كالامىدا باردۇر تەۋىل، قىلىپ شەمەئى سۆزنى مۇندا نەقىل» دېگەندەك مىسرالارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. شۇڭا ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭمۇ سيۇژىت شەكلى ئەلشىر ناۋائى يازغان «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ سيۇژىت شەكلىدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇبادا ئابدۇرېھىم نىزارى مۇھەببەت داستانلىرىنى يېزىشتا يېڭى سيۇژىت شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزلەنگەن بولسا، بۇ سيۇژىت سۆزسىزكى، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ سيۇژىتى بولغان بولاتتى. چۈنكى «رابىيە ـ سەئىدىن» ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تېخىمۇ بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەقىقىي ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان رېئالىستىك ئەسەر. تاكى نىزارىغىچە بىزدە ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پايدىلىنىپ مۇھەببەت داستانى يازغان شائىرلار

ئاز ئىدى ھەم ئابدۇرېھىم نىزارىدەك بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ كلاسسىك داستانلارنى قايتىدىن يېزىپ چىقىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، رېئال تۇرمۇشتا مۇراجىئەت قىلىپ، ھەقىقىي بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئاساسىدا بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان، شۇنداقلا كلاسسىك داستانلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان مۇشۇنداق بىر مۇھەببەت داستانىنى يېزىپ چىققانلىقى ھەقىقەتەن ناھايىتى قىممەتلىك. بۇ ئۇيغۇر يازما داستانچىلىقىدا رېئال ۋەقە ئاساسىدا داستان يېزىشتەك بىر چوڭ ئىزدىنىشنى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. تېخىمۇ قىممەتلىكلىكى ئۇ، بۇ ئىزدىنىشى بىلەن كېيىنكى داستانچىلىق ئۈچۈن يېڭى بىر يول ئېچىپ بەردى. ئابدۇرېھىم نىزارى ھەقىقەتەن يېڭىلىق ياراتتى. لېكىن ئۇ ياراتقان يېڭىلىق پەقەت ھەقىقىي ۋەقەنى داستان قىلىپ يېزىش، ئەدەبىياتتا رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولدى، ئىجادىيەت جەھەتتىكى خاسلىقى ۋە ماھارىتىنى مۇسابىقا ئالمىغاندا، ئۇ بۇ كاتتا داستانىنى يەنىلا «پەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭكىگە ئوخشاش سيۇژېت بىلەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزدا مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنى يېزىشتا ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئاشۇ خىل سيۇژېت شەكلى بىلەن يېزىپ چىقتى. ئەمدى بىز «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ سيۇژېت شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

(1) سەئىدىن ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق باينىڭ قىزى رابىيەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

(2) رابىيەمۇ سەئىدىننى ئۇنىڭ نامراتلىقىغا قارىماي ياخشى كۆرىدۇ.

(3) سەئىدىننىڭ توي قىلىش تەلىپىنى ئېلىپ ئەلچىلەر رابىيەنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ.

(4) رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپ سەئىدىنلەرنى نامرات كۆرۈپ، قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

(5) يۇرت بايلىرىدىن بىرى بولغان ئىبراھىم رابىيەنى ئوغلى جابىرغا ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ.

(6) ياقۇپ بايلىقنى دەپ بۇ تويغا خۇشامەتچىلىك بىلەن ماقۇل بولىدۇ، لېكىن رابىيە بۇنىڭغا قەتئىي ئۇنىمايدۇ.

(7) رابىيەنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن سەئىدىن يۇرتنى تاشلاپ ئاشىق بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

(8) سەئىدىن مۇھەببەت سەرسانلىقىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(9) بارلىقىنى سەئىدىنگە بېغىشلىۋەتكەن رابىيە جابىر بىلەن توي قىلىشتىن قېچىپ ھەم سەئىدىننىڭ ئۆلۈمىگە چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ.

(10) كىشىلەر ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى بىر يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

مانا بۇ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ ئاساسىي سيۇژېتى. بۇ سيۇژېت بىلەن «پەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭ سيۇژېتىنىڭ شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئوخشاشلىق ئومۇمىي جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا «پەرھاد- شېرىن» داستانىدىن پەرقلىنىدىغان بەزى سيۇژېت تەركىبلىرىمۇ بار. مەسىلەن، توي قىلىش تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن سەئىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىدۇ، رابىيەنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلمايدۇ، سەرسانلىق بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، ئۇ پەرھادقا ئوخشاش دۈشمىنىنىڭ قولىدا

ئۆلمەيدۇ. لېكىن بۇ قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەر پۈتۈن داستاننىڭ سيۇژېت شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. قىسقىسى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بۇ داستانىنىمۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنى يېزىشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاشۇ خىل سيۇژېت شەكلىدە يېزىپ چىققانلىقى بىزنىڭ «ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىللىققا ئىگە بىر خىل سيۇژېت شەكلى مەۋجۇت» دېگەن قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلىنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانلىرىنىڭ سيۇژېت شەكلىگە شۇنچىلىك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بىز ئالاھىدە دىققەت قىلغان مەسىلە بولدى. بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا شېئىرىيەتتۇ سۆزسىزكى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ كۆپ جەھەتلەردىكى تەسىرى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى بولدى. ئەمدى پروزىچىلىققا كەلسەك، بىز ئۇنى ھازىرغىچە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى بولدى، ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن تارىخىي ياكى تەسىر مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك دەپ قارىغان ئىدۇق؛ قارىغاندا بىز پەقەت كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىلەرنىلا ئېتىبارغا ئېلىپ شۇنداق قارىغان ئوخشايمىز. «قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىز بىزگە ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىمىزنىڭمۇ مەلۇم جەھەتلەردە، جۈملىدىن سيۇژېت شەكلى قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەردە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن بىر خىل ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بىز تۆۋەندە ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتىمىز بولغان «قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

(1) سادىق رەناخاننى بىر كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ.

(2) رەناخانمۇ سادىقنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ.

(3) يۇرت بايلىرىدىن بولغان سالىھنىڭ ئوغلى رەناخاننى دەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ.

(4) رەناخان بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ سادىقمۇ ئەلچى ئەۋەتىدۇ.

(5) رەناخاننىڭ دادىسى قايىتباي سادىقنى نامرات كۆرۈپ، قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

(6) قايىتباي تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىزىنى قادىرغا بەرمەكچى بولىدۇ، لېكىن رەناخان بۇنىڭغا زادى ئۇنىمايدۇ.

(7) قايىتباي قىزىنىڭ تويىنى مەجبۇرىي قىلىدۇ، رەناخان توي كۈنى ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ سادىقنى تاپىدۇ. ئىككىسى ئەر ـ خوتۇن بولىدۇ.

(8) قادىر سادىققا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنى تۈرمىگە تاشلاتقۇزىدۇ. سادىق ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(9) رەناخان سادىقنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. لېكىن سادىق بىلەن دىدارلىشالماي ئۈمىدسىزلىنىپ، نائىلاج قەشقەرگە قايتىدۇ. سادىقنىڭ دەردىدە كېسەل بولۇپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن رەناخان سەپەردە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(10) سادىقنىڭ جەسىتى يىراقتا، رەناخاننىڭ جەسىتى يول بويىدا قالىدۇ.

مانا بۇ «قانلىق يەر» رومانىنىڭ سيۇژېت شەكلى. مۇبادا بىز بۇ سيۇژېتنى «پەرھاد ـ شىرىن»،

«رابىيە - سەئىدىن» داستانلىرىنىڭ سيۇژىتىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنداق ئوخشاشلىق بىزگە ئەدەبىياتىمىزدا مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنى يىرىك ئەسەر قىلىپ چىقىشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئىزچىللىققا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ماھىيەتلىك بولغان بىر خىل سيۇژىت شەكلى بارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىز ئەگەر «پەرھاد - شېرىن»، «رابىيە - سەئىدىن»، «قانلىق يەر» قاتارلىق بۇ ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ سيۇژىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىخچاملاپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تۆپكى ئورتاقلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

(1) يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، توي قىلماقچى بولۇشىدۇ.

(2) قىزنىڭ دادىسى (ھامىيسى) يىگىتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تۆۋەن، بايلىقىنى ئاز كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

(3) ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى، بايلىقى كۆپ، لېكىن پەزىلىتى ناچار بىر ئەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىزنى يولسىزلىق ياكى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ.

(4) قىز بۇ ئەرگە ئايال بولۇشنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت بىلەن ئەر مۇھەببەت يولىدىكى ئەشەددىي رەقىب - دۈشمەنلەرگە ئايلىنىدۇ.

(5) قىزنىڭ دادىسى (ھامىيسى) قىزىنى ئەر بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. قىز بىر ئاماللار بىلەن ئۆزىنى بۇ تويدىن قاچۇرىدۇ.

(6) يىگىت ھېلىقى ئەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ياكى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

(7) يىگىت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ۋاپادار قىز يىگىتكە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

مانا بۇ، بىز دەۋاتقان سيۇژىت شەكلى. پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزدىكى مەلۇم دائىرىدە، جۈملىدىن مۇھەببەت تراگېدىيىسى يېزىلغان يىرىك ئەسەرلەردە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىر خىل سيۇژىت شەكلى. بىز ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا بۇ خىل سيۇژىت شەكلىنى تېپىپ چىقتۇق. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇ ئۈچ پارچە ئەسەرگىلا تالىق سيۇژىت شەكلى ئەمەس.

پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل ماھىيەتلىك ئىزچىللىق بارلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىز بۇ يەردە يەنە بۇ ئۈچ پارچە ئەسەردىكى سيۇژىت بىلەن گىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پېرسوناژلارنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ باقايلى: «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا پەرھاد - ئاشىق، شېرىن - مەشۇق، مېھرىبانۇ - شېرىننىڭ ھەماچىسى، ئانىسى، خىسراۋ - كۈندەش، بەھرام - پەرھادنىڭ دوستى. «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا سەئىدىن - ئاشىق، رابىيە - مەشۇق، ياقۇپ - رابىيەنىڭ دادىسى، جابىر - كۈندەش. ئانا - رابىيەنىڭ ئانىسى. «قانلىق يەر» رومانىدا سادىق — ئاشىق، رەناخان - مەشۇق، قايىتباي - رەناخاننىڭ دادىسى، قادىر - كۈندەش، رۇسۇل - دوستى، ئايخان - رەناخاننىڭ ئانىسى.

بۇ ئەسەرلەردە يەنە ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ، ھەتتا ئۇلارنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرلىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئەسەر سيۇژىتىدا ئوينايدىغان رولىلىرىمۇ ئوخشاش؛

ئاشىق ـ مەشۇقنى كۆرۈپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ۋىسال ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ.
مەشۇق ـ ئاشىقنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ، ھەرقانداق زورلۇققا باش ئەگمەيدۇ.
دادا (ھامىي) ـ ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يول قويمايدۇ، كۈندەشكە يان باسىدۇ.
كۈندەش ـ مەشۇقنى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ، ئاشىققا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.
ئانا ـــ قىزىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، لېكىن چوڭ ياردەملەرنى بېرەلمەيدۇ.
مېھرىبان دوست ـ ئاشىقنىڭ ياردەمچىسى، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

دېمەك، پېرسوناژلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئورتاقلىقى تەبىئىي رەۋىشتە سيۇژېت ئورتاقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئوخشىمىغان يازغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەسەرلىرىدە سيۇژېتنىڭ بۇنداق ئوخشاشلىقىغا ئىگە بولۇشى تەقلىدچىلىكنىڭ مەھسۇلىمۇ ياكى تەسىرنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ بۇنداق ئوخشاشلىق بىزنىڭچە ھەرگىزمۇ تەقلىدچىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ھەر ئۈچ ئەسەرنىڭ ئىجادچىلىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە شائىر ـ يازغۇچىلار، بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ تەقلىدچىلىكنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق. بىز ئەلۋەتتە يازغۇچىلار ئارىسىدىكى تەسىرنى چەتكە قاقمايمىز. ئەگەر بىز ناۋائىي بىلەن نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئالغان ئاساستا، «پەرھاد ـ شېرىن» بىلەن «رابىيە ـ سەئىدىن» نىڭ ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندۇقمۇ دەيلى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن «قانلىق يەر» نىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز، بۇلاردىن باشقا يەنە خەلق ئارىسىدىكى «تاھىر ـ زۆھرە» داستانلىرىنىڭ سيۇژېت شەكلىنىڭ، «غېرىب ـ سەنەم» داستانىنىڭ بىر بۆلۈك سيۇژېتىنىڭ مۇشۇ سيۇژېت شەكلى بىلەن شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭچە تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە، رېئاللىقتىكى مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىدە ئەسلى مۇشۇنداق ۋەقە شەكلى بار. شۇڭا ئەلىشىر ناۋائىي «پەرھاد ـ شېرىن» نى ئاشۇ خىل شەكىلگە يېقىنلاشتۇرۇپ يازغان. خەلقىمىزمۇ «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنى مۇشۇ خىل سيۇژېت شەكلىدە ئىجاد قىلىپ چىققان. رېئاللىقتا بولغان «رابىيە ـ سەئىدىن» ۋەقەسىمۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاشۇ خىل سيۇژېت شەكلىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ۋەقەلىككە قىزىقىپ، ئۇنى داستان قىلىپ يېزىپ چىققان، مۇشۇ ماھىيەتلىك تەرىپىنى دېمىسە، شۇ دەۋر رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن باشقىچە مۇھەببەت تراگېدىيىسى ۋەقەلىرى يوق بولغىيمىدى!؟ مۇھەممەتئىمىن توختايېۋمۇ شۇنداق: سادىق بىلەن رەناخاننىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى مەيلى رېئال ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان بولسۇن، مەيلى توقۇلما قىلىنغان بولسۇن، ئاشۇ خىل سيۇژېت شەكلىدە يېزىپ چىقىلغان. ئىشقىلىپ، ئاشۇ بىرقانچە مەشھۇر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئەنە شۇنداق بىر خىل سيۇژېت شەكلى بولغان، بۇ شەكىل ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئەدەبىياتىمىزنى بىر خىل ماھىيەتلىك باغلىنىشقا، ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان. بولۇپمۇ مۇنداق ناھايىتى چوڭ ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئورتاقلىقنىڭ «قانلىق يەر» رومانىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى سۆزسىزكى، بىزنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسى ھەققىدىكى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# قايغۇلۇق خەۋەر



تونۇلغان يازغۇچى، شائىر ئابلىمىت ھاجى جەسۇر 1995 - يىلى 16 - ئاۋغۇست 58 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابلىمىت ھاجى جەسۇر 1937 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوكئىبرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1946 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە ئوكئىبرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1951 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان ۋە شۇ مەكتەپتە 1981 - يىلغا قەدەر ئوقۇتقۇچى بولغان. 1981 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، 1994 - يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئابلىمىت ھاجى جەسۇر ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ئىجتىمائىي پەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىدى.

ئابلىمىت ھاجى جەسۇر نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان 14 يىل ئىچىدە «چاھار دەرۋىش»، «ھاتەم ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق 45 خىل كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مەشھۇر يىرىك ئەسەر - «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» قاتارلىق 259 كىتابنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىنى ئىشلىگەن. ئۇ، جاپالىق ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلققە نۇرغۇنلىغان مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ «چېلىش تەنتەنىسى»، «خەت - چەكلەر ساۋاتى»، «تۇتىيا»، «ئاتا ئىزىدىن»، «قەمبەرنىسا»، «چىن مۇھەببەت ئۈچۈن» قاتارلىق ئالتە كىتابى نەشر قىلىنغان. «تۇتىيا»، «يۇلتۇزلارنىڭ بىرى» قاتارلىق بەش ئەسىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە مۇكاپاتلانغان؛ ئۇ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچى، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان.



## «تارىم» ۋە ئاپتور




«تارىم» ھەققىدە پاراڭ



«تارىم» باغچىسىدىكى
پېشقەدەم ۋە ياش ئەدىبلەر



قېرىنداش ژۇرناللار «تارىم»
بىلەن ھەمنەپەس






《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部

出　版：新疆人民出版社

印　刷：《新疆日报》社印刷厂

发　行：乌鲁木齐市邮局

国外发行：中国国际图书贸易总公司

订阅零售：各地邮局所

1995 - يىل 11- سان (417 - سان)، 45 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا

بېسىلدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号： ISSN 1002 — 9044 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内同一刊号： CN 65 — 1010／I مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国外代号：M 4461 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M4461

邮发代号：58－66 定价：2.40元 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى: 830000



广告许可证：新工商广字01005419号